1

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

# چاقچاقچىلار پاتشاسى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 978-7-5371-5971-5
9 787537 159715 >
باھاسى: 20.00 يۈەن

1

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

# چاقچاقچىلار چايخانىسى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلار ئېلېكتىرونلاشتۇرۇش ئادرېسى

责任编辑：阿不里克木·艾山
热米拉·阿布拉
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿力甫·夏

开心茶社(1)（维吾尔文）
阿布都肉苏里·斯依提　　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　10.375 印张
2008 年 9 月第 1 版　2008 年 9 月第 1 次印刷
印数：1—4000

ISBN978—7—5371—5971—5 定价：20.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى : ئابلىكىم ھەسەن
رامىلە ئابلا
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# چاقچاقچىلار چايخانىسى

(1)

ئاپتورى : **ئابدۇرۇسۇل سېيىت**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى :1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 10.375
2008 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5971—5
سانى : 1—4000
باھاسى : 20.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

开心茶社. 1:维吾尔文/阿布都肉苏里·斯依提著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.9
ISBN978－7－5371－5971－5

Ⅰ.开… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族－笑话－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 110253 号

# سۆز بېشى

## مەتىمىن ھوشۇر

چاقچاق تىل سەنئىتى، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. چاقچاقتىن خالىي مىللەت يوق. يۇمۇرىستىك مىجەز ساغلام روھنىڭ بەلگىسى، ئۇ بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. خەلق چاقچاقلىرى تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دەرد - ئەلەم ۋە جانغا پاتقان ئېغىرچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇلارنى يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، زوراۋانلار ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ كەلدى.

چاقچاقلىشىش ئىلىدا باشقىچە ئەۋج ئالغان. مەيلى خۇشاللىق چاغلار ياكى ئېغىر كۈنلەردە بولسۇن، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈر چاقچاق بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز. ئىلى چاقچاقلىرى — ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

1968 - يىلى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇشۇمنى تاماملاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغ ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقتا ئاجايىپ دەۋر سۈرۈۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. ئۇ كەملەردە سازەندىلەر بىلەن چاقچاقچىلارغا بېرىدىغان ئۆرۈم نەدە تۇرۇپتۇ؟ ھەركىم ئۆزى بارغان سورۇندا ئازراق ھاراق ئىچىپ، تاماققا ئېغىز تېگىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ قايتقانغىلا خۇش ئىدى. كىشىلەرنىڭ يانچۇقى قۇرۇق، داستىخان شۇنچە غورىگىل بولسىمۇ، ھېسامكام بولغان سورۇنلاردىكى كۈلكە - چاقچاق ئۆيلەرنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. بۇ چاغ ھېسام ئاكىنىڭ تېخى قىرىق ياشقىمۇ ئۇلاشمىغان ۋاقتى بولۇپ، ھېسامكامغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ چى-

شىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان روزى ئابدۇۋەلى ساتتار باقىغا ئوخشاش چاقچاقچىلارمۇ بارماق. بىلەن سانىغۇدەكلا ئىدى. قىسقىسى، ئۇ چاغلاردا ھېسامكام كىملا تۇتسا قولى كۆيىدىغان بىر پارچە چوغلا تې-كەن. زامان تەتۈر، كىشىلەر ئاچ - توق يۈرگەن مۇشۇنداق بىر تېپىر كۈنلەردە شۇنچىۋالا كۆلكىنى كەلتۈرۈپ چىقىۋاتقان تىل سەنئىتىگە ھېسام ئاكىنىڭ تالانتىغا قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغلاردا مېنىڭدە ئىلى چاقچاقلىرى ھەققىدە ئالاھىدە بىر نەرسە يېزىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. كېيىن، مەن بۇ ئىشنىڭ مەن ئويلىغىنىمدەك ئوڭاي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

چاقچاق لەتىپە ئەمەس. چاقچاق بىلەن لەتىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خې-لى زور پەرق بار. ھېسامكام، جۇملىدىن غۇلجىدىكى چاقچاقچىلارنىڭ كۆ-پىنچىسى لەتىپىچى ئەمەس چاقچاقچى، ئەگەر سىز ھېسام ئاكىنى لەتىپە ئېيتىپ بېرىدۇ، دەپ سەھنىگە چىقىرىپ قويسىڭىز «بىر كۈنى··· » دەپ تىنەپ قالىدۇ. ئۇنى ھەقىقىي بىر چاقچاق سورۇنىغا ئېلىپ كىرىپ «رى-قابەتچىلىرى» بىلەن قارىمۇقارشى قويسىڭىز، ئاندىن تالانتىنى جارى قىلالايدۇ. ھېسامكام باشقىلارنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرى-دىغان لەتىپىچى ئەمەس، ئۆزى قىزىقچىلىق پەيدا قىلالايدىغان چاقچاقچى، لەتىپىنى «پالانى مۇنداق دەپتۇ ياكى مۇنداق قىپتۇ» دەپ ھېكايە قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. چاقچاقنى ئۆز ئىگىسىدىن، شۇ چاقچاق سۆزلەنگەن مۇ-ھىتتىن، ئەينى ۋاقىتتا شۇ چاقچاق ئىپادىلەنگەن تىلىدىن ئايرىپ سۆز-لەپ بەرمەك قىيىن. بولۇپمۇ، چاقچاقنى لەتىپە قىلىپ قويماي ئەينەن يېزىپ چىقماق ئىنتايىن مۇشكۈل.

نۆۋەتتە، خەلق چاقچاقلىرى يەنىمۇ ئومۇملىشىپ، مەنىۋىيىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىگە ئايلى-نىپ قالدى. چاقچاقلىشىش سەنئىتىدىمۇ كۆپ ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، نۇرغۇن يېڭى چاقچاقچىلار يېتىشىپ چىقتى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى «چاقچاقچىلار چايخانىسى» سەھىپىسىنى ئېچىپ بىزگە بۇ چاقچاقچىلار توغرىسىدا مۇھىم مەلۇماتلارنى بەردى. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئابدۇرۇسۇل

سېيىتنى مۇشۇ چايخانىنىڭ ئاساسلىق مىرزىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇ-
رۇسۇل سېيىتنىڭ «چاقچاقچىلار چايخانىسى» ناملىق بۇ كىتابىدا ئىلىدا
تارىختا ئۆتكەن ۋە بۈگۈنكى چاقچاقچىلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئىلىدىكى
چاقچاقچىلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانلىرى بىر-
قەدەر تەپسىلىي سۆزلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن نەمۇنىلەر بې-
رىلگەن مۇھىم ئەمگەك ئىكەن. بىر كۆرۈپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

2007 - يىل 20 - ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

سۆز بېشى ........................ 1
مانا بۇ ھېسام ........................ 1
مۇھەببەتنىڭ دىۋانىسى ........................ 35
لەتىپە ئۇستىسى ئەبەيخان چوقۇر ........................ 51
خەلق قىزىقچىسى بولۇس نىزامىدىن ........................ 62
ساتتار قورۇق نېمە دەيدۇ؟ ........................ 76
ياشىسۇن تۇرمۇشنىڭ ئەركەك قاينىمى ........................ 90
كاككۇكلار كېتىدۇ، كۈلكە كەتمەيدۇ ........................ 116
كۈلكىمىزگە كۆمۈلسۇن ئالەم ........................ 134
دانىشمەن ساراڭنىڭ كونا ـ يېڭى ئىشلىرى ........................ 152
ھەقىقەتنى قۇچاقلاپ ........................ 177
مىجىت قانجۇقنىڭ «كۆك تايىقى» ........................ 197
ئەلگە باھار، ساڭا كەلدى كۈز ........................ 221
كەچمىشلەر سۆزلەيدۇ ھاياتتىن قىسسە ........................ 243
سۇر بويتاقنىڭ تەرجىمىھالى ........................ 270
تۇداخۇن پاكار كىم ........................ 289

# ·مانا بۇ ھېسام

ئىلى خەلق چاقچاقلىرى خۇسۇسىدا گەپ بولۇنسا، تەبىئىيكى زامانىمىزدىكى «ھايات نەسرىدىن ئەپەندى» ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ھېسام قۇربان ئاكا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا، جۈملىدىن توققۇز مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىندا ياشاۋاتقان باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىگە ناتونۇش ئەمەس. يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمرىنى چاقچاق سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزگەن، ھېلىمۇ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان، ياشلىقتىكى جاسارەت ۋە تەپەككۈردىن قالمىغان، ئەمما چىرايىدىكى ئۆمۈچۈك توردەك قورۇقلارغا ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ نۇرغۇن - نۇرغۇن كەچمىشلىرى سىڭىپ كەتكەن يەتمىش بەش



ياشلىق بۇ بوۋاي بىزگە ساتىرىك ۋە ئاجايىپ تەسىرلىك ھايات قىسسە-لىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ھېسام قۇربان كىم؟ ھېسام قۇربان موللا نەسرىدىننىڭ ئوخشىشى ئۆ-زىدىن، شۇنداقلا ماكان ۋە زاماندىن ھالقىپ كەتكەن شەخس. ھايات سەھ-نىسىدىكى يېتىلگەن كومېدىيە ئارتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن زېرەكلىك، ئەقىللىقلىق، دانىشمەنلىككە تويۇنغان گۈزەل-لىكنى، ساددىلىق، نادانلىق، ئەخمەقلىق، گول، ھاماقەتلىكمۇ تېپىلىد-غان نىسپىي سەتلىكنى كۆرەلەيمىز. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ بىز-نىڭ نەزىرىمىزدە تولىمۇ سۆيۈملۈك، كاتتا كىشىگە ئايلىنالىدى. يىللار-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر يېرىم رىۋايەت تۈسىنى ئېلىپ، يەنە كۆپلىگەن لەتىپە - چاقچاقلار ئۇنىڭ نامىغا توقۇ-لۇپ، بارغانچە مۇكەممەللىشىپ، رىۋايەت بىلەن رېئاللىقنىڭ گىرەلەشمە نۇقتىسىدا يېڭى بىر ساتىرىك قەھرىماننىڭ ئابىدىسىنى تىكلەپ بەردى. ئۇستاز شائىر، تەتقىقاتچى ئابدۇساتتار ناسىرى ئاشۇ ئابىدىدىن پەخىر-لەنگەن ھالدا: «ھېسام قۇربان تارىخنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان كاتتا ئىنئا-مى» دېيەلىدى. فولكلورشۇناس راھىلە داۋۇت خانىم: «ھېسامكام چاقچاق-تا ئاز ئۇچرايدىغان ھازىر جاۋابلىقتىن ئىبارەت مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىقتىدارغا ئىگە تىرىك نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، زاما-نىمىزدا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان <ھېسام قۇربان ھادىسىسى> نى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دېدى. تاۋلىنىپ ئەپەندى: «ھېسام قۇربان ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئاددىي، مەۋھۇم چۈشەنچىلەرگە ئۆتكۈر زېھنى ئارقىلىق رەڭ بېرىپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر خەلق سەنئەتكارى» دەپ جاكارلىيالىدى. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ھېسام قۇربان چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مول ھوسۇللۇق شائىر، يازغۇچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى ماخ-مۇت مۇھەممەد كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ: «ھېسام قۇربان ئۆزىنىڭ خاسلىقىغا ئىگە چاقچاقلىرى ۋە چاقچاق ئەخلاقى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدە-بىياتىمىزنىڭ چاقچاق - لەتىپىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە تۈرىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زامانىمىزدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەڭ نادىر ۋەكىلىگە ئايلاندى» دەپ يازدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۈگۈنكى زامان چاقچاقچىلىق تارىخىمىزدا ئىزچىل دەۋر سۈرۈپ كەلگەن بۇ «جاھانگىر» چاقچاقچى قەلبلەرگە يول ئالغان مۇستەھكەم تارىخىي ئورنىنى تىكلەپ بولدى. بىز تۇرمۇشتىكى ھېسام قۇربانىنى غۇلجا شەھەر دوللار بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا توغرا كېلىدىغان ئەبجەق بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى تاردىن تار، كۆرۈمسىز ھۇجرىسىدىن ئاسانلا تېپىۋالىمىز. قەلبىمىزدىكى ھېسام قۇربانىنى بولسا ھەممە يەردىن: شەھەرنىڭ ئادەملەر گۇرۇلدىشىپ يۈرگەن ئاۋات رەستىلىرىدىن، كاسىپلار يىغىلغان چايخانىلىرىدىن، شەھەر بايىۋەچچىلىرىنىڭ قايىنىغان بەزمىلىرىدىن، يالاڭتۆشلەرنىڭ راسلىغان داستىخانلىرىدىن، يېزىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغان توپىلىق يوللىرىدىن، دېھقانلارنىڭ مەڭگەن ئوتى تۈتەپ كۆيگەن خامانلىرىدىن، مۇساپىرلارنىڭ غېرىبانە كەپىلىرىدىن تاپالايمىز. بىز ئۇنى مۇندىن يەتمىش بەش يىل ئىلگىرىكى بىر خەيرلىك سەھەردە، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەھەرئىچى ئوسمان مۇپتى مەھەللىسىدىكى بىر ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدىن، ھەسەلخان ئىسىملىك رايىش، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر ئانىنىڭ قۇچىقىدىن تېپىۋالغانىدۇق. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ھېسامىدىن ئىدى.

«ھېسامىدىن» نىڭ لۇغەت يىلتىزىنى ئاختۇرساق «قىلىچ»، «شەرىئەتنىڭ قىلىچى» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئېنىقكى، يېڭى جان دۇنياغا سالامەت كۆز ئاچقاندىن كېيىنكى ئانىلىرىمىزنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى كونا كىتاب، كونا رىسالىلەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، ساغلام تەن، كېلەچىكىگە بەخت ـ ئامەت تىلەش مەنىسىدە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ سىڭىشلىق، ئۇلۇغۋار ئىسىم قويۇش بىلەن بولىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق خۇشاللىق تاپىدۇ. ھېسامىدىن تۇغۇلغان ئۇ زامانلاردا غۇلجا شەھىرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئەمدىلەتىن باشلانغان، «پوشكالچى موللام»، رىياكار سوپىلارنىڭ بازىرى يەنىلا ئىتتىك چاغلار بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدە مەرد-

www.uyghurkitap.com

پەت، ھەقىقەتتىن كۆرە شەرئەتتىن تەلىم ئېلىش ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ھېسابلىناتتى. خەير، مەن ئەنە شۇنداق ئىزگۇ نىيەتلەر بىلەن «ھېسامىدىن» دەپ ئىسىم قويۇلۇپ يەتتە يېشىدىن باشلاپ غۇلجا بەيتۇللا مەدرىسىدىكى ئىمىن ئەپەندىم، ھاشىرىن خەلپىتىملەرنىڭ قولىغا «گۆشى سىلەرنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ» ھېسابىدا تۇتۇپ بېرىلگەن تولىمۇ رەزگى، كۆرۈمسىز، ئاۋاق، ئەمما ئاجىز تېنىگە قارىغاندا گېپى پۇتۇن بۇ بالا كېيىنكى چاغلاردا مەدرىسىنى ئوغۇشلۇق تاماملاپ «ئېرشاتنامە» ئالغان شەرئەتنىڭ «قىلىچى» بولالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلى، سەنئىتىدىن نان تېپىپ يەيدىغان كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ قىلىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. كونىلار بۇنى تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ پۇتمىشى بىلەن، بىز بولساق ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە باغلاش بىلەن چۈشەندۈرىمىز.

ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن يولۇچى مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن كەينىگە قايرىلىپ باقسا شۇ نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرىدۇ. ئۇ كەچكەن ساي، ئۇ ئاشقان داۋانلار بىر ئويلىسا تولىمۇ ئۇزۇن يەرلەردە قالغاندەك، يەنە بىر ئويلىسا تېخى تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك بىلىنىدۇ. ھاياتنىڭ سىزدىن يۇلۇپ كەتكەن نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرى ھېسابىغا يادنامە قالدۇرۇپ قويىدىغىنى خىيال ۋە ئەسلىمە. ئۇنتۇش قىيىن، ئەسلەش ئەلۋەتتە شېرىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بالىلىق ۋە ياشلىقتا مەنسۇپ ئەسلىملەرنىڭ ھەممىسى شېرىن بولىدۇ.

ھازىرچە ماقالىمىزنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئېلىنغان يولۇچىمىزنىڭ قىسقا، ئەمما مەنىلىك ئەسلىمىلىرىنى دوللار بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاكاتسىيە دەرىخىگە تارتىپ قوڭالتاقلاپ مىخلاپ قويغان ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىدىن باشلاپ تۇرىمىز.

دەرەخ بىلەن ئورۇندۇقنىڭ گېپى چىقسا ئۇ نەرسىلەرنى تارىخنىڭ شاھىتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇنداق ئەمەس، ئورۇندۇقنى يۆلەپ تۇرغان ئاشۇ ئاكاتسىيە دەرىخى شەھەرنىڭ قەدىمىي يول، قەدىمىي مەھەللە، قەدىمىي باغچىلىرىدا ئۇچراپ قالىدىغان، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەنگە

ئېلىنىپ مەخسۇس قوغدىلىش تېپىدىكى دەرەخلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن تەۋەررۇك دەرەخلەرگە ئوخشاشمايدۇ. ئورۇندۇق بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا دەرەخ بىلەن ئورۇندۇقنىڭ يولۇچىمىز بالىلىق يېشىنى ياشىغان ئۇ زامانلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. پەقەت بۇ ئورۇندۇق يېشىنىڭ ئۆلغىيىشىغا ئەگىشىپ ئىنكاسى بىلەن خاتىرىسى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا ئاجىزلاپ قالغان يولۇچىمىزنىڭ ئېگىز بىنادىن سوقۇلۇشۇپ چۇشۇپ ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلاردا ئارام ئالىدىغان، ئۆتكەن - كەچكەننى تاماشا قىلغاچ يىراق ئۆتمۇشتىكى شېرىن، تولىمۇ شېرىن ئەسلىمىلىرىنى ۋاراقلايدىغان جايى. يولۇچىمىز ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغاندا تەمبەل، ياش ئاكاتسىيە دەرىخى ئورۇندۇقنى ئەمەس، ئۆزۈن سەپەرلەردە، ھاياتنىڭ داۋانلىق يوللىرىدا تالغان، چارچىغان يولۇچىمىزنى يۆلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردىكى يۆلەش بىلەن يۆلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئەت بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. سۆيۈش بولغاچقا تەبىئىيكى يۆلەش بولىدۇ. يۆلەش بولسىلا ھاياتنىڭ بەزى - بەزىدە ئىلتىپات قىلىپ قويىدىغان ئاچچىق، كۆڭۈلسىز كەچمىشلىرى ئوخشاشلا شېرىن، مەنىلىك ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىپ كېتىۋېرىدۇ. يولۇچىمىز كىندىك قېنى تامغان بۇ زېمىننى، زېمىنىنىڭ ھەربىر تال گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، تاش - تۇپرىقىنى گويا ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيۈپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ خاتىرىمىزگە كىرەكلىك ئەسلىمىلىرىنى دەل ئاشۇ سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈشنىڭ بىرلىكىدىن قىينالمايلا تېپىۋالىمىز.

يولۇچىمىزنىڭ بالىلىق چاغلىرى، ئۇ ئويناپ چوڭ بولغان مەھەللە - كوچىلار، بازار - رەستىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى، ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى، شۇ مەزگىلدىكى جەمئىيەت، ۋەزىيەت، مۇھىت ... مانا شۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئېنىق يادىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ قارشى تەرىپىدە ھازىرقى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوقمۇشىدا «مىرشانوپلار سارىيى» بىلەن «ئابىدوپلارنىڭ دۇكانلىرى» بولىدىغان، كۇنپېتىشقا تۆۋەنلەپ ماڭساق تۇماقچىلار بازىرى، گىر بازىرى،

www.uyghurkitap.com

دورا – دەرمەك، سەكسەن خالتا بازىرى، يەل – يېمىش، گىزمال، قەنت-
گېزەك بازارلىرى، ئالارمەن – ساتارمەنلەر بىلەن تولغان رەستە. گىربا-
زىرىدىن ئۆتكەندىكى دوقمۇش ھېكىمبەگ غوجىلارنىڭ ئوردىسىغا تۇتىد-
شاتتى. تۆۋەنلەپ ماڭغاندىكى يەنە بىر دوقمۇشتا تاملىرى كۆك خىش بى-
لەن قوپۇرۇلغان، قارلىغاچ قانىتى شەكلىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق بەي-
تۇللا مەدرىسى، مەدرىسىگە يانداش شەھەر ئىچى ناغرىخانىنىڭ قاتارىدىكى
ئەختەم ھاپىزنىڭ ئۈستى لەمپىلىك دۇكان – سارايلىرىنىڭ ئالدىدا بازار
دېگەن قايناپ كېتىدىغان، يولۇچىمىز تېخى تونۇگۇنلا ئەنە شۇ يەرلەردە
ما تەرىپى شەگگەن يامۇل، دوتەي يامۇلىغا ئېلىپ بارىدىغان كوچىلاردا،
بۇ تەرىپى ئەركىن بازىرىغا تۇتىشىدىغان ئاۋات رەستىلەردە بويىنىغا تەنزە
ئېسىپ، پەشمەت – تاڭگا سېتىپ يۈرەتتى. كېيىن دادىسى رەھمەتلىك
ئۇنىڭغا جەمئىيەتتە قويۇق – سۇيۇق بىلەن ئارىلىشىپ بۇزۇلۇپ كەتمى-
سۇن دەپ مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن دۇكان ئېچىپ بەردى. ئۇ دۇكىنىدا ئول-
تۇرغىنى بىلەن كۆپىنى كۆرۈپ، كۆپىنى ئاڭلاپ، كۆپىنى چۈشىنىپ تۇرات-
تى. سۇ دەرۋازا، دەڭ دەرۋازا، دولان دەرۋازا، كۇرە دەرۋازا ... شەھەر سې-
پىلىنىڭ تۆت چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىدىغان ئوق يوللار جىرغىلاڭ،
دەريا بويى، زايومكا، بايكۆلدىكى ياقۇپ ھاجىنىڭ تاللىقىغا ئوخشاش غۇل-
جىدىكى مەشھۇر ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئېلىپ باراتتى. شەھەر بايۋەچچى-
لىرىنىڭ ياسىداق مەپىلىرى، غوجام ئوردىسىدىن چىققان كالاسكىلار با-
ھار ۋە ياز ئايلىرىنىڭ چىرايلىق ئارام كۈنلىرىدە ئۈستىگە تولدۇرۇپ ئا-
دەم بېسىپ، شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق ناخشىچى، سازەندە، قىزىقچىلارنى
ئېلىپ قىيقاس – چۇقان، كۈلكە – چاقچاقلار بىلەن دالا سەيلىسىگە ما-
ڭاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يولۇچىمىز ھازىرغىچە گېپىنى قىلىپ ئېغى-
زىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز ئۇستىلىرىدىن باباخان كور، زوردۇن شىبە،
غوپۇر دىڭخىلۇلار چوقۇم بولاتتى. ئۇلارسىز توي – تۆكۈن، بەزمە –
مەشرەپ، سەيلە – ساياھەت قىزىمايتتى. سېپىل دەرۋازىلىرى تاقىلىشقا
بەلگە بېرىپ كەچلىك پو ئېتىلىشتىن ئىلگىرى كالاسكا بىلەن مەپىلە-
رگە قېتىلغان ياسىداق ئاتلار بويۇنلىرىدىكى تۇش قوڭغۇراقلىرىنى جى-

رىغلىتىپ يەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كېلەتتى. ھەتتا بەزىدە ئويۇن ـ تاماشا قىزىپ كېتىپ، سىرتتا تونەپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدىغان.

ئۇ زامانلاردا شەھەر خەلقى ئۇزاق كېچىلەرنى ئۆي ـ ئۆيلەردە چاي ـ مەشرەپ بىلەن، ياز كۈنلىرىنى بولسا شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا، چاپچالنىڭ دەريا ساھىلىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن دالىلىرىدا، جېلىلىيۇزى، تۇرپانىيۇزى، چۇلۇقايلارنىڭ بىنەم ياقىلاپ كەتكەن ئالمىلىق، ئۆرۈكلۈك باغلىرىدا، قاش دەرياسى بويىدىكى تەبىئىي توقايلىقلاردا سەيلە ـ ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ساز، ناخشا، چاقچاق ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئالىمىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئاممىۋى سەنئەت شەكلى ئىدى. بولۇپمۇ، قىش چىللىسى كىرىشى بىلەن باشلىنىدىغان قاتارى چاي ـ مەشرەپلەر باشقىچە قىزىپ كېتەتتى. مەشرەپ ياش قۇرامىغا قاراپ تۆت تۇركۇم بويىچە ئۆتكۈزۈلەتتى. بىرىنچى تۇركۇمدىكىلەر چوڭلار بولۇپ بۇ يولۇچىمىزنىڭ دادىسى قۇناخۇنكام، مەشھۇر ساز ئۇستىسى روزى تەمبۇر، خەلق سەنئەتچىسى ھەم قىزىقچىسى زوردۇن شىبە، ناخشىچى رۇشىدىنكام، ساۋۇتكام بېدىكلەرنىڭ مەشرىپى. ئىككىنچى تۇركۇمدىكىلەر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن قۇرامىدىكىلەرنىڭ مەشرىپى. ئۈچىنچى تۇركۇمدىكىلەر مەترېھىماخۇن (ئابدۇرېھىم ئىمىننىڭ ئىنىسى)، ئىمىن بايلارنىڭ مەشرىپى، تۆتىنچى تۇركۇمدىكىلەر بولسا يېڭىدىن قاتارغا قېتىلىۋاتقانلارنىڭ مەشرىپى ئىدى. ئۇ چاغلار مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەمنى چەتكە قاقىدىغان، ئارىغا ئالمايدىغان چاغلار بولغاچقا مەشرەپكە قاتناشمايدىغان ئادەم بولمايتتى ياكى كەمدىن كەم تېپىلاتتى. يولۇچىمىزنىڭ دادىسى شۇ خىل زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئوغلىنى قاتاردىن قالمىسۇن، كۆپنى كۆرۈپ كۆزى پىشسۇن، قائىدە ـ يوسۇنىمىزنى، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنسۇن، ئەقىل تاپسۇن دەپ ئۇنى پات ـ پات ئۆزى قاتناشقان سورۇنلارغا ئېلىۋالاتتى. كېلەچەكنىڭ بۇ مەشھۇر قىزىقچىسى ئاز ـ تولا ئېسىنى تاپقاندىن باشلاپلا روھى چۇقانلار ئىچىدىكى قەلبلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان يۈكسەك مەنىۋى مۇھىتنىڭ

يېگانە ئاشىقىغا ئايلاندى. ئۇ، ئۇ يەرلەردە ھەممىنى تىڭشىدى، ھەممىنى ئاڭلىدى، ھەممىنى چۈشەندى. روزى تەمبۇرنىڭ تەمبۇر ئۇ بۇرۇن پەرىلىپ قالغاندەك تەمبۇرگە ناخۇن ئۇرۇشلىرى، مۇزىكىنىڭ ئەۋج بىلەن ئەگىتە مىلىرىگە كەلگەندە تەمبۇر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كىتىشلىرى، قازانچىلىق رۇشىدىنكام بىلەن شەھەر ئىچىلىك ساۋۇتكام بىدىكلەرنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئىككى خىل فورمىدا ئېيتىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا ئوخشاشمىغان زوق، ئوخشاشمىغان مۇڭ ئاتا قىلىشلىرى، چىرايى، تۇر-قى، گەپ - سۆزلىرىدىن كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان باباخان كورنىڭ بىردە «شەڭگەن»، بىردە «دوتەي» سىياقىغا كىرىۋېلىپ مەشرەپ ئەھلىنى «داتاڭ - سوراق» قا تارتقان چاغدىكى ئاجايىپ قىزىقچىلىقلىرى، كەم - كۈتىسىز ھەييارلىقى بىلەن يۇرت ئىچىدە شۆھرەت قازانغان زوردۇن شى-بەنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەجۋىي نومۇر «قارا يورغام» نى ئورۇندىغان چاغدىكى يۇمۇرىستىك ھالىتى، باشقىلارغا پۇرسەت بەرمەي سورۇندىكىلەرنى دەممۇ دەم كۈلكە قوينىغا سۆرەپ كىرىدىغان لەتىپە - چاقچاقلىرى، كۆزى ئۆت-كۈر، سېزىمى يۇقىرى، ئىنكاسى پەۋقۇلئاددە تېز غوپۇر دىڭخېلۇنىڭ گەپ دېگەننى شۇنداقمۇ چىرايلىق، سىپتا، ئوبرازلىق ئېلىپ، تەمبۇرنىڭ قو-لىقىدەك قاتارلىشىپ ئولتۇرغانلارنى نۆۋەت بىلەن ئوخشىتىشلىرى، بىر تىنىقتا سائەتلەپ قىلىدىغان چاچما چاقچاق، روبىرو چاقچاق، لەقەملىك چاقچاقلىرى بىلەن كىچىك ھېساممىدىننى ئۆزگىچە بىر دۇنياغا ئېلىپ كىرەتتى. مانا شۇ ئۆزگىچە دۇنيا — كىشىنى روھىي ئازادلىككە ئېلىپ بارىدىغان، چاڭقىغان يېرىگە تېگىدىغان، دىلىنى ساپلاشتۇرىدىغان سەنئەت دۇنياسى، قىزىقچىلىقلار، ئويۇنلار، ساپ، ساغلام، گۈزەل چاقچاقلار دۇن-ياسى ئۇنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەپەككۇرىنى تاۋلاپ ماڭدى. ئېغىزدىن ئا-نىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى كەتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل ھەي-يارلىقنىڭ، قىزىقچىلىقنىڭ، كۈلكە - چاقچاقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈ-لۈشكە باشلىدى. يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەر، دوقمۇش بېقىپ ئولتۇرغان بىكارچىلار ئۇنى ئەتەي گەپكە تۇتۇۋېلىپ پارىڭىنى ئاڭلايتتى:

— ھوي تاڭگاچى، بۇ ياققا كەلگىنە؟

— تاڭغا ئالامتىڭىز؟

— قۇناڭكامنىڭ بالىسىغۇ سەن، ئىسمىڭ نېمىدا؟

— ھېسامىدىن.

— ھە، ھېسامىدىن، بەيتۇللا مەدرىسىدىكى ھاشىر خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقىنى سەنمۇ؟

— شۇنداق.

— خوش، ساۋاقلاردا قانداق كېتىۋاتىسەن؟

— سۆكۈشكە يېقىن، دەررىدىن يىراق. ئىنشاغا يېقىن، پەللىدىن يىراق.

— ۋاھ، گېپىڭنىڭ پۇتۇنلۇكىنى قارا. ساۋاقلاردىن قايسىسىغا ئامراقسەن؟

— تەنەپپۇسقا.

— ئالە شەرىڭنى، شۇڭا تاڭغا سېتىپ يۇرىمەن ـ دە.

— تاڭغا ئالامسىز ـ ئالامسىز؟

— قانداق دەيسەن؟

— گەپ ساتمايمەن، تاڭغا ساتىمەن.

— بارىكاللا، مۇشۇ گېپىڭ ئۇچۇن ئېلىپ قوياي، ئېلىشتىن ئاۋۋال ئېتىپ باقساق بولامدۇ تاڭغىرىڭنى؟

— بولمايدىغان نەرى بار، سىز خالىغانچە ئېتىۋېرىسىز، مەن پۇلىڭىزنى تۇتۇپ تۇرىۋېرىمەن.

— شۇنداقمۇ ئېخى، مانا قارا، ئوقەتچى بولساڭ چويۇن مەخسۇمدىن ئېشىپ چۇشەمسەن، نېمە؟

— شۇنداق تۇرمىساق تەنزەمنى ۋاشاڭ، تاڭغالىرىمنى پاساڭ قىلىۋېتەرسىز.

— ھا ـ ھا ـ ھا، ما گېپىڭ كەلدى. خاتا ئاڭلىماپتىمەن. قۇربان ئېرىچىنىڭ چوڭ ئوغلى راستىنلا دادىسىنىڭ مىجەزىنى كىيىپ چىقىپتۇ.

«كىيىپ چىقىش» دېگەن بۇ گەپ قۇربان ئېرىچىنىڭ قىزىقچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



خۇش تەبىئەتلىك مىجەزىگە قارىتىلغان. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتمەي بول- مايدۇكى، ھېسامىدىنىنىڭ دادىسى قۇربان، چوڭ دادىسى ئىسمايىللار ئۆز زامانىسىدا ئەلى خەلق چاقچاقچىلىرى، قىزىقچىلىرى قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان، تۇرغان ـ پۇتكىنىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان تو- لىمۇ ھەييار، ھازىر جاۋاب كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەكتى ئاتۇشنىڭ تېجەن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، قوشقار بوۋىسىنىڭ (دادىسىنىڭ بوۋىسى) مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا چىققان ۋاقتىدىن ھېسابلىغاندا بۇ يەردىكى تارىخىغا ئىككى ئەسىردىن ئېشىپ قالغانىدى. بوۋىسى رېھىماخۇن، دادى- سى قۇربان تېرىچىلەر تاق مۇشۇ غۇلجىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاققا ئەلۋەك كىندىكىدە تۇغۇلدى. ئىلىدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت زېمىن ۋە ئۇنىڭ مە- نىۋى مۇھىتىدا چوڭ بولغان قۇربان ھەم ئۇنىڭ ئاكىسى ئىسمايىللار سېپى ئۆزىدىن قىزىقچى بولۇپ يېتىلدى. گاھىدا ئۇ ئىككىسى بىر مەش- رەپ، بىر سورۇنغا تەكلىپ بىلەن تەڭ بېرىپ قالىدىغان، چاقچاق قىزد- غاندا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئىككى تەرەپ بولۇپ تۇتۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى. «خەلق سازەندە، ھاپىز (ناخشىۋەن)، قىزىق-

چىلارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايدىغان ئۇ دەۋرلەردە شارابسىز، بەڭسىز، ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسىدە قىزىيدىغان مەشرەپلەرنىڭ تۆرىدە ئىسمايىل ۋە قۇربانلار كەم بولمايتتى» كېيىن قۇربان تېرىچى بۇلۇكەيلىك ساددا، ياۋاش، قاملاشقان ھەسەلخان ئىسىملىك دېھقان قىزىغا ئۆيلەندى. قۇدىلار تەرەپكە «سالام» غا بارغاندا كېلىن قىزنىڭ بوۋا - مومىلىرى تەلىم بەرگىنىدەك ئۇلارنىڭ «ئالدىنى بالا، كەينىنى كالا» باستى. ئارقا - ئارقىدىن سەككىز پەرزەنتلىك بولدى. تۆت ئوغۇل، تۆت قىزنىڭ ئىچىدە ھېسامىدىن تۇنجى پەرزەنتى ئىدى.

مانا شۇ ھېسامىدىننىڭ ۋۇجۇدىدا يېشىدىن بۇرۇن مەلۇم بولغان يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتنى ئۇدۇم ۋە ئىرسىيەت ئامىلىغا باغلاپ چۈشەنسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. دېمەك، ئۇنىڭ قىزىقچىلىقتىكى تۇنجى ئۇستازى ئۆزىنىڭ دادىسى ئىدى. ناۋادا ئۇنى بىر بۇلاققا ئوخشاتساق مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى ساپ مەنىۋى مۇھىت ۋە ئۇ يەردىكى ئۆتكۈر تىل ئۇستىلىرى ئاشۇ بۇلاقنىڭ خورىماس كۆزىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىۋەتكەنىدى. بىر قېتىم مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى غوپۇر دىڭخېلۇ قۇربان تېرىچىگە:

— سېنىڭ ھېلىقى ھېسامىدىنىڭ تازىمۇ زېھنى ئوچۇق بالا بوپتۇ. گەپ - سۆزى شۇنداق ئورۇنلۇق، كۈلكىلىك، ئىنكاسىمۇ باشقىچە، چوڭ بولسا گەپ بىلەن نان تېپىپ يەيدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالامدۇ، نېمە؟ — دېگەنىدى.

— سەن دېگەندەك بولسىغۇ خاتىرجەم بولاتتىم، — دەپ راست گېپىنى ئېيتقانىدى قۇربان تېرىچى، — شۇغىنىسى بۇ بالامنىڭ باشقا بالىلىرىمغا قارىغاندا تېنى ئاجىزراق، ئەمما گېپى پۇتۇن. ھېلىتىنلا ئانىسى ئىككىمىزگە گەپ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا كۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئانىسىمۇ قىزىق، بالىسىغا يامان كۆزلەرنىڭ تېگىشىدىن ئەنسىرەپ تېرەك مازارىغا بېرىپ ژۇرۇك باغلاپ، دەم سالدۇرۇپ كەپتۇ. قارىمغا تىلتۇمار پۇتكۇزۇپ بويىنىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. بالىنىڭ تۇنجىسى بولغاچقا سەل ئەركە ئۆگىنىپ قالدى. يېقىندا ناغرىغا

ھەۋەس قىلىپ قالغانىكەن، ھېچبىر قاچىغا ئۆچكە تېرىسىدىن ناغرا كېرىپ بەردىم. ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ چېلىپ يۈرىدۇ.

ھازىرغىچە ھېسام قۇربانىنىڭ تەرجىمىھالىدا ئۇنىڭ قىزىقچىلىق تەرىپىلا تىلغا ئېلىنىپ، ناغرا چېلىشتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئېتىبارىمىزنىڭ سىرتىدا قالغاچقا خەلق ئۇنى بىر چاقچاقچى سۈپىتىدىلا تونۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى بولۇپلا قالماي نۆۋەتتە يەنە كۆپىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن زامانىمىزدىكى نامى بار ناغرا چالغۇچىلىرىنىڭ بىرى. بىز بۇ خەلق سەنئەتكارىنى يەنىمۇ تولۇق چۈشىنىمىز دەيدىكەنمىز ئەلۋەتتە بۇ تەرىپىنى سەھىپىمىز قۇرلىرىغا قوندۇرماي ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز.

ناغرا ــ چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار تۈرىگە مەنسۇپ ئەنئەنىۋى ساز قوراللىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. «ناغرا ــ ئادەتتە رامىزان ئايلىرىدا، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە، سەيلە، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ باراۋەتكە ئوخشاش مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مەخسۇس ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز پەشتاق، مۇنارلاردا چېلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ناغرا ساداسى كۆكتە پەرۋاز قىلىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، چىرايلىق ياسىنىپ، ناغرىخانىغا بېرىشقا ئالدىرايدۇ. ياشانغانلار ناغرىخانىنىڭ ئاستىدىكى ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشۇپ، كۆڭۈللۈك پاراڭلار بىلەن ياشلىقىنى ئەسلىشىدۇ. شوخ پەدىلەرگە چېلىنغاندا چوڭلار، باللار، ياشلار دائىرە ياساپ بەس ـ بەستە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ناغرا ساداسى ئەۋجىگە چىققاندا ئېرى ئۇسسۇلچىلار قىزىپ، بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ، پۇخادىن چىققۇچە ئوينىشىدۇ»①.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۇراسىملاردا چېلىنىدىغان ناغرىنى ئىلىدا ئەزەلدىن ھاكىمبەگلەر ئوردىسى باشقۇرۇپ كەلگەنىكەن. ئۆتكەن ئەسىر-

---

① ئىمىن ئىبراھىم ــ «ناغرا توغرىسىدا» «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 1 ـ سان.

نىڭ ئالدىنقى يىرىمىدا غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ چوڭ ناغرىخانا بار بولۇپ، ئورنى بەيتۇللا، قارادۆڭ، نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدىكى ناغرىخانا ھەممىدىن بەك مەشھۇر ئىدى. ناغرا رامزان ئايلىرىدا پۈتۈن بىر ئاي چېلىناتتى. كىشىلەر زوغا ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشاتتى. غۇلجا شەھىرى ناغرا ساداسى ئىچىدە ھېيت خۇشاللىقى، بايرام تەنتەنىسىگە چۆمەتتى. بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدىكى ناغرىخانىدا ھېيت ئەيسا، ئىمىن ئەپەندى، ئەيسابەگ، تۇردى قارىبالا، ئابدۇكېرىم ھىنگاپ قاتارلىق شەھەرگە داڭلىق ناغرا - سۇناي ئۇستىلىرى بار ئىدى. ھېسام قۇربان مانا شۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغاچقا كۆلكە - چاقچاققا ئوخشاشلا ناغرا چېلىشنىڭ تەخىرسىز ئاشىقىغا ئايلاندى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— ھەۋەس، ئىشتىياق دېگەن باشقا گەپكەن. كوچىدا پەشمەت - تاڭگا سېتىپ يۈرگەن چاغلىرىمدىلا كۆڭلۈمگە ناغرىنىڭ ئوتى تۇتاشقان. ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىسام تۇرالماي قالاتتىم. دادامغا دەپ يۈرۈپ ئۆچكە تېرىسىدىن ناغرا كەرگۈزدۈم. ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسى ناغرا چالىدىغان پەشتىقىمغا ئايلاندى. بىكار بولسىلا ئۆگزىگە چىقىپ ناغرا چالاتتىم. ئوڭۇمدىمۇ چالاتتىم، چۈشۈمدىمۇ چالاتتىم. ئۆگزىدە ناغرا چالسام يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ھەرىكىتىمگە قاراپ كۈلۈشەتتى. كېيىن ئىمىن ئۇستامنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يۈرۈپ شەھەر ئىچى ناغرىخانىنىڭ پەشتىقىدا ناغرا چېلىشنى رەسمىي ئۆگەندىم. ناغرا چېلىشمۇ تەمبۇر چالغانغا ئوخشاشلا ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ساز قورالى. ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم چېلىپ كېتىمەن دېيەلمەيدۇ. ئىلگىرى غۇلجا شەھىرىدە نۇرغۇن داڭلىق ناغرا ئۇستىلىرى ئۆتكەنىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ ئۆتكەن. ناغرا چوكىسىنى قولىغا ئالسا كىشىنىڭ بەدەن - بەدەنلىرى كۈلۈپ كېتىدىغان. ئىمىن ئۇستامنىڭ ناغرا ئۇرۇشىنى ئالساق توغراكۆۋرۈكتىكى ئىسمايىل پەشنىڭكىگە ئوخشاشمايتتى. ئىسمايىل پەشنىڭ ناغرا ئۇرۇشى قارادۆڭدىكى توختىنىيازنىڭكىگە قارىغاندا يەنە باشقىچە ئىدى. مەن باشتا ئاياغ ناغرىنى چالدىم. ئاستا - ئاستا ئوتتۇرا

ناغرىغا ئۆتتۇم. كېيىن باش ناغرىچى بولۇپ قالدىم. «ئون ئىككى مۇقام»
غا ئوخشاش ناغرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سەنەم، قوش سەنەم، مۇشاۋرەك،
سەيلىگاھ، كۆركەم، يۆلەن، گۈلۈم، سەھەريار، رۇخسارى گۈل، ئېيدىيان
دەپ ئون ئىككى پەدىسى بولىدۇ. ناغرىنى چۈشەنمىگەن كىشىگە جىمىنى
ناغرا پەدىلىرى ئوخشاش، بىر خىلدا كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئەمەلى-
يەتتە ھەر بىر پەدىنىڭ رىتىم، تاكتلىرى ئوخشىمايدۇ. چوڭ پەدىلەرنىڭ
ھەربىرى ئۈچتىن بەشكىچە يۆتكىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سالماق باش-
لىنىپ، شوخ داۋاملىشىپ، ئۆزگە خاس چۈشۈرگۈ بىلەن چۈشۈرۈلىدۇ.
ھەربىر پەدىنىڭ چوڭ - كىچىك سەلىقىلىرى، چۈشۈرگۈلىرى بولىدۇ.
بىر يۈرۈش ناغرىدا باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ناغرا بولۇپ ئالتە ناغرا، بىر
دۇمباق، بىر سۇناي بىر - بىرىگە ماسلاشقاندا ئاجايىپ نەغمە ياكى ئور-
كېستىر ھاسىل بولىدۇ. باش ناغرىچى قانچىكى ئۇستا بولسا چېلىنىۋات-
قان پەدىنىڭ نازۇك ئاھاڭلىرى ئۇستىدە، ماھارەت كۆرسىتىپ ئۆزگە-
رىشلىرىنى شۇنچە ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ. ئويلاپ باقسام، ناغرا بىلەن يېرىم
ئەر ئۆمرى ھەپىلىشىپتىمەن. ھاياتىمدىكى ئاچچىق - چۈچۈك كەچمىش-
لىرىم، قەلبىمدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىم، قايغۇ ۋە خۇشاللىقىم
كۆلكە - چاقچاقتا ئوخشاشلا ناغرا پەدىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئون بەش ياش سىز بىلەن بىزنىڭ بالىلىق قىلىقلىرىمىزنى تېخى
تاشلىمىغان، ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئېتىكىگە يۆگىشىپ ئەركىلەپ يۈرگەن،
ئاغزىمىزدىن ئانىمىزنىڭ ئوغۇز سۈتى تولۇق كېتىپ بولمىغان چاغلى-
رىمىز. ھېسابىدىن ئەنە شۇ يېشىدا غۇلجىدىكى ئەلنەغمە سورۇنلىرى-
نىڭ، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارنىڭ رەسمىي ئەزاسىغا ئايلىنىپ بىر چاق-
چاقچى، بىر خەلق قىزىقچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداقلا
شۇ يېشىدىن باشلاپ ناغرىخانا پەشتىقىنىڭ سۈپىسىغا قەدەم قويدى. ئۇ-
نىڭ پاراڭلىرى قىزىقارلىقلىقى، ئادەم ئويلىمىغان، ھېس قىلمىغان يەر-
لەردىن چىقىشتەك ئالاھىدىلىكى، تۇز - تەمىدىكى ئۆزگىچىلىك، شەك-
لىدىكى يېڭىلىق، ئىنكاسىدىكى تېزلىك، تەپەككۇرىدىكى تېرەنلىك، تى-
لىنىڭ ئويناق ھەم ئوبرازلىقلىقى، ھەجۋىي تەركىبلىرىنىڭ قويۇقلۇقى

بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدا كۈچلۈك دەۋر تىنىقى، ئەلۋەك مىللىي پۇراق جۇلالىنىپ تۇراتتى. چاچما چاقچاق، روبىرو چاقچاق، لەقەملىك چاقچاق، قاپىيىلىك چاقچاق، لەتىپە سۆزلەش شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. زامانىمىز تارىخ تەرىپىدىن ئالاھىدە سوۋغا قىلىنغان ئۆزىنىڭ يېڭى بىر «نەسرىدىن ئەپەندى» سىنى تېپىۋالدى. ساتىرىك كاتېگورىيىگە مەنسۇپ ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن «ھېسام قۇربان دەۋرى» نى رەسمىي كۈتۈۋالدى.

توغرا، كۈتۈۋېلىشنىغۇ كۈتۈۋالدى، كۈتۈۋالدى دېگەن گەپ تارىخ ياراتتى دېگەن گەپ. تارىخ يارىتىشتا سەنئەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا «تەسىر» دېگەن ئۇقۇم بەك مۇھىم. چاقچاقچىمىزنىڭ شۇ يىللاردا كىشىلەر نەزىرىدە قالدۇرغان ھەقىقىي تەسىرى زادى قانداق بولغان؟ قايسى دەرىجىدە بولغان؟ قاچان، قەيەردە، قايسى سورۇندا، قانداق چاقچاقلارنى قىلغان؟ بۇ تەرىپى ئەلۋەتتە بىزنىڭ قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇ. شۇغىنىسى، چاقچاق ئولتۇرغان ئورۇن، پاراڭ قىلغان سورۇننىڭ ئۆزىدىلا قالىدىغان نەرسە بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە نەق مەيداندا خاتىرىلىۋېلىش، ئەستە تۇتۇۋېلىش ياكى ھازىرقىغا ئوخشاش ئاۋاز ۋە سىنغا ئېلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى خاتىرىلەرنى ئاختۇرۇشتا قىينىلىدىغان جايلىرىمىز كۆپ. شۇنداقتىمۇ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشنى چالا ـ پۇچۇق بولسىمۇ ماقالىمىزدا ئەسلىتىپ ئۆتىمىز. بۇ ئولتۇرۇشنىڭ شۇ چاغدىكى ھەقدار شاھىتلىرىنىڭ بىرى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ. بىراق ئۇ تۈگەپ كەتتى. ھېسام قۇرباننى سورۇنغا باشلاپ كىرگەنمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپ چاقچاقنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ بەرگەنمۇ تېيىپجان ئېلىيوپ ئىدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئولتۇرۇشتا بولۇنغان چاقچاقلارنى نۇرغۇن دوست ـ بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ بەرگەنىكەن. شۇ پاراڭلارنىڭ چەت ـ ياقىسى مۇئەللىپنىڭ قولىغىمۇ يېتىپ قالدى. يەتكەنىكەن، دەۋېتىش كېرەككۇ ئاخىر.

شۇ قېتىم ھېسام قۇربانىنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇنجى بىرىنچى ئۆتكەن. مەركىزىي شەھەر ئادەملىرىنىڭ قۇلىقى باشقا يەردىكىلەرگە قارىغاندا ئۇ-زۇن كېلىدۇ. ئۇلار: «غۇلجىدىن ھېسامىدىن دەپ ياش بىر چاقچاقچى بالا ئۈرۈمچىگە كەپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاقساقاللىرى، نازارەت دەرىجىلىك كاتتىۋاشلار، بىر قى-سىم نوپۇزلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر يىغىلغان جايغا ئۇنى تەكلىپ قىپتۇ. تېيىپجان ئېلىيوپ ھېسام قۇربانىنى ئېلىپ چايغا بېرىپتۇ. چاق-چاقچىمىز ئۇ يەرگە كىرىپلا سەل قورۇنغاندەك بوپتۇ. مۇنداق يەردە قو-رۇنۇش، ياتسىراش، ھودۇقۇش، تەمتىرەش، قىسىلىشقا ئوخشاش پسىخى-كىلىق ھالەتلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىيغۇ. ھېسامكاممۇ نەق شۇنداق بوپتۇ. ئورۇق، ئېگىز گە مايىل بەستىگە قارىغاندا خېلىلا چوڭ كېلىپ قالغان جىلىتكىلىق كاستۇم ـ بۇرۇلكىسى «بېشى قاپاقتەك، ئۆزى ساپاقتەك» چاقچاقچىمىزنى خۇددى ئۆزى قىلىۋاتقان چاقچاقلاردەك كومېدىيىلىك ھالەتتە كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇ سورۇن باشلىنىپ خېلىغىچە گەپ قىلماپتۇ. ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ. بىر چاغدا تېيىپجان ئېلىيوپ بىر مىسرا قاپىيىلىك چاقچاق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتلاپتۇ:

— پىنجەكنى كىيىۋاپتۇ ھېسامىدىن دېگەن قاقىر.

ھېسامكام شۇنداق قارىسا، كاتتىۋاشلار قاتارىدا تۇكى قالمىغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ھاجىيوپ دېگەن كىشى ئولتۇرغاندى-كەن. «قاقىر» غا توق قاپىيە كېلىدىغان تازىمۇ ئوبدان نىشاننى تېپىۋاپ-تۇ ـ دە، چاقماق تېزلىكىدە كەلتۈرۈپتۇ:

— ھەر نېمە دېگەنبىلەن ھاجىمنىڭ بېشى تاقىر.

سورۇندىن قىيقاس چىقىپ كېتىپتۇ. ھېسامكامغا جان كىرىپتۇ. ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزى يۇمۇلۇپتۇ. «قاقىر» بىلەن «تاقىر» دىن باشلانغان چاقچاق پۈتۈن سورۇننى نەچچە ئايلىنىپ چىقىپتۇ. تېيىپجان ئېلىيوپ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پاس چىقىرىپ بېرىدىكەن. ھېسامكام كەلتۈرىدىكەن. كەلتۈرگەندىمۇ باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى «كونۋېرت» نىڭ ئى-چىگە چىرايلىق سولاپ تۇرۇپ شۇنداق ئىلمىي، كۆلكىلىك، ئوبرازلىق

كەلتۈرىدىكەن. سورۇندا ئولتۇرغانلار كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە كۈلۈشۈپتۇ. ئارتۇقچە خۇشاللىق يا خاپىلىقنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىر قىسىم قان بېسىمى، يۈرەك ئاغرىقى بارلار بىر نېمە بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ سورۇندىن چىقىپ كېتىپتۇ. بىر تىننىقتا قىلىنغان چاقچاق بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋاملىشىپتۇ. ئۈرۈمچىلىكلەر ھېسام قۇرباننىڭ كارامىتىنى، ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ سېھرىي قۇدرىتىنى شۇ چاغدا بىر كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنغۇ جىق كۆردى. لېكىن ئۇ ھېلىقى نەس باسقان يىللاردىن كېيىنكى گەپ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىگىرمە نەچچە يىلدا ھېسام قۇربانغا ئۇنىڭدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرىدىغان، كەڭ - كۇشادە، ئەركىن - ئازادە چاقچاقلىشىدىغان، قەلبىدىكى بارىنى ئايماي - ئايماي تۆكىدىغان پۇرسەتلەر، سورۇنلار بەكلا ئاز نېسىپ بولدى. غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەتكەن ھېسام قۇربان ئاشۇ تەتۈر يىللاردا بىر پەشۋا بىلەنلا خۇدىيارىيۈزى يېزىسىنىڭ گەمە مەھەللىسىگە «چېنىقىش» قا چۈشۈرۈۋېتىلدى. گەمىدە بوۋىسى رەھمەتلىكنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋالغان خېلى نۇرغۇن يەر - زېمىنى بار ئىدى. ئىككىنچى ئىنىسى ھۈسەنجان شۇ يەردە تۇراتتى. ئارقىسىدىكى ئىنىسى ھەسەنجان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كورلىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. سىڭلىسى راھىلەم ئالمۇتاغا چىقىپ كېتىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. «دۆ غېرىبنى ئۇرۇپتۇ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى» دەپ، كىشىلەرنىڭ سىنىپىي تەركىبى «پىلسىرات كۆۋرۈكى» دىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا بوۋىسىنىڭ گەمىدىكى يەرلىرى تاسلا قالدى ئۇنى يەنە بىر توقا - لەنەتكە قويغىلى. ھېسامكاملا ئەمەس ئۇنىڭ دادىسىمۇ رېھىماخۇن باينىڭ يېزىدا يەر - زېمىنى بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئەمما چىقىپ باقمىغانىدى. شۇنداق ئىكەن باي بىلەن مالايدىن، قول بىلەن قولدارلىقتىن، ئېزىش بىلەن ئېزىلىشتىن يەنە سۆز ئېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ناۋادا، ھېسامكام ياشانغان ئوتاقچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن «شەھەر كەمبەغىلى» تەركىبىگە ئايرىلمىغان بولسا، ئويۇننىڭ تېخىمۇ قىزىقىنى كۆرەتتى. ھېلىمۇ كۆرگەنلىرى ئاز بولمى-

دى. ئۇنىڭ قولىدىن كەتمەن تۇتۇپ بوز يەر ئېچىش كەلمەيتتى. يېزىدا خەت - چەك توشىغۇچى، نومۇر خاتىرىلىگۇچى، داڭ ئۇرغۇچى بولۇش، تۆرىگەر دىكى ئىشلار، بىمەنە ھەرىكەتلەر، سىياسىي بۇيرۇق، سىياسىي ئەزىيەت سىياسىي مەجبۇرىيەتلەر، ئەتىگەنلىك «دولقۇن» غا، «يولىيورۇق سوزۇلـ قا چىقىشلار، «تۆت كونىنى يوقىتىش» تىكى چېكىدىن ئاشقان تېتىقـ سىزلىقلار ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى. تولا داڭ ئۇرۇپ يېلىقىپ كەتكەن ھېسامكام بىر كۈنى بىر ئايلىق داڭنى بىر قېتىمدىلا ئۇرۇۋېتىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ شەھەرنى، بۇرادەرلىـ رىنى، ئادەملەر گۇرۇلدىشىپ تۇرغان ئاۋات رەستىلەرنى، سازغا، ناخشىـ غا، كۈلكە - چاقچاقلا تولغان بەزمىلەرنى شۇنچىلىك سېغىنغانىدى. شەـ ھەرگە كىرىپ كېتىۋېدى، «ئالا قاناتلار» كەينىدىنلا تاپ باستۇرۇپ كىرىپ ياقىسىدىن ئالدى. ھېسامكام سۆزلەيتتى:

— ئۇكىلىرىم، مۇشۇ بوغۇشۇڭلاردا نەچچە سوپۇرگە چىقارمەن؟

ئۇنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. ئۇنى يەنە يېزىغا ئاچىقىپ كەتتى. شەھەرگە كىرىشىدىن يېنىشى تېز بولدى. بۇ ئىشمۇ قاملاشمىدى. ئىشـ قىلىپ، ئۇ كۇنلەردە قاملاشقان، كۆڭۈل خۇش بولىدىغان ئىشلارنى كۆـ رۇش چۇشكە، ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇخىدا ئۇخلىماي تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان مۇشۇ چۇشى بولسا بەكلا قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ئىدى. بۇ چۇش ئۇنى ئۇزۇنغا بارماي گەمىدىن تۇرپانيۇزى يېزىسىغا ئاپىرىپ تاشـ لىدى. نەگە ئاپىرىپ تاشلىمىسۇن، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىدى. ئوخشاش ھەرىكەت، ئوخشاش «دولقۇن»، ئوخشاش مەجبۇرىيەت ... ئوخشاشمىغان بىر يېرى، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ باشتا هارۋا ھەيدىدى، كېـ يىن يېزىغا قاراشلىق ئاممىۋى مۇنچىغا قارىدى. چاتاق مانا شۇ يەردىن چىقتى. «بىتەلەيدىن ئامەت قاچسا، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ» دەپ ئۇستى ياغاچ قۇرۇلمىلىق بۇ مۇنچىغا ئويلىمىغان يەردىن باشقا بىرسىنىڭ سەـ ۋەنلىكى بىلەن ئوت كېتىپ، قاق بالاغا ھېسامكام قالدى. كۇندە پىپەن، كۇندە كۈرەش، كۇندە دەشنام.

...ئايىغى چىقماس سوئال - سوراقلاردىن جاق تويغان ھېسامكام

بىر كۈنى توقۇمىنى قارىنغا ئالدى – دە، كۈدە – كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە بىراقلا يېنىپ كىردى. شۇ ئىشلار بولۇپ تا ھازىرغىچە تۇرپان يۈزىگە ئۆرۈك يېگىلىمۇ چىقمىدى.

شۇنداق، ھېسامكام شەھەرگە يېنىپ كىردى. بۇ يەتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرى ئىدى. شەھەر ئۇ ئىلگىرى كۆرگەن شەھەرگە، كىندىك قېنى تامغان، ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئاۋات، قايناق شەھەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى. كوچا تاملىرى چوڭ خەتلىك گېزىت، «يالقۇنلۇق شوئار» لار بىلەن «بېزەلگەن»، رادىئو كانىيىدىن ۋەزىيەتنىڭ «چوڭ ياخشى» تەرەپلىرى كۈچەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، تۇتامى يوق نۇتۇق، تېتىقسىز ۋەزىلەر كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل مىسكىنلىك، ئۈمىدسىزلىك يېغىپ تۇراتتى. ئۇ بۇيەرگە كېلىپ يەنە بىر مەزگىل سورۇقچىلىق تارتتى. قارا نوپۇس بولۇپ يۈردى. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى ھېسامكام ئۆمرىنىڭ مەيلى خۇشاللىق، مەيلى بوران – چاپقۇنلۇق كۈنلىرىدە بولسۇن، ھاياتتىن، تۇرمۇشتىن، باشقىلاردىن ئاغرىنىپ باققان ئەمەس. ئەڭ قايغۇلۇق، جاپالىق چاغلاردىمۇ ئىرادە – ئېتىقادىنى يوقاتماي چاقچاق بىلەن، كۈلكە بىلەن ياشاپ كەلدى. لېپى سېغىزدىن، تىلى مېغىزدىن پۈتۈلگەن بۇ كىشى چاقچاقتىن، كۈلكىدىن باشقىسىنى بىلمەيتتى. ھېسامكامنىڭ شەھەرگە كىرىشى ئۇزۇن زامان جىمىپ قالغان «ھېسام قۇربان قىزغىنلىقى» نى قايتىدىن ئويغاتتى. ئۆلۈمدىن باشقىسىنى تاماشا دەپ بىلىدىغان ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئولتۇرۇۋالغۇدەك پۇرسەت تاپسىلا گازىر – پۇرچاق بىلەنمۇ «كاتتا – كاتتا» سورۇنلارنى قۇراشتۇرۇپ كۈلكە – چاقچاقنى باشلىۋېتەتتى. شۇ كۈنلەردە كۈلكە بار يەردە ھېسام بار، نەغمە – ناۋا بارلىكى يەردە ھېسام بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ لەتىپە – چاقچاقلىرى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەنىۋى زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئىنكاسى چاقماقنى، تىلى قىلىچ بىسىنى ئەسلىتەتتى. خۇددى ھېسامكامنىڭ ۋارىسلىرى ئېيتقاندەك: «ئۇ بىر چېقىلغىلى بولمايدىغان يۇقىرى بېسىملىق توك ئىدى. ئۇنى تۇتماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قول-

نى شۇبھىسىز كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى». ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى تېز ئاتارلىقى، ھازىر جاۋابلىقىدا ئىدى. مەۋھۇم ئۇقۇملارنى جانلىق ئوبرازلار ئىچىگە شۇ دەرىجىدە سىڭدۈرۈۋېتەتتى. «ھېسامكام» دەپ يازىدۇ ماخمۇت مۇھەممەد «ھېسام ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى» ناملىق ماقالىسىدە «خېلىغىچە ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان پىكىرلەرنىمۇ قارشى تەرەپنىڭ سۆزى، سوئالى تۈگىمەستىنلا جاۋاب تەرىقىسىدە دەۋېتەتتى، تىڭشىغۇچىلار دەسلەپتە يېرىم ئاڭسىز ھالەتتە قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. كۈلكىدىن كېيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ ئۇشتۇمتۇتلا بۇ تېز جاۋاب چاقچاقنىڭ تېگىنى، ئەسلىي مەنىسىنى پەملەپ قېلىشاتتى ـ دە، يېڭىۋاشتىن قايىللىق كۈلكىسىنى كۈلۈشەتتى».

ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدا بولسا كېرەك. يەتمىشىنچى يىللاردا ھېسامكام ئۆزىگە تولىمۇ سەتەڭ بىر لەقەمنى يادنامە قىلىپ يۈردى.① لەقەمنىڭ كىملەر تەرىپىدىن، قانداق قويۇلۇپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ لەقەم ئۇنىڭ تۇرقى، مېڭىش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكىتىگە تولىمۇ ماس كەلگەن بولۇپ، سەتەڭلەرنىڭ قاش ـ قاپىقىدىكى ئۇپا ـ ئەڭلىكتەك شۇنداقمۇ چىرايلىق سىڭىپ قالغانىدى. ئىلىدىكى چاغلىرىدا ھېسام قۇربان بىلەن خېلى چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، ھېسام ئارقىلىق ئۇيغۇرنى، ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۇيغۇر تىل سەنئىتىنى چۈشەنگەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مېڭ كېيىنكى چاغلاردا خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىغان «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابنى كۆرۈپ: «بەك خۇش بولدۇم، ھېسام ئاخىر ئۆز ئورنى، ئۆز نوپۇزىنى تېپىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ لەقىمى نەگە كەتتى؟ فامىلىسىگە قارىغاندا لەقىمى بەكرەك يارىشاتتى. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، يۇمۇرستىك خۇسۇسىيىتىنى ئۇنىڭدەك ئېچىپ بېرىدىغان لەقەم كەم تېپىلاتتى» دەپ، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە باش چايقىغانىكەن. دېمەكچىمۇ ھازىر ھېسامكامنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە دانىشمەنلىكنىڭ سىم-

---

① ھېسام قۇرباننىڭ «دەلدۈش» دېگەن لەقىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋولى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمى بىز ئۇچۇن قانچىلىك قەدىرلىك بولسا ئېغىر يىللاردىن يادنامە قالغان تەۋەررۈك لەقىمىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلىك، سۆيۈملۈك ئىدى.

ھېسام قۇربان 1980 - يىلىنىڭ تالقان تۆكتى پەسلىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ مەركەز ۋە شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن سەنئەت ئەھلىگە ماھارەت كۆرسىتىپ، زور ئالقىشقا ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

— سىز غۇلجىدا نېمە ئىش قىلىسىز؟

— گەپنى بىكارغا قىلىپ، نورمىنى پۇلغا ئېلىپ يەيمەن.

يىغىنغا مەركەزدىن ئالاھىدە كەلگەن كاتتا بىر باشلىق تەرجىمانى ئارقىلىق سورىغان سوئالىغا ھېسام قۇربانىنىڭ ئاجايىپ يۇمۇرلۇق، مەنىلىك بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ خىزمىتى ئەمەلىيلىشىپ غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا چاقچاقچىلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ۋە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىمكانىيەت، زېمىن ھازىرلاندى.

چاقچاق — كىشىگە روھىي ئوزۇق، مەنىۋى قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان خاسىيەتلىك مەلھەم. شۇنداقلا ئۇ ناچار ئىللەت، چاكىنا ئادەت، غەيرىي قىلىقلارنى قامچىلايدىغان بىر خىل ئۆتكۈر تەنقىد قورالى. زامانىمىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە ھېسام قۇربان چاقچاقچىلىق ھاياتىنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن، شۆھرەت قازانغان دەۋرىنى كۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى مىللىي پۇرىقى قويۇق، دەۋر تىنىقى ئېنىق، رېئاللىق تۇيغۇسى كۈچلۈك، تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى. مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پارتلاش خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلدى. نوپۇزى، تەسىر كۈچى ھەسسىلەپ ئېشىپ، نامى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارالدى. ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت تىل - يېزىقىدىكى گېزىت - ژۇرناللار، مەجمۇئەلەر ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى بەس - بەستە ئېلان قىلدى. بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەر -

لەردە، چەت ئەللەردە «ھېسام چاقچاقلىرى» ھەر خىل تىل ـ يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ھاياتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس پوۋېست، بىئوگرافىك رومانلار يېزىلدى. ھېسامنى تەتقىق قىلىش ئىلىمىدىكى ئۇيـ-غۇر تۇرمۇشىنى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېڭى، ئۇيغۇر پسىخىكىسى، ئۇيغۇر تەپەككۇرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېگىزى بولۇپ قالغاچقا، بۈگۈنگە كەلـ-گەندە مەخسۇس ھېسامشۇناس تەتقىقاتچىلارمۇ بارلىققا كەلدى. «خەلق ئېـ-غىز ئەدەبىياتى» نىڭ نەزەرىيە قىسمىغا ئۇنىڭ چاقچاقلىرى يەنە مەخسۇس بىر تەركىب سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى. شۇنداق، بىر يىللىرى غۇلجا شەـ-ھەر كوچىلىرىدا ئالدىغا تەنزە ئېسىۋېلىپ، پەشمەت ـ تاقىيا سېتىپ يۈـ-رىدىغان ئاۋاق، كۆرۈمسىز بۇ بالا ئەمدىلىكتە جىمى ئىقلىمغا تونۇلغان، جىمى ئادەم سۆيىدىغان، قەدرى ۋە ئېتىبارىنى قىلىدىغان چاقچاق پېشۋاسىغا، زامانىمىزنىڭ سېپى ئۆزىدىن نەسرىدىن ئەپەندىسىگە ئايلانـ-دى. نەسرىدىن ئەپەندى باغداتتا، ئىستامبولدا، تېھراندا، بۇخارادا، بەدەخـ-شاندا، قوقاندا ⋯ ئىشقىلىپ شەرقنىڭ قايسى يېرىدە پەيدا بولمىسۇن شۇ يەرنىڭ پۇقرالىرى، ئوتتۇنچى، سوپۇنچىلىرى ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان، ئارىغا ئېلىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگىنىگە ئوخشاش ھېسام قۇرباـ-نىمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدى. بۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. بۇ خەلقنىڭ ئۆز قىزىقچىسىغا بولغان مايىللىقى ۋە قايىللىقى ئىدى. بىز كۆپ ھاللاردا ھايات ئادەمنىڭ قەدرىگە يەنە دىگەندەك يېتىپ كېتەلمەيـ-مىز. ئارىمىزدىن كەتكەندە بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز ـ دە، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە باش چايقايـ-مىز. بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ قويغان بەزىبىر ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى تارتىمىز.

بىز بۇ يەردە سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن ھېسام قۇربان ئاكىنى كۆـ-رۈش، دىدارلىشىش ئىستىكىدە شياڭگاڭ، ياپونىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن، شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىـ-رىدىن كەلگەن ۋە كېلىپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئىزگۇ نىيەت، ئىزگۇ تىلەكـ-لىرى، ھەر قېتىم شەرقىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭلارغا چۈشكەندە

ئاق كۆڭۆل، مېھماندوست شەھەر ئاھالىلىرى، يېزا پۇقرالىرىنىڭ قەدىر ساناشلىرى، ئايالى زېمىنىخان ھەدىمىزنىڭ قەشقەر ھېيتگاھ ئالدىدا ھېسامكامنى ئارىغا ئېلىۋالغانلار ئارىسىدا يىتتۇرۇپ قويۇپ تاڭ ئاتاردىن، كۈن پاتارغىچە ئىزدەپ ئاۋارە بولغانلىقىغا ئوخشاش بىر قاتار تەپسىلاتلارنى، يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن تەرەپلەرنى قىسقارتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ كىچىككىنە ماقالە بىلەن ھېسامكامنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ھېسامكام مۇشۇ ئۆمرىدە قانچىلىغان ھېيت - بايراملارنى بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدىكى ئېگىز پەشتاقتا ناغرا چېلىش بىلەن قىزىتتى؟ قانچە - قانچە مەشرەپلەرگە، نورۇز بەزمىلىرىگە، توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكلىرىگە سېھىرلىك چاقچاقلىرى بىلەن رەڭ بەردى؟ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت بىر ئىشنىلا بىلىدۇ. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ توپ ئوقلىرى ئەمدىلەتىن بېسىقىغا چۈشكەن چاغلاردىن باشلاپ كىملەرنىڭدۇر مەرىكىلىرىنى قىزىتىپ بەرگەنلىكىنى، كېيىن ئۇلارنىڭ بالىسى، نەۋرىلىرىنىڭ چوڭ توي، خەتنە تويلىرىغا قاتناشقانلىقىنى ناھايىتى روشەن ئەسلىيەلەيدۇ. 1951 - «ئانارخان» فىلىمىدە تۇرسۇن موللىنىڭ رولىغا چىققانىنى ھېسابلىغاندا يەنە «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «بەخت ناخشىسى»، «رەنانىڭ تويى»، «توي ئۈستىگە توي» ··· قاتارلىق دراما، ھېكايە فىلىملەرگە قاتناشقانلىقىنى ناھايىتىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇنى مەخسۇس تونۇشتۇردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەڭرىتاغ گۈلزارى» سەنئەت پروگراممىسى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان ئالاھىدە سۆھبەتنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە كۆرسەتتى. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنغان «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق ئون پارچە كىتاب بۇ پېشۋا چاقچاقچىمىزنىڭ چىرايىدىكى مۆجىزىلىك قورۇقلارنىڭ خاسىيىتىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئاشۇ قورۇقلارنىڭ ھەر بىر تال سىزىقچىسىغا ئۇنىڭ ھايات كەچمىشلىرى سىڭىپ كەتكەن. شائىر مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ شۇ قورۇقلار ھەققىدە تۈزگەن چىرايلىق مىسرالىرى ھازىرقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

دەك يادىمىزدا تۇرۇپتۇ:

تۇنۇگۇنكى يۇمۇرلۇق يىگىت،
كىرىپ قاپسەن بۇگۇن يەتمىشكە،
جاۋاب بېرىپ كەلگىنىڭ تۆھپە،
چاقچاق بىلەن جىمى كەچمىشكە.

ئاسان ئەمەس سەندەك ياشماق،
يولاتماستىن قايغۇ ـ ئەلەمنى.
يىغلىغانغا ئۆزۈڭ تەسەللى،
قايغۇرغانلار ئۇنتۇيدۇ غەمنى.

بىز يىغلىغان يىللار ئاز ئەمەس،
ھەتتا ھەركىم جاندىن غەم يېگەن.
بىرەر سۆزنى ئاڭلىماپتىمىز،
ئەمما «ھېسام يىغلاپتۇ» دېگەن.

ۋادىمىزنى لەرزىگە سالغان،
ناخشىدىن ئۈز چاقچاقلىرىڭ بار.
ياندۇرىدۇ يانمىغان ئوتنى،
چاقچاقلاردا چاقماقلىرىڭ بار.

سېنىڭ روھىڭ ــ ئېلىنىڭ روھى،
خەلقىمىزنىڭ بىر بايلىقى سەن.
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى يۇرمە كەمسىتىپ،
جىمى ئەلنىڭ چىرايلىقى سەن.[1]

---

① شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن بۇ شېئىرنى ھېسام قۇربان ھاياتىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاتاپ يازغان. (قىسقارتىپ ئېلىندى.)

شۇنداق، ھېسام قۇربان ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە تويۇنغان
ئاجايىپ چاقچاقلىرى بىلەن تۇرمۇشىمىزغا بىر ئۆمۈر باھار ئاپتىپى
سەپتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاقچاقچىلىق سەنئىتىگە ئىجابىي ۋارىسلىق
قىلىپ ھەم ئۇنى بېيىتىپ، يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى، ئۆتمۈش بىلەن
بۈگۈن، بۈگۈن بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن كۆۋرۈك سالدى. ئۇ
چاقچاق ھەققىدە، چاقچاق سەنئىتىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ئۈستى-
دە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— چاقچاق — جەلپ قىلىش كۈچى پەۋقۇلئاددە زور سەنئەت. باش-
قىلارنى كۈلدۈرەلمىگەن چاقچاق مۇساپىرنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشايدۇ.
ئوبرازلىق تەپەككۇر چاقچاقنىڭ جېنى. ئۇنىڭغا ئىنكاس بىلەن يۇمۇرىس-
تىك خۇسۇسىيەت قوشۇلۇپ كەلسە بىر پارچە ئوتقا، مۇزلىغانلارنىڭ باغ-
رىنى ئىللىتىدىغان، چاكىنىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋې-
تىدىغان ئوتقا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭغا يەنە پەزىلەت ۋە چاقچاق ئەخلاقىنىمۇ
قوشۇپ قويۇش كېرەك. تىل دېگەن ئۇگىسى يوق بىر پارچە گۆش. ئې-



غىزدىن چىققاننىڭ ھەممىسىنى چاقچاق دەپ چۈشەنسەك، تۇ چاقچاق-
چاق سەنئىتىگە ھاقارەت كەلتۈرگەن بولىمىز. مەن چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ
ھازىرقى ھالىتىدىن خېلىلا رازى. بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز ناھايىتى
ئوبدان چىقىۋاتىدۇ. ئىلىنىڭ چاقچاق سەنئىتىنىڭ ئەتىسىدىن ئۈمىدىمىز
تېخىمۇ زور.

ھېسام قۇربان ھازىر جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي ھېكايىچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىجتىمائىي ئىشلاردا يەنە ئۆزىنىڭ مۇناسىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

# ھېسام چاقچاقلىرى

## ناخشىغا جور بولۇش

70 ـ يىللاردا رەڭگى يېشىلغا مايىلراق بىر ھاراقنى ئىچىش مودا بولۇپ كېتىپتۇ. ئىچەرمەنلەر ئۇنى ئاددىيلا قىلىپ «يېشىل ھاراق» دەپ قويىدىكەن. بۇ ھاراقنىڭ ئەسكى بىر يېرى تۆتلا رومكا ئىچكەن ئادەمنى پوكلا چۈشۈرۈۋېتىدىكەن.

بىر كۈنى سۇ دەرۋازىدىكى مەلۇم بىرىنىڭ باراڭلىق ھويلىسىدا كاتتا ئولتۇرۇش بوپتۇ. ھاراقلار ئىچىلىپتۇ، سازلار چېلىنىپتۇ. ھېسامكام ھېلىقى ھاراقنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە ئىچمەي تۇرۇۋاپتۇ. خەيرىيەت، ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەي ئولتۇرۇشتىكىلەر پوكۇلداپ چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا ھېسامكام بىلەن سازەندە

ئىككىسىلا قاپتۇ. سازەندە يىگىت تەمبۇرنى خالىغان بىر پەدىگە چېكىپ، باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان چۈمۈچلەرگە قاراپ ناخشا باشلاپتۇ:
— ياپىيېشىل باراڭلىقتا چۈشكەن چۈمۈچۈڭ سەر خىل.
ھېسامكام كەينىدىنلا ئەگىشىپتۇ:
— ئىچىپ يېشىل ھارىقىڭنى چۈشكەن مەستلىرىڭ سەر خىل...

## لەقەمگە ئىشارە

بىر چايدا روزى ئابدۇۋەلى باشلىق قىزىقچىلار ئالدىن كېلىشىۋېلىپ ھېسامكامنىڭ پاراڭلىرىغا كۈلمەي تۇرۇۋاپتۇ. ھېسامكام شۇنداق قىزىق چاقچاقلارنى قىلىدىكەنۇ، زادىلا كۈلكە چىقمايدىكەن. بىر چاغدا روزى ئابدۇۋەلى ھېسامكامنى چېكىپ:
— بەللى ھېسامكا، سىزنى شۇنچە يەردىن چاقچاق قىلىپ كۈلدۈ-رەمدىكىن دەپ ئەكەلسەك، بىر چىچىتىڭىز - دە؟ — دەپتۇ.
— مەن چىچىپ بەرمىسەم، — دەپتۇ ھېسامكاممۇ روزى ئابدۇۋەلى-نىڭ «توخۇ» دېگەن لەقىمىگە كەلتۈرۈپ دەرھاللا، — سەن نەلەردە يۈرۈپ دانلايتىڭ؟
ئۆي ئىچىدىن قىيقاس چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئۇنداق بولسا...

ھېسامكام ئىشلەۋاتقان مەدەنىيەت يۇرتىدا ئەر يارىماي ئولتۇرۇپ قالغان تازىمۇ ئوقۇرى ئۇستۇن بىر قىز بار ئىكەن. ئۇيەر - بۇيەردىن ئەلچىلەر كىرسە تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئېيتىپ قايتۇرۇۋېتىدىكەن.
بىر كۈنى ھېسامكام قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ:
— زادى نېمە تەلىپىڭىز بار ئىدى سىڭلىم؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۇلى جىقلا بولسا تېگىۋېرىمەن.

— ئۇنداق يېرى بولسا، — دەپتۇ ھېسامكام، — پۇلى جىقراق باد-
كىغلا تېگىك.

## ئەۋلىيانىڭ جاۋابى

ھېسامكام ئۇرۇمچىگە بارغاندا ئاتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان
بىر ئايال ئۇنىڭدىن:

— قېنى دەپ بېقىڭە ھېسامكا، مەن نەچچىلەرگە كىرگەندىمەن؟ —
دەپ سوراپتۇ.

— كۆپ بولسا ئوتتۇزلاردا بار. ئىشقىلىپ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەت-
مىدىڭىز.

ھېلىقى ئايالنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

— ۋېيىەي ھېسامكا، راستىنىلا ئەۋلىيادەك ئادەمكەنسىز، قانداق
قىلىپ تېپىۋالدىڭىز؟

— يېشىڭىزنى، — دەپتۇ ھېسامكام، — ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆل-
دۈم.

## ئۇنىڭدىن يىراق...

ھېسامكامنىڭ تېۋىپلىقتىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلىقىنى ئاڭلىغان
بىرەيلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ:

— يېقىنىڭياقى يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئاڭلىسام
سىزنىڭ كۆز داۋالايدىغان ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن. سەۋەب قىلىپ باقسى-
ڭىز، — دەپتۇ.

ھېسامكام ھېلىقى كىشىنى ئاپتاپقا ئاچىقىپ ئىككى سائەتتەك ئول-
تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئاسماندىكى كۈننى كۆرسىتىپ:

— نېمىنى كۆرۈۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قۇياشنى.



www.uyghurkitap.com

— ھەببەللى، — دەپتۇ ھېسامكام، — ئۇنىڭدىن يىراق نەنى كۆرەتتىڭىز؟

## پايدىسى بار

ھېسامكام ئىلگىرى شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى تازدىمۇ زەي، تار بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى. بىر كۈنى يۇقىرىدىن زىيارەت قىلغىلى كەلگەن بىر تەتقىقاتچى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەيران قاپتۇ ـ دە، گەپ ئارىلىقىدا سوراپتۇ:

— سىزنىڭ مۇنداق ئەبجەق ئۆيلەردە ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى؟

— ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ ئالغان.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۆي زەي بولسا، — دەپتۇ ھېسامكام، — چاقچاقلىرىمدىن توپا چىقمايدىغانغا پايدىسى بار.

## يادىغا يېتىش

«ئۇلگىلىك ناخشا»، «ئۇلگىلىك تىياتىر» لار دەۋر سۈرۈۋاتقان يىللاردا مەلۇم بىر سەييارە ئويۇن قويۇش ئۆمىكى ھېسامكاملار تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ئويۇن قويغىلى كەپتۇ. ئەترەت قورۇسىغا ئاددىيلا سەھنە ھازىرلاپ ئويۇن كۆرسىتىپتۇ. ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدىكى بىر ناخشىچى سەھنىدە ئىشقى بىلەن ناخشا توۋلاۋاتقاندا، تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ھېسامكام ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ. يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى:

— ھېسامدىن، تەسىر قىلىۋاتامدۇ نېمە، كۆڭلۈڭلار بۇزۇلغىلى تۇردىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ ھېسامكام، — ھەپتە بۇرۇن مېنىڭ بىر موزىيىمنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇۋىدى، ناخشىچىنىڭ ئاۋازى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ شۇ رەھمەتلىك موزىيىم يادىمغا يېتىۋاتىدۇ.

## داۋالاپ قويامسەن

مۇشۇ كۈنلەردە بەزىبىر قىز ـ يىگىتلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىغا گەپ ئىشلىمەيدىغانلا بولدى. ھېسامكام ئۈرۈمچىدە كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ شۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپتۇ. ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان قىز ـ يىگىت كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا ئۇياتسىز قىلىقلارنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. قىز قوپۇپ: «بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دېسە، يىگىت: «مەن دېگەن ئۇستا دوختۇر، داۋالاپ قويالايمەن» دەپ، قىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدىكەن. «قولۇم ئاغرىۋاتىدۇ» دېسە، قولىغا سۆيىدىكەن. شۇ تەرىقىدە يىگىتنىڭ «داۋالاش ۋە مەشغۇلات» تەرتىپلىرى ھېلىقى قىزنىڭ خېلىلا نازۇك يەرلىرىگە بېرىپ يېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ھېسامكام، يىگىتكە قاراپ دەپتۇ:

— ئۇكاموي، مەندىمۇ گېمورروي كېسىلى بار ئىدى، داۋالاپ قويامسەن؟

## جازا شارابى

بىر يىلى ھېسامكاملار بۇرادەر ـ ئۈلپەتلىرى بىلەن قاتار چاي ئويناپ قاپتۇ. چاينىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى بەكلا قاتتىق ئىكەن. كىمدە كىم چايغا دېگەن قەرەلدە كەلمىسە ياكى كېچىكىپ قالسا جازا ئورنىدا ھاراق تۇتۇپ مەجبۇرىي ئىچىدىكەن.

بىر قېتىم ھېسامكام كېچىكىپ قاپتۇ. ئۇمۇ قوپۇپ «جازا شارابى» دەپ بىر رومكا تۇتىدىكەن. بۇمۇ قوپۇپ «جازايىڭنى ئىچىۋەت» دەپ بىر رومكا بېرىدىكەن. خەيرىيەت، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن تۆت رومكا ھاراقتىن كېيىن ھېسامكام تەييار بولۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئېسىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق سىد-

ـزىقنى بويلاپ لەپەڭشىپ كېتىۋاتقان. قاتناش ساقچىسى ئالدىدىن چىد-
قىپ:
— ھېسامكاۋوي، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ كوچىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا نېمە بار ساڭا؟ مۇشۇ ئىشىڭ ئۇچۇن جازا… ، — دەپ گې-
پىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرۇپ بولغۇچە ھېسامكام قولىنى تاپانچا شەكلىدە
چىقىرىپ تۇرۇپ دەپتۇ:
— قويە، ھارىقىڭنى…

## جەننەت ۋە دوزاخ

بىر كىشى ھېسامكامدىن چاقچاق قىلىپ سوراپتۇ:
— ھېسامىدىن، سىز ئۆلسىڭىز جەننەتكە كىرەرسىزمۇ، دوزاخقىمۇ؟
ھېسامكام جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئەمدى قاراڭ، بىز قول ئىلكىمىزدە يوقراق ئادەم بولغاندىكىن،
يازدا جەننەتتە تۇرۇپ، قىشنى دوزاختا ئۆتكۈزىمىز - دە!

## ئىتتەك ۋە بۇلبۇلدەك

قاتتىق سوغۇق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامكام بىرنەچچە ئاغىنىسى
بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، چوڭ كوچىغا كەلگەندە مۇزلاپ كاس - كاس
تىترەۋاتقان بىر ئاغىنىسىگە چاقچاق قىپتۇ.
— پاھ، ئاغىنە، ئىتتەك تىترەۋاتىسەنغۇ.
ئاغىنىسى دەررۇ ئۆڭۈپتۇ. ھېسامكام دەرھال گېپىنى ئوڭشىۋاپتۇ:
— يوقسۇ، بۇلبۇلدەك تىترەۋاتىسەن دەيمەن - دە!

## باشلىقنى ماختاش

ھېسامكامنىڭ باشلىقى دائىملا ئۇنى «مېنى سورۇنلاردا نېمىشقا

ماختىمايسەن؟» دەپ كايىيدىكەن. بىر قېتىم يوقىرىسىن ئەمۋالىنى ئىگىلە-
گۈچىلەر كەلگەندە ھېسامكام باشلىقنىڭ ئالدىدىلا كەلگەنلەرگە ئۇنىڭ
تەرىپىنى قىلىپ بېرىپتۇ:

— بىزنىڭ باشلىقتەك ئادەم شەھەردە يوق ـ دە. باشقىسىنى قويۇپ
مۇشۇ قېتىمقى ئۆستەڭ چېپىشقا چىققانىنى دەي، ئۆستەڭ پۈتكۈچە بىر-
نىڭ باشلىق كېچە ـ كۈندۈز يا تۈزۈك تاماق يېمەي، يا سۆزلىمەي ...

— نېمە قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ كەلگەنلەردىن بىرى قىزىقىپ.

ھېسامكام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇخلىدى.

## يېرىم ۋە پۈتۈن دۆلەت

باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەپ ئۇيالمايدىغان ساختىپەز بىر ئوقەتچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامكام بىلەن دۆلەت (بەخت ـ ئامەت) ھەققىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ:

— ئېيتىڭە ھېسامجان، پۈتۈن دۆلەت دېگەن قانداق بولىدۇ، يېرىم دۆلەت دېگەن قانداق بولىدۇ؟

گەپكە پۇرسەت كەلگىنىنى سەزگەن ھېسامكام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— قىلمىنلىق يېرىم دۆلەت، ئۇنىڭغا يالغانچىلىق قېتىلسا پۈتۈن دۆلەت بولىدۇ.

## مېھماندوستلۇق

بىر كۈنى ھېسامكاملارنىڭ ئۆيىگە ئىككى مېھمان كەپتۇ. ھېسامكام ئايالى ۋە ئىككى مېھمان بولۇپ تۆتەيلەن تاماق يېيىشىۋاتقاندا مېھمانلار-دىن بىرى ئۆزى يېقىندىلا ئايلىنىپ كەلگەن يايلاقنىڭ گېپىگە چۈشۈپتۇ:

— قاراڭ ھېسامكا، يايلاقتىكى كىشىلەر ئاجايىپ مېھماندوست كې-

لىدىكەن. سىزدەك، بىزدەك بىرەر مېھمان بېرىپ قالسا، مەسىلەن: مەن سويىدىكەنمەن بىر قوي، مۇنۇ بۇرادىرىمىز سويىدىكەن بىر قوي، سىز سويىدىكەنسىز بىر قوي، بۇ ھەدىمىز سويىدىكەن بىر قوي…


گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ھېسامكام مېھمانىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ:

— توختاڭ ئۇكام، مەن بىر قوي سويغاندىن كېيىن بولدى ـ دە، ھەدىڭىز يەنە نەنىڭ قويىنى سويىدۇ؟

## قالغان ئوتتۇز ئۇچى

بىر دودەن يىگىت ھېسامكامنى يولدا توسۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھېسامكام قانچە ياخشى گەپ قىلسىمۇ پايدىسى بولماپتۇ.

— خوش، مەيلى، — دەپتۇ ھېسامكام، — قېنى ئەمىسە قانداقسىگە مۇشتلىشىمىز؟



www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ يۇرتتا، — دەپتۇ دودەن، — يېپىشىمىز يەتتە بولىدۇ، ئۇرۇشىمىز يەتتە بولىدۇ، شۇنداق مۇشتلىشىمىز.

— بەك ياخشى، — دەپتۇ ھېسامكامۇ تەمتىرىمەي، — بىزنىڭ يۇرتتا يېپىشىمىز تېرىق، ئۇرۇشىمىز قىرىق بولىدۇ. يەتتىگە يەتتىنچى كەتسە، قالغان ئوتتۇز ئۇچىگە پەشمەتىڭلارنى گۆرگە قويامسىلەر؟

دودەننىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ.

## يازىدۇ


ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ يۇرىدىغان بىر كىشى تۇغرىسىدا بىرى ھېسامكامدىن سوراپتۇ:

— يۇرۇش - تۇرۇشىغا قارىغاندا مۇشۇ ئادەم يازامدۇ، قانداق؟

— يازىدۇ، — دەپتۇ ھېسامكام، — مەستچىلىكتە پات - پات جىبدەل چىقىرىپ، ئىدارىدە تەكشۈرۈش يازىدۇ.

# مۇھەببەتنىڭ دىۋانىسى

تويدىمۇ، ئۆلۈمدىمۇ، سەكرات ئۈستى، قەبرە بېشىدىمۇ يەنە شۇ چاقچاق، يەنە شۇ كۈلكە. بۇ يەردىكىلەر ئەزەلدىن بوغۇزىغا كەپلىشىپ كەلگەن چاقچاقنى يۇتۇۋېتىشكە ئادەتلەنمىگەن. گەپنى ئېھتىيات بىلەن قىلمىسا بولمايدۇ، قارشى تەرەپ تەسەللىگە موھتاج دەقىقىلەردىمۇ پاراڭنىڭ بېشىنى ئوخشاشلا چاقچاققا بۇراۋېرىدۇ. چاقچاقنى ئاشكارا قىلىشقا پۇرسەت بولمىغان چاغلاردا لەقىمىگە، مىجەزىگە، يۈرۈش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكىتىگە يۆلەپ تۇرۇپ، گويا خوتۇن كىشى قاش - كۆزىگە سۈرمە تارتقاندەك شۇنداق چىرايلىق، سىلىق، ئۇستىلىق بىلەن قىلىۋېرىدۇ. مۇنداق چاقچاق ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىدە «قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇ.



سىلەر بىلمەيسىلەر، غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭ مەھەللە دېگەن يېرىدە بۇ يىل (2004 - يىل) 87 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۆمرى ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ساز، ناخشا، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتكەن، كلاسسىك ناخشا، خەلق قوشاقلىرى توغرىسىدىكى بىلىمى خېلىلا مۇكەممەل سەلەيكام قار ياغدى دەپ بىر كىشى بار. ئاۋۇ بىر يىلى سەلەيكام ئاقساقالنىڭ

ئانىسى ۋاپات بولغاندا جامائەت پەتىگە كىرىپتۇ. پەتچىلەر قاتارىدا سە-لەيكام ئاقساقالنىڭ دائىم چاقچاقلىشىپلا يۈرىدىغان ئابدۇكېرىم سىرىتقى دېگەن ئاغىنىسىمۇ بار ئىكەن. ئابدۇكېرىم سىرىتقى ئانىسىغا ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەۋر قىل ئاداش، ھېلىمۇ ياخشى، ئاناڭ رەھمىتى قار - شىۋىرغان، جۇدۇن - چاپقۇن كۈنلەرگە قالماپتۇ. بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

تەسەللىنىڭ «لەقەملىك چاقچاق» ئارقىلىق ئۆزىگە يېنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەلەيكام ئاقساقال يىغىسىنى چاندۇرماي داۋاملاشتۇرۇپ، چاق-چاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ۋاي ئانام، كۈننىڭ سىرىتقىنى كۆرمەي تۇگەپ كەتكەن ئانام، سىرىتقال كۈنلەردە بېشىمىزنى سىلىغان ئانام، دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي كىشىلەرنىڭ ئالدىدا چىرايىمىزنى سارغايتمىغان ئانام.

شۇ كۈنلەردە سىرتتىن كېلىپ، جامائەت بىلەن پەتىدە بىللە بولۇپ قالغان مەلۇم بىرەيلەن قايتىپ چىققاندىن كېيىن قايناپ قاپتۇ:

— ئېشەك ئۆلسە بىرنېمىسى غىجەك تارتىپتۇ دەپ، ئۆي ئىگىسى مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرۇۋاتسا سىلەرنىڭ پىخىلداپ كۈلگىنىڭلار نېمىسى؟

— چۈشەنمىدىڭمۇ؟ — دەپ ئىزاھات بېرىپتۇ ئۇلار سىرتتىن كەل-گەن كىشىگە، — بىرى تەسەللى بەرگەن بولۇپ، يەنە بىرى ئانىسىغا ھازا ئاچقان بولۇپ چاقچاق قىلىشىۋاتىدۇ.

— توۋا، — دەپ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ ھېلىقى كىشى، — بۇ ئىلىخو-لۇق دېگەننى چۈشەنمەك ئەجەب تەسكەن.

يەنە بىر مىسالنىمۇ دەۋېتەي:

ئىلىدا ئۆتكەن تەۋەررۈك مۇقامچىلىرىمىزدىن بىرى ئابلاخىنىكام كېپەك قاتتىق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، ساقىيىشتىن ئۈمىد قالمى-غان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسام قۇربان، ئىبراھىم ئابلاخان، روزى ئابدۇ-ۋەلى ئۈچى يوقلاپ كىرىپتۇ. ئابلاخىنىكام كېپەك:

— قوغۇن پىشتى، ئەمدى ساپىقىدا تۇرمايدىغان ئوخشايدۇ، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا بىر كۈنلۈك مەرىكەمنى چىرايلىق ئۆزىتىپ بەرسەڭلار، — دېيىشكە ئىبراھىمكام:

— بىزمۇ شۇنى ئويلىغان ئابلاخىنىكا، ناۋادا ئۆلۈپ تارتىپ قالسى-ڭىز خاتىرجەم يېتىۋېرىڭ، باش يۇغۇچىڭىزغا مەن، ئاياغ يۇغۇچىڭىزغا روزى بىلەن ھېسامكام تۇرسا، ماڭا قوزۇقتىكى ئاۋۇ دىراپ پەلتويىڭىز قالسىلا بولدى، — دەپ چاقچاق قىپتۇ.

— ساڭا ئۇۋال بولمىسۇن ئىبراھىم، — دەپتۇ ئابلاخىنىكام كې-پەكمۇ بوش كەلمەي، — باش يۇغۇچقا كىرگەن ئادەمگە تۇماقتىن باشقا ھېچ نەرسە تەگمەيدۇ. مەندىن ساڭا ئەسلىگۈدەك تەۋەررۈك، ئەرزىگۈدەك يادنامە قالسۇن دېسەڭ، ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرا يۇغۇچۇمغا كىر.

ئۆي ئىچىدىن قىيقاس چىقىپ كېتىپتۇ. كۆڭۈلسىز كېسەلدىن بۇرۇقتۇرما ھالەتتە تۇرغان بۇ قورۇ چاقچاقنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن ئىللىق بىر سېزىمگە چۆمۈلۈپتۇ.

ماقالىمىزدە سەلەيكام ئاقساقال ئۇستىدىكى گېپىمىزنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئەل سۆيەر خەلق قىزىقچىسى ئىبراھىم ئابلاخان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمىز.

ئىلىدىكى تەسىرى بار خەلق قىزىقچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىبراھىم ئابلاخان 1942 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ھازىر سۇ دەرۋازا ئەركىن كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇششاق تىجارەتچى. چاقچاقچىلار ئى-چىدە «دىۋانە» دېگەن لەقىمى بىلەن داڭلىق. ئىبراھىم دادىسىغا ياردەم-لىشىپ 1980 - يىللارغىچە تامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. 80 - يىللاردىن كېيىن باققاللىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئىبراھىم ئابلاخاننىڭ تەكتى ئاتۇشنىڭ تېجەن دېگەن يېرىدىن. دادىسى ئابلاخىنىكام ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا يېنىپ چىققان. ئۇ ئۇستا نەققاش، تامچى، كۆزگە كۆرۈنگەن سا-زەندە بولۇپ، گەج بىلەن نەقش چېكىش سەنئىتىنى تۇنجى بولۇپ ئىلى-غا ئېلىپ كىرگەن مىمارچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى

ئىسھاقبېك كۈلۈبى، ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيەت سەھنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن، ھازىرمۇ شۇ چاغدىكى [illegible] يوقاتمىغان خەلق باغچىسى ئىچىدىكى يازلىق كۈلۈب، ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپ قورۇسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان روس پاسونىدىكى قەدىمىي ئۆي، ئىلى بىلىم يۇرتى، تېببىي مەكتەپ، شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كونا بىنالىرى ئابلاخان ئۇستامنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ئاپىرىدە بولغان. ئابلاخان ئۇستامنىڭ يەنە ھاك تاشنى كۆيدۈرۈپ، مەكتەپلەردە ئىشلىتىدىغان تۆت قىرلىق بور ياساپ چىقىپ، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك ھەسسە قوشقان يەرلىرىمۇ بار. قىزنىقچىمىز دادىسى توغرىسىدا توختىلىپ:

— دادام تولىمۇ خۇش چاقچاق، مۇھەببەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ گەج توپىسىنى قورغاسىنىڭ لوسىگوڭ، داشىگۇر تاغلىرىدىن ئېلىپ كېلەتتى. ئۆزى كۆيدۈرۈپ، سوقۇپ، تاسقاپ لاي قىلاتتى. بالا چاغلىرىمدا ئۇنىڭ قارا چىراغ تۈۋىدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ، كېچىلەپ گۈل ئويىدىغان ئىشلىرىنى تولا كۆرەتتىم. ئىشنىمۇ قىلاتتى، ئويۇن ـ تاماشىنىمۇ قولىدىن بەرمەيتتى، — دەيدۇ.

شۇنداق، ئابلاخان ئۇستام بىر تامچى، بىر مىمارچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈندۈزلىرى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرسە، ئاخشاملىرى ساتارنى مۈگىلۈق پەدىلەرگە ئۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. شەھەردىكى ئەمەتخان بارات، ئابلاخان كېپەك، تۇرسۇن چاڭ، زوردۇن نۇسرەت (شىبە) قاتارلىق داڭلىق سەنئەتچى، قىزىقچىلار بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتى. ئۇلار ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ئابلاخان ئۇستامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ھال ـ مۇڭ قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي، سەرەمجان قورۇسىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا خاس ھايات سىمفونىيىسى — مەردانە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ، ئاجايىپ پاراڭلار، قىزىق ـ قىزىق كۈلكە ـ چاقچاقلارنىڭ ئاۋازلىرى ئۆچمەيتتى. بۇ خىل ئاۋازلار كىچىك ئىبراھىمنىڭ غورىگىل داستىخىنىغا قىش ـ ياز باھار چىللاپ كەلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قىزىقچىمىز تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا

ـدىن باشلاپلا مانا شۇنداق مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولغان. مەن ئۇنىڭدىن:
— ئاتۇشلۇقلار تېگىدىن ھۈنەرگە، ئىش - ئوقەتكە، پۇل تېپىشقا پۇختا كېلەتتى. سىز ئاتا كەسپىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىشتا يوق، ئەكسىچە قاملاشمىغان لەقەمنى يادنامە قىلىۋاپسىز؟ — دەپ سورىسام، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:
— لەقەمنىڭ قانداق بولۇشى ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ھاياتتا، كىشىلىك تۇرمۇشتا پۇلغا، مال - دۇنياغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىشتە. مەن بىر ئۆمۈر تۇرمۇشنىڭ دەردى بېسىلغان ئېغىر ھارۋىنى سۆرەپ كەلدىم. شۇنداقلا بىر ئۆمۈر كۈلكە ئىچىدە ياشاپ كەلدىم. مەنىۋى جەھەتتىكى توقلۇقۇم باشقا ھېچكىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ماڭا بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلىنى ئەتراپىمدىكى مۇھەببەتلىك ئادەملەر، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكانىنىڭ خاس مۇھىتى ئاتا قىلغان. مەن بۇنىڭدىن ئەبەدىي پەخىرلىنىمەن، — دېدى.
— كۆپچىلىك سىزنى فامىلىڭىزغا قارىغاندا لەقىمىڭىز بىلەن بەكرەك چۈشىنىدۇ. مۇمكىن بولسا بۇ ھەقتە ئاز - تولا چۈشەنچە بېرىپ باققان بولسىڭىز؟
— چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كەلسە، — دېدى ئىبراھىمكام ئۆزىنىڭ لەقىمى ئۈستىدە توختىلىپ، — گەپنى يەنىلا كونىمىز تېرىق بىلەن قوناق يارمىسىغا قاراپ قالغان ھېلىقى لەنتى يىللاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يىللاردا تۇرمۇشىمىز قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتسىمۇ ئاز - ئازدىن يىغىش قىلىپ، شىمشىكا - پۇرچاق بىلەن شۇنداق سورۇنلارنى تۈزۈۋېتەتتۇقكى، ھەپتە - ئون كۈنگىچە ئاغزىمىزدا قالاتتى. قىلغان چاقچاقلىرىمىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلغىلى، چۈشەنگىلى بولاتتى. بىز قىلغان چاقچاقلارغا ھېچكىم زورلاپ كۈلگەنمۇ ئەمەس. چاقچاق قىلىپ بەرسەك تاڭ ئاتقاندا قولىمىزغا ئىككى يۈز ئەللىك گىرام ئاشلىق بېلەتى بىلەن ئەللىك تىيىن تۇتقۇزۇپ قويسا دادىمىز ھېيتلىق بەرگەندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتۇق. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە

باياندايدىكى مەلۇم بىر توينىڭ مەسلىھەت چاي ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىپ قالدۇق. ئەتىسى قايتىشىمىزدا يول ئۈستىدە سىڭىپ پىشقان بەزرىلىك ناننىڭ پۇرىقى دىمىغىمىزغا ئۇرۇلدى. قارىساق، ياش بىر ئاتا تونۇر بېشىدا نان يېقىۋېتىپتۇ. قورساق ئاچ، ئالايلى دېسەك پۇل يوق سىيادان، پىياز سېلىپ يېقىلغان توقاچلار كۆزلىرىمىزگە گۈل كۆرۈنۈپ كەتتى. ئامالسىز تونۇر بېشىغا باردىم ـ دە، نان يېقىۋاتقان ئايالدىن ئىككى توقاچ سوراپ كەلدىم. ياخشى كۆڭلۇم بىلەن نان سورىغىنىم شۇ يەردىلا بۇرادەرلىرىم تەرىپىدىن نان تىلىگەنگە ئالماشتى. شۇنداق قىلىپ «ئالماش قاپىيە» نىڭ خۇلاسە كالامى بۇگۈنگە كېلىپ «توق قاپىيە» گە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاڭلىسام، كوچىدىكى كەسپىي دىۋانىلەر چېغىدا قولىدىكى چالىدىغان مۇجگاننى شور دەرياسىدىن ئېلىنغان تەۋررۈك، ئەڭگۈشتەرگە ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ دىۋانچىلىك تارىخىدىن، نەسلى ـ نەسەبىدىن پەخىرلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇجگان بىلەن ساپايىسى شور دەرياسىدىن ئېلىنغان بولسا، مېنىڭ ئىلى تۇپرىقىدىن، خاسىيەتلىك زېمىننى ياشارتىپ تۇرۇۋاتقان ئانا دەريا ئىلى دەرياسىدىن ئېلىنغان. شۇڭا ئۇلارغا قارىغاندا مېنىڭ پەخىرلىنىشىم ھەقلىقنىڭ ھەقلىقىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. كىشىلەر مېنى دىۋانە دەيدۇ. راست مەن «دىۋانە». «دىۋانە» بولغاندىمۇ بەدەلسىز قولغا كېلىدىغان پۇچۇق ناننىڭ دىۋانىسى ئەمەس، ساپ ۋە ساغلام ئەقىلدىن تامغان مۇھەببەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ساداقەتنىڭ، سەمىمىيەتنىڭ، كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ دىۋانىسى.

قىزىقچىمىزنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئىلىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىغا باغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ گەپلىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ ئىلى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىنى يادىمغا سېلىپ قويىدى: «ئىلى ئۇيغۇرلىرى چاي، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا چاقچاقتىن ئايرىلالمايدۇ» دەپ يازىدۇ ئۇ. «ئولتۇرۇشلاردا ھە دېگەندە چاقچاقنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار ياپما گەپلەر ئارقىلىق چاقچاق قىلىشقا بەك ئۇستا. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك لەقىمى بولىدۇ. ئۇلار تولىمۇ تەبىئىي ھالدا بىر ـ بىرىنىڭ لەقىمىنى كەلتۈرۈشۈپ چاقچاق قىلىشىدۇ. چاقچاق ئەۋجىگە چىققاندا ھەممە

ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشىدۇ. بولۇپمۇ بىرنەچچە چاقچاقچىلار ئۆزئارا چىشلىشىپ قالسا، ئويۇن بەكلا قىزىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاسانلىقچە گەپ بەرمەيدۇ. چاقچاق ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا داۋاملىشىدۇ. ئاخىرىدا كىمنىڭ يەڭگەن، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بەزىدە قېلىن ـ قاتتىق گەپلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ماھىر چاقچاقچىلار مۇنداق گەپلەرنى بەكلا ئۇستىلىق بىلەن ئېيتىپ كىشىنى تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ.

مەن مۇشۇنداق ئولتۇرۇشلاردا يايراپ كېتەتتىم. چاقچاقلارنىڭ مەزمۇنى بەكلا قىزىقارلىق بولاتتى. پۈتۈن سورۇننىڭ كەيپىياتىمۇ قالتىس ياخشى بولاتتى. پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە بولاتتى. بۇ مەن ئۇچۇن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشتىكى بىر ياخشى پۇرسەت ئىدى. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، مۇشۇنداق بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپتە ئۈچ سائەت دەرس ئاڭلىغاندىنمۇ كۆپ نەرسىگە ئىگە بولغىلى بولاتتى».[①] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇمۇرغا، ھېسسىياتقا، ھاياتىي كۈچكە بايلىقى چاقچاقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك، ياڭراق ئاۋازىغا، ئويناق تەلەپپۇزىغا، ئۆزگىچە ئىپادىلەش تەرتىپىگە زوقلىناتتىم».[②] «مەن ئىلىنىڭ موللا توختىيوزى، باياندايى يېزىلىرىدا تۇرغان مەزگىللىرىمدە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى، ئۇيغۇر تىلىدا تەپەككۇر قىلىشنى، ئۇيغۇر تىلىدا چاقچاقلىشىشنى، ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگەنگەنىدىم.[③] ئەل سۆيەر چاقچاقچىمىز ئىبراھىم ئابلاخان غۇلجىنىڭ مانا شۇنداق مەشرەپ قايىنىغان سورۇنلىرىدا تاۋلانغان، مەشھۇر قىزىقچىمىز ھېسام قۇربانىنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ چىققان يەنە بىر ئەۋلاد چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار دەۋر سۈرگەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـــ 70 ـ يىللىرىدا چاقچاقنىڭ ھازىر جاۋاب

---

① ② ۋاڭ مېڭنىڭ: «مېنىڭ ھاراق ئىچىشىم»، «مېنىڭ يەنە بىر تىلىم» ناملىق ماقالىلىرىدىن ئېلىندى.
③ ئەسئەت سۇلايمان ئويغارنىڭ: «ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېھرىي كۈچى» ناملىق ماقالىسىدىن.

شەكلىدىن ئىبارەت ئانا غولىدىن يېگى، ئىجادىي، تەسەللىي چاقچاق تۈرلىرى شاخلاپ چىقىپ، تازا گۈللەنگەن چاغلار ئىدى. سىرتىنى بولاق - چاپقۇنىنىڭ تەسىرىدە مۇز تۇتۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى ئارقىلىق باھار ئاپتىپىنى سېزەتتى. ئاشۇ چاقچاقلار چۈشكۈنلەرگە ئۈمىد، دەردمەنلەرگە تەسەللى، مىسكىنلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. چاقچاقچىلار ئومۇمەن شۇنداق كېلىدۇ، ئۇلار جەمئىيەت، ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەگە بېرىپ، نەدە تۇرمىسۇن ئوخشاشلا خۇشاللىق تاپالايدۇ. ھاياتنىڭ ئەرزىمەس سىناقلىرىدا باشلىرى قېيىپ، گاڭگىراپ يۈرگەن كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «خۇشاللىق ئىزدىمە، ئۇ سەندە» دېيەلەيدۇ. ئىلگىرىمۇ دېگەن، ھازىرمۇ دېيەلەيدۇ. ئۇ خېلى يىللار بۇرۇن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى قىزىقارلىق توقۇپ، «سېمىرىتىپ» مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

— تەۋەيمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى تۈكى يوق ئىشقا ئارىلىشىپ قالدى. ئاساسىي قاتلام مۇدىرى بىر كۈنى مېنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— قولۇڭنى قويسەن، ئاجراشتۇرۇۋېتىمىز، — دەپ قوقاق سالغىلى تۇردى.

— پات - پات ئىچىپ قويىدىغىنىم راست، — دەپ ئەيىبىمنى بويۇنۇمغا ئالغاچ نارازىلىق بىلدۈردۈم مۇدىرغا، — لېكىن، خوتۇنغا زۇلۇم قىلغان يەردە مەن يوق. مۇشۇنچىلىك ئىشقا سېرىق قەغەز كەسكىلى تۇرساڭلار، غۇلجا شەھىرىنى بويتاقلار بىلەن تول خوتۇنلار بېسىپ كەتمەمدۇ باشلىق؟

ئاغرىتىپ ئېيتقان چاقچىقىم مۇدىرغا ئېغىر كەلدىمۇ، بىلمىدىم، مەن بىلەن تېخىمۇ بەك ئېرەگەچكىلى تۇردى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم. گەپ بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئەلۋەتتە بوش كەلمەيدۇ - دە، تىل سالدىم. ئاچچىقىمدا بەكرەك تىللىۋەتكەن ئوخشايمەن، ھېلىقى ئاداش ئەتىسى بىرمۇنچە توقا - لەنەت بىلەن ئۇستۇمدىن ساقچىغا ئەرز قىپتۇ. ساقچى كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتتى. تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بىر

ھەپتە مۇددەت بىلەن سولاپ قويدى. ئۇ يەرمۇ بولىدىغان جايكەن. ئىسپول دېگەن غوجىدارى بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتىم. گەپ مەندىن، ھاراق ئۇنىڭدىن، ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىچىپ قالىمىز. خۇددى تۈرمىگە مېھمان بولۇپ كىرگەندەك. ئىسپول سۆزلەيدۇ:

— سەن ئىبراھىم بولىدىكەنسەن، نېمىشقا بىر يىل، ئىككى يىل، ئۈچ يىل كېسىلىپ كىرمەيسەن؟ شۇنداق كىرسەڭ چاقچاق بىلەن، ھاراق بىلەن كۆڭلىرىمىز خۇشال ئۆتەتتى.

بىر كۈنى ئىسپول ئىككىمىز ئىچىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە بۇرادىرىم ئاۋارىچىلىككە يولۇققىنىمدىن خەۋەر تېپىپ، تۈرمىگە يوقلاپ كىرىپتۇ. كىرىپ ھەيران قالدى.

— ۋاھ، ئىبراھىمكا، دۆلەت بىلەن راھەت سېنىڭ بوپتۇ جۇمۇ، — دەپ كۈلۈشتى ئۇلار، — زاكوسكاڭ سەرخىل، ئىچىشىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھاراق. مۇنداق يەرلىرى بولسا بىزگىمۇ ھايت دەپ قوي، بەش - ئون كۈندىن يېتىپ چىقايلى.

ماشا ئوخشاش تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا كىرىپ قالغان، ئۇيغۇرچىنى خېلىلا ئوبدان چۈشىنىدىغان لياڭ سۇڭ دەپ بىر خەنزۇ بۇرادەر بار ئىدى. ۋاقتىم توشۇپ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۇ:

— ئىبراھىم، سەن بىلەن بىر ئوبدانلا چىقىشىپ قېلىپتۇق، ماشا ئوخشاش قىزىقچىدىن بىرەرسى بولمىسا بۇ يەر دوزاخنىڭ ئۆزىكەن. مېنىڭ يەنە ھەپتە - ئون كۈنلۈكۈم قالغان، مۇمكىن بولسا تۇرۇپ بەرسەڭ بوپتىكەن؟ — دەپ كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتتى.

شۇنداق، يۇرەك سۆزلىرى، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىدىغانلار كۈن بويى پاراڭلىشىپ، كېچىلەپ مۇڭدىشىپ باغرى قانمايدىغانلار يالغۇز ئۇلار ئەمەس. چۈنكى چاقچاق — مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي ئېيتقاندەك: «ئۇلۇغ بىر كۈچ، ھېچقانداق نەرسە كىشىلەرنى ساغلام كۈلكىدەك يېقىنلاشتۇرالمىغاچقا» ئۇنىڭغا ھېچكىم قانغانمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىقچىمىزمۇ بېرىپ قانمىدى. «تاغ - تاغ بىلەن ئۇچرىشالماس، كۆڭۈل - كۆڭۈل بىلەن تېپىشار» دەپ، ئاشۇنداق تولا

تېپىشىۋېرىپ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى ـــ مايىلىنى، ھېسسىياتىنى، گۈلدەك ياشلىقىنى بىز دەۋاتقان ئاشۇ «كۆڭۈل» ـــ چاقچاق سەنئىتىگە بېرىپ تۈگەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى، كۈلكىسى، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ياشاپ كەلدى. چاقچاقنى سەنئىتىمىزنىڭ مۇناسىپ بەتلىرىنى تېگى ـ تېگىدىن كۈلكە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ساغلام تەپەككۇر، چوڭقۇر پىكىرلىك پاراڭلىرى، لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بىلەن بېزىدى. ئەل سۆيەر چاقچاقچىمىز ئىبراھىم ئابلاخان تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، يېشىنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن توي، مەشرەپ سورۇنلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا قېپقېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەنئەتكارلارغا خاس ئوبرازى، بىسىپ ئۆتكەن ئۇنتۇلماس چاقچاقچىلىق ھاياتى بىزنىڭ مەڭگۇ قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

# ئىبراھىم ئابلاخان چاقچاقلىرى

## قارىسام قاراپ بېرەي

ئىبراھىمنىڭ دوختۇر ئاغىنىسى ئۇنى دوختۇرخانىغا كۆزەتچىلىك قىلىشقا سايە قىلىپ:

ـــ كەتمەن تۇتۇپ بوز يەر ئاچىدىغان ئىش يوق. يىگىرمە تۆت سائەت ئىشىك باقسەن، ئاي توشقاندا پۇلۇڭنى ئېلىۋېرىسەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ بۇغۇ بولىدىغان گەپكەن، ـــ دەپتۇ ئىبراھىم، ـــ بىراق خەق مېنى كەچ بولسىلا ئولتۇرۇشقا تولا سۆرەپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۇنداق يەرگە بارسام كۆپرەك ئىچىپ قويىمەن. ئىچكەن كۈنلىرىم خۇدۇمنى بىلمەي يېتىپ قالىمەن. شۇنداق چاغلاردا ماڭا قارايدىغان ئادەم بولسا، قارىسام قاراپ بېرەي.

## تويـ ياندۇرىدىغانغا…

بىر يىلى ئىبراھىم يېقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئوغۇل تويىغا قاتنى-شىپ قالدى. ئاغىنىسى پۇل خەجلەشكە كەلگەندە گەپ كەتمەيدىغان چىڭخلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ «ئاش سۇيى» گە دەپ ئالغان كالىسىنى كۆرۈپ كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشتى:

— نېمە بۇ؟ جىنازىنىڭ ئۆزىلىغۇ؟! قايسى يۈزىمىز بىلەن قۇدىلار-نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭلار كۆپچىلىك، — دېدى ئىبراھىم شۇ يەردىلا گەپنى چاقچاققا بۇراپ، — ئاغىنىمىز بۇ تويدىن نارازى، شۇڭا بۇ كالىنى مەقسەتلىك قىز ئالىدىغانغا ئەمەس، تويـ ياندۇرىدىغانغا ئالغان گەپ.

## خامان سورۇش قانچىلىك ئىشتى

ئىبراھىم تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە چېنى-قىۋاتقان مەزگىلىدە ئەترەت باشلىقى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇپتۇ:

— خاماندا ئادەم كەملىك قىلىۋاتىدۇ، بۈگۈندىن باشلاپ خامان تې-پىسەن، توپان سورۇيسەن.

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ ئىبراھىم.

ئىبراھىمنىڭ مۇنداق ئىشنى قىلىپ كېتەلىشىگە ئىشەنچ قىلالمى-غان ئەترەت باشلىقى ئۇنى يەنە توختىتىۋېلىپ:

— گەپ قىلسام باش چايقىمايلا كېتىۋاتىسەن، خامان سورۇشنى بى-لەمسەن زادى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئا … شۇ ئىشنىمۇ سوراش كېتەمدۇ باشلىق، — دەپتۇ ئىبرا-ھىم، — دادام رەھمەتلىكنىڭ بىر ئۆمۈر يىغقان خامىنىنى سورۇپ تۈگى-تىۋەتكەن يەردە، بۇنچىلىك خامان دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كۆچۈپ كەتتىمۇ نېمە

بىر كۈنى روزى ئابدۇۋەلى ئاغىنىسى ئىبراھىمنى ئېلىپ دادىسىنىڭ قەبرە بېشىغا چىقتى. چىقتىيۇ، شۇنچە ئىزدەپ دادىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپالمىدى. روزى ئابدۇۋەلى بىردەم ئۇ قەبرىنى، بىردەم بۇ قەبرىنى كۆرسىتىپ دېلىغۇل بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا ئىبراھىم دەپتۇ:

— بولدى ئىزدىمە روزى، داداڭ رەھمەتلىك بىر ئۆمۈر قوشنا ئولتۇرغان،① كۆچۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

## ئېرىق چېپىپ ھەيدەپ كەل

ئىبراھىمنىڭ يېقىن تونۇشلىرىدىن بىرى بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

— بازاردا ئىش ـ ئوقەتنىڭ تايىنى قالمىدى، ئالتايدىن بېلىق ئەكېلىپ ساتاي دەۋاتىمەن، يول كۆرسەتسەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىبراھىم دەپتۇ:

— ماشىنا بىلەن ئەكەلسەڭ پۇرتىپ قويىسەن، ئەڭ ياخشىسى ئېرىق چېپىپ ھەيدەپ كەل.

## شۇنىڭدىن بېرى

ئىبراھىمنىڭ ئولتۇرسا ـ قوپسا سۇ ئۈزۈشنىڭ گېپىنى قىلىپ تولا ماختىنىدىغان ئوسمان دەپ بىر ئاغىنىسى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ شەھەر مۆتىۋەرلىرى يىغىلغان بىر سورۇندا شامىسىنى چايناپ يەنە ماختانغىلى تۇرۇۋېدى، ئىبراھىم ئۇنى ئۇستىلەپ ماختاپ ئاسماندا ئۈچۈرۈۋەتتى:

① «قوشنا ئولتۇرغان» — «ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان» دېمەكچى.

— سىلەر بىلمەيسىلەر، بىزنىڭ ئوسمان ئاغىنىمىز ھەقىقەتەن سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا. ياش چاغلىرىدا ئىلى دەرياسىغا بىر باش چوكۈرسە بالقاش كۆلىدىن چىقىدىغان، ھازىرمۇ بوش كەلمەيدۇ. ئۆتكەندە ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىققا بىر باش چۆكۈرۈۋېدى، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن بېرى سۇنى كۆرسە بېشىغا قۇلاقچا كىيىپ چۈشىدىغان بولۇۋالدى.

## دىققەت قىلايلى ئاغىنىلەر

ئىبراھىم ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزىسىدىن چىقىپ باقمىغان كىشىلەر ئۇستىدە مۇنداق بىر ئىجادىي لەتىپىنى توقۇپ يۈردى:

— ئۆمرىدە يېزىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغان قاشلىق[1] ئۈچ ئاغىنە، — دەيدۇ ئۇ، — ھاجى بولۇپ كېلىش ئارزۇسىدا بەيتۇلمۇقەددەسكە پىيادە سەپەرگە چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ قىردىن ئېشىپتۇ. ئۇلارنىڭ سائەتلەپ ماڭغىنى ئۆزلىرىگە بەكلا ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىپتۇ. يېرىم كۈن يول مېڭىپ دۆڭمازار بازىرىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئېگىزدىن - ئېگىز بىنالار تۇرغان. ئارىدىن بىرى قوپۇپ سەپەرداشلىرىنىڭ جېنىكىگە تۇرتۇپتۇ:

— سونۇر، ھوي نەلەرگە كېلىپ قالدۇق، قارىغىنا؟

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن، — دەپتۇ ھاڭ - تاڭ بولغان سەپەرداشلىرى، — بايقاۋراق ماڭايلى جۈمۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— ھەرەمدىن ئۆتۈپ كېتىپ قالمايلى دەيمىنا.

## شەنبە - يەكشەنبىسى بولمىسا

ئىبراھىم بىر مەزگىل سورۇنلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇ

[1] قاش — غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چەت، يىراق يېزىسى.

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا ئۇچرىغان بۇرادەرلىرىگە:

ـــ ئوتتۇز ـ قىرىق يىل ئىچىپ ـ چېكىش بىلەن كەپتۇق، ئويۇن ـ تاماشىنىڭ ئارمان قىلغۇدەك يېرى قالمىدى. ئەمدى ئويلىسام جامائەتكە ئارىلىشىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپتۇ. ناماز باشلىۋالدىم، ـــ دەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، خەلق قىزىقچىسى بولۇس نىزامىدىننىڭ ئالدىغا غىق مەست ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان بولۇس نىزامىدىن:

ـــ كۈن قاياقتىن چىقتى ئىبراھىمكا؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ قويە، ـــ دەپتۇ ئۇ بىر ئىشتىن كۆڭلى قالغاندەك قولىنى سىلكىپ... ، ـــ يا شەنبە ـ يەكشەنبىسى بولمىسا.

## شۇ ئەمەسمۇ...

بىر كۈنى ئىبراھىمنىڭ بايۋەچچە قوشنىسى:

ـــ ئىبراھىمكا، ئوغۇللىرىمىز خەتنە قىلىش يېشىغا يېتىپ قالدى. لېكىن بىر ئىشقا ھەيرانمەن، سېنىڭ بالاڭنىڭ ئۇرۇقچىسى نېمانداق يوغان، مېنىڭ بالامنىڭ ئۇرۇقچىسى نېمانداق كىچىك؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ بالاڭنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلىرى كۆپتۇر؟

ـــ ھېچ نېمىسى كەم ئەمەس.

ـــ شۇ ئەمەسمۇ، ـــ دەپتۇ ئىبراھىم، ـــ مېنىڭ بالامنىڭ ئوينىغۇدەك نەرسىسى بولمىغاچقا، كىچىكىدىن ئۇرۇقچىسىنى ئويناپ چوڭ بولغان، شۇڭا سېنىڭ بالاڭنىڭكىدىن يوغان بولىدۇ ـ دە.

## مېنىڭكىدەك قېنىك بولسا...

بىرەيلەن مەلۇم بىر سورۇندا ئىبراھىم ئابلاخاننى گەپتە چۈشۈرمەكچى بولۇپ، كۆپچىلىككە ئۇنى تونۇشتۇردى:

ـــ ئىبراھىم دېگەن كىشى مۇشۇ كوچىدا قان ساتىدۇ.

ئىبراھىم دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— مېنىڭكىدەك قېنىڭ بولسا ساتمامسەن ئادىشوي، ھۆكۈمەتكە قان سالغۇزۇپ، لەڭزە بېشىدا ھەپتە ياتساڭ، بىر پاشا كېلىپ قونمايدۇ.

## لەقىمىڭنى تېگىشەمسەن

«گىرى» دەپ لەقىمى بار بىرەيلەن بىر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەلگەن پېتى، قەستەنگە يول ياقىسىدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختىتىپ قويدى. ئۇ ئىشتىن قورسىقى كۆپكەن كىشىلەردىن بىرى:

— لەقەمنى خىزىر قويىدۇ، دېگەن راست گەپكەن. نەق گىرىنىڭ ئۆزى بوپتۇ جۇمۇ بۇ، — دەپ تىل سالدى.

لەقىمگە قارىتىلغان ھاقارەتتىن خىجىللىق ھېس قىلغان ماشىنا ئىگىسى بۇ ئىشنى شۇلار قاتارىدا تۇرغان ئىبراھىمدىن كۆرۈپ ئاچ-چىقلاندى:

— گىرى بولسامچۇ ئىبراھىمكا، يېنى يەرگە تەگمىگەن سانتانا-نىڭ ئىگىسى بولۇپ تۇرۇپتىمەن، ساڭا ئوخشاش كوچىدا خالتا كۆتۈرۈپ يۈرمىدىم...

— ئۇكاھوي، — دېدى ئىبراھىممۇ بوش كەلمەي، — لەقىمىڭگە مۇنچىۋالا تېرىكمىسەڭ بولاتتى. ئېغىر كەلگەن يېرى بولسا، لەقەمگە-لەقەم تېگىشىۋېتەمدۇق-يا؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

## دوللارنى كۆرسە

تولا لاۋزا چاقچاق قىلىپ دائىملا سورۇنلارنى بېشىغا كىيىپ يۈرىدىغان بىر پوپاڭ ئاداش، بىر ئولتۇرۇشتا ئىبراھىم ئابلاخانغا پو ئېتىپ-تۇ:

www.uyghurkitap.com

— قارا ئىبراھىمكا، چاقچاقنىمۇ قىلىمىز، ئۆزۈم — بۇرۇنمۇ كۆ-
مۈلۈپ كېتىمىز. ھازىر بىزنىڭ چاقچاقلار دوللار تۇغۇۋاتىدۇ، دوللار!
— بۇ گېپىڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ ئىبراھىم، — ئۆمرىدە ساڭا ئوخشاش لوق - لوق پۇل كۆرمىگەن ئادەملەر دوللارنىڭ گېپى چىقسا، ئارقىسىنى ئامېرىكىغا قارىتىپ ياتىدىغان بوپ كەتتى ئەمەسمۇ.



# لەتىپە ئۇستىسى ئەبەيخان چوقۇر

ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان، چوڭلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا بەكرەك ھۆرمەت تاپقان يەنە بىر قىزىقچى بار. ئۇ، لەتىپە ئۇستىسى ئەبەيخان چوقۇر.

ئەبەيخان چوقۇر (ئەمەت) 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ بەشكېرەم دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، يەتتە يېشىدا غۇلجىغا كۆچۈپ چىققان. 1966 ـ يىلى ئەسكەرلىككە قاتناشقان. 1969 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن غۇلجا شەھەر قارادۆڭ يېزا بايكۆل مەھەللىسىدە كەنت ياشلار خىزمىتى، ئامانلىق قوغداش خادىمى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن دېھقانچىلىق ھەم قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئەبەيخان چوقۇر قەشقەر خەلق شىۋىسى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەپ قىلىش سەنئىتىنى



ئىلى خەلق چاقچاقلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، لەتىپە، يۇمۇر توقۇشتا ئۆز ئالدىغا خاسلىق ياراتقان خەلق قىزىقچىسى. ئۇنىڭ لەتىپە ـ يۇمۇرلىرى ئاڭلىماققا ئۇزۇندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئاخىرىنى ئاڭلىغان ھازىدار كىشىمۇ ئىختىيارسىز كۈلمەي قالمايدۇ. گەپنى چېچىپ سۆزلەپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى لەتىپە

ئاخىرىغا بۇراش، قىزغىن، تەخىرسىز تەقەززالىقتىن [illegible] كۈچلۈك مەسخىرە، تويۇنغان كىنايە بىلەن يۇغۇرۇلغان لەتىپىلەرنى [illegible] يەردىن كۆپچىلىكنىڭ ھۇزۇرىغا ئىلتىپات قىلىش ئۇنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. تۇرمۇشتىن ئېلىپ تۇرمۇشقا قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئەڭ مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا سورۇنغا ماس كېلىدىغان، كىشىلەرنى قىزىق - قىزىق كۈلكىگە زورلايدىغان لەتىپە - يۇمۇرلارنى توقۇشقا ماھىر. ئۇ توقۇغان لەتىپە - يۇمۇرلارنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ۋەزنى ئېغىر، مەنىۋى قاتلاملىرى كۆپ، پەلسەپىۋىلىكى چوڭقۇر بولۇپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى بۇرۇندىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۈكىنى تارتقان ئۆچكىدەك سەتتىن - سەت «مەرەش» لىرىنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم. شۇنداق تۇرۇپ قەشقەر بەشكېرەملىك بىر يىگىت يەنە قانداق بولۇپ ئىلى خەلق چاقچاقلىرىغا قىزىقىپ قالدى؟ سوئاللىرىمىزغا مۇئەللىپنىڭ بايانىدىن كۆرە، قىزىقچىمىزنىڭ ئۆزى جاۋاب بېرىپ باقسۇن.

— ئىلى خەلق چاقچاقلىرى بىر دۇنيا، — دەيدۇ ئەبەيخان چوقۇر بىزگە، — مەن قۇرامىمغا يەتكەندىن بېرى مۇشۇ دۇنيا ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. بۇ شۇنداق بىر دۇنياكى — كىشىنى كۈلدۈرۈپمۇ، ئۆلتۈرۈپمۇ چىدالايدۇ، ئۇنىڭدا رىۋايەتلەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتەلەيدىغان مىسران قىلىچنىڭ ھەيۋىسى، تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان سەتەڭ خوتۇننىڭ جىلۋىسى، ئۇزۇن يىل ساقلانغان شارابنىڭ، شىنجاڭ، تىبەت، ھىندىستان تاغلىرىدىكى 32 خىل دورا ئۆسۈملۈك جەۋھىرىدىن ياسىلىدىغان، مەست قىلىش كۈچى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى رەۋناننىڭ كەيپ - ھۇزۇرى بار. ئىلى خەلقىنىڭ بېشىغا تاش ياغسىمۇ قىسىلچىقىغا ئالماي، مەردانە ياشايدىغانلىقىنىڭ سىرى ئېھتىمال مۇشۇ بولسا كېرەك. ھەرەمباغدا ئۆرۈش بولغاندا، نوغايگورتتا مەشرەپ ئوينىغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى.①

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەشرەپ، توي - تۆكۈن ۋە باشقا شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نەغمە - ناۋا بىلەن باشلىنىپ، چاقچاق بىلەن ئەۋجىگە چىقىدۇ. مەن ھەر يىلى باھار ئايلىرىدا جىرغىلاڭ، زايومكا، چوقۇر قاتارلىق دەريا ياقىسىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا بولىدىغان «دەريا سەيلىسى»، «قارىياغاچ مازار سەيلىسى» ئۆرۈك پىشىشىقىدا بولىدىغان جىلىلىيۇزى، تۇرپانيۇزى، چۇلۇقايلاردىكى «ئۆرۈك سەيلىسى»، قوغۇن پىشىشقىدا بولىدىغان «قوغۇن سەيلىسى»، قىش كۈنلىرى يىراق - يېقىن يېزىلاردا بولۇپ تۇرىدىغان «سوقۇم بەزمىسى» شۇنىڭدەك غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرى، چايخانا، ئاشپۇزۇللاردا كۈن ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشلارغا كۆپ قاتناشقان. ئەنە شۇ سورۇنلاردىكى مۇڭلۇق نەغمە - ناۋالار يۇرىكمنى لەرزىگە سالسا، قىزىق كۈلكە - چاقچاقلار مېنى باشقا بىر دۇنيا قوينىغا سۆرەپ كىرەتتى. بولۇپمۇ ھېسام قۇربان، ساتتار قورۇق، روزى ئابدۇۋەلىلەرنىڭ بىلىقچىنىڭ كەپسىدە ئولتۇرۇپ سۇلايمان دۆلىتىنىڭ پەيزىنى بېرەلەيدىغان چاقچاق، لەتىپە - يۇمۇرلىرى مەندە كىشىلىك تۇرمۇشقا، ھاياتقا باشقىچە قاراش، باشقىچە ياشاش ئىستىكىنى ئويغاتتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئەڭگۈشتەر تۇرىگە بولغان مۇھەببەت ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان.

— سىز قانداق قىلىپ بۇ خىل لەتىپە توقۇش ئۇسۇلىنى تاللاپ قالدىڭىز؟

— خەلق چاقچاقلىرى تۇرغۇن ھالەتتىكى قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، ئۇمۇ خۇددى يازما ئەدەبىياتقا ئوخشاش چەكسىز يېڭىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. يېڭىلاشنىڭ ئۆزى دەۋرنىڭ، دەۋرىمىز كىشىلىرىدىكى ئېستېتىك زوقنىڭ ئېھتىياجى. مەن مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ لەتىپە - يۇمۇرلارغا تېخىمۇ قويۇق ھەجۋىيلىك تۈس بېرىشنى ئويلاپ قالدىم. گەرچە، بۇنى يېڭىلاش دېگىلى بولمىسىمۇ ئۇنۇمى يامان ئەمەس بولدى. سىزمۇ بىلىسىز، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئادەتتە ئىلى ئۇيغۇرلىرىدەك گەپنى سىلىق، ئەگىتىپ ئەمەس، ئۇدۇل، تۈز، قوپال قىلىدۇ. قوپال قىلغىنى بىلەن ھەر ئېغىز گەپنىڭ تەكتىدە بىر مەنە، بىر ئوبراز

بار. چىرايىمغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاشۇ قوپال گەپ قىلىش سەنئىتىگە
ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىدىن ھەم بىر نۇق-
دىم، گىرىمى جايىدا قىلىنغان ساھىبجامالىنىڭ رۇخسارى ئايان بولىدى.
بەزىلەر ماڭا: «ئەبەيخان، چىرايىڭلار مۆلدۈر سوقۇۋەتكەندەك تۇرغىنى بى-
لەن، لەتىپە ـ يۇمۇرۇڭلاردا باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتى بار جۇمۇ» دەپ چاق-
چاق قىلىپمۇ قويىدۇ.

مەن كۆپىنچە تەكەببۇر، مەنمەنچى، ئۇششاق سۆز، سۇخەنچى، ھىي-
لىگەر، كاززاپ، كۆتۈرمىچى، ساختىپەز، خىيانەتچى، ئىككى يۈزلىمچى-
لەر توغرىسىدا لەتىپە توقۇيمەن. تۇرمۇشىمىزدا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ
تۇرىدىغان بۇ «قىزىق نۇقتا» لار ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ بەكرەك جەلپ قىلى-
دىكەن. مېنىڭ لەتىپىلىرىم ئاساسەن «بىر كۇنى» دېگەن گەپ بىلەن
باشلىنىدۇ. ئاشۇ گەپ ئېغىزىڭدىن چىقىشى بىلەن تەڭلا سورۇن ئەھلى
پۈتۈن دىققىتىنى ساڭا بۇرايدۇ، ناۋادا ئاشۇ گەپ ئېغىزىڭدىن چىقىپ
كېتىپ بىرقانچە سېكۇنت تۇرۇپ قالساڭ چاقچاقنىڭ تەمى قالمايدۇ.
مۇنداق چاغدا ھېچ بولمىسا كۆزۈڭ بىلەن كەيپىياتىڭ سۆزلەپ تۇرۇشى
كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا «بىر كۇنى» دېگەن گەپتىن كېيىنكى ئىن-
كاسىڭ تېزلىكى تۇنجى ئاتقان مۇشتقا ئوخشاش ئىنتايىن مۇھىم.
مۇشتنى جايىدا ئاتالمىساڭ ياكى ھودۇقۇپ تەمتىرەپ، تىلىڭنى چايناپ
قالساڭ ئۆلگىنىڭ شۇ، مەن ھازىرغىچە «ئۆلۈپ» باقمىدىم. مۇنىڭدىن
كېيىن تىرىكلەر قاتارىدا تېخىمۇ مەغرۇر ياشىسام دەيمەن.

## ئەبەيخان چوقۇر چاقچاقلىرى

### پايدىسىغا قالغان دادا

مەن ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بولۇپ ئۆيگە كۆپرەك كەچ قايتىپ كې-

لىمەن. باللار كىچىك ۋاقتىدا ئۆيدىكىلەرمۇ بۇ ئىشلارنى ئانچە بەك ئىب-
غىر ئېلىپ كەتمەيتتى. باللار يېشىغا يېتىپ قېلىۋىدى، كوتۇلدىغىلى
تۇردى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ گەپ - سۆزى تېخىمۇ ئاۋۇپ،
بېشىمنى رەسمىي ئاغرىتقىلى تۇردى. ئەمدى ئادەم ئېيتىپ چاقىرغان
يەرگە بارمىسا تېخى بولمىغان، بۇ ئىشلارنى ئايالىمغا شۇنچە ئېزىپ چۈ-
شەندۈرسەممۇ تەرسالىقىنى قىلىۋەردى. بىر كۈنى كەچتە تازا تەڭشىلىپ
ئۆيگە كىرسەم، ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان قىزىمنىڭ ئالدىدىلا يەنە
چالۋاقاپ كەتتى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم.
— سىلى بىلەن تۇرمۇش قۇرغىلى نەچچە يىل بولدى خوتۇن؟ —
دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
— ئوتتۇز يىل.
— بالا قانچە؟
— يەتتە.
— تۇرمۇشىمىز قانداق؟
— يامان ئەمەس.
— خوش، باشتا ئىككى جان ئىدۇق، توققۇز بولدۇق، يەتتە بالىنى
بېقىپ قاتارغا قاتتۇق، ئائىلىدە مەن پايدىسىغا قالغاندىن كېيىن يەنە ئا-
ناڭنىڭ ھەققى قالدىمۇ مېنىڭدە، — دەۋېتىپتىمەن ئاچچىقىمدا.
كەچ قالغان بىر كۈنى ئايالىم يەنە كوتۇلدىغىلى تۇرۇۋېدى. قىزىم
ئاغزىنى تۇۋاقلاپلا قويدى.
— بولدىلا ئاپا، كوتۇلداۋەرمىگە ئەمدى، دادام بۇ ئائىلىدە پايدىسىغا
قالغاندىكىن ئويناسا ئويناۋەرمەمدۇ.

## خوتۇن كىشىدىن يامانلاش

بىر يىلى يۇرتتىن كىچىك دادام غۇلجىغا چىقىپ قالدى. ئۆزىمۇ
ئانچە - مۇنچە ئويناپ قوياتتى. غۇلجىلىقلارنىڭ سورۇنىنى كۆرۈپ باق-
سۇن دەپ ئولتۇرۇشقا ئېلىپ باردىم. كەچتە ئۆيگە كېلىپ يېتىپ قال-

www.uyghurkitap.com

دۇق. بىر چاغدا ياتسام: «ئەبەيخان؟» دەيدۇ كىچىك دادام. «مەن!» دېسەم، «ئۇخلىمىدىڭما؟» دەيدۇ. «گەپ بارمىدى؟» دېسەم، «مۇشۇ تارانغۇ، دېگەن ئاجايىپ غەزەللەرنى ئېيتىدىغان خەقكەن» دەيدۇ، «قانداق؟» دەپ قىزىقىپ سورىدىم. «روزى ئابدۇۋەلى دېسەڭلار ئەجەب چوڭ بىلىدىكەنسىلەر، قاراڭلار ئېيتقان غەزىلىنى:

چىنىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسەن يايرىم دېمىدى.

دەپ خوتۇن كىشىدىن يامانلاپ يۈرىدا. يەنە تېخى سايىتجان سىدىق دېسەڭلار ئاغزىڭلارغا بىر كېلىدىكەن، قايلىسىلا ئوقۇغان غەزىلىگە:

ئاتلارنى قويۇۋەتتۇق،
تاغدىكى قىياقلارغا.
يارنىڭ شولىسى چۈشتى،
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا.

دەيدا. مىڭ كويلۇق ئاتنى قىياققا قويۇۋېتىپ، خوتۇن كىشىنىڭ شولىسىغا قايلاپ يوق بارمۇ بۇلاقنىڭ بېشىدا.»

## «دادەي» گە بەش مىنۇت ئولتۇرۇپ بەر

بىر كۈنى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن ئالىم ئابدۇقادىر بىلەن داۋۇت راۋابىنىڭ بالىسى غۇلجىغا كېلىپ قالدى. مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە «پاراخوت ئاشخانىسى» دا چاي بەردۇق. چايدا سايىتجان بىلەن ئەبەي رەھمەتلىك (سەنئەتچى ئەبەي ئىبراھىم) بار، سورۇن شۇنداق ئوبدان قىزىدى. سازمۇ ياخشى بولدى، ئىلى خەلق ناخشىلىرى چېلىنسا ھەممىسى جىم ئولتۇردى. بىر چاغدا داۋۇت راۋابىنىڭ بالىسى بىلەن ئالىم ئىككىسى

ياخشى كۆڭلى بىلەن قەشقەر خەلق ئاھاڭى «دادەي بالىخان» غا شۇنداق بىر چېلىنىۋىدى، جىمىسى «ئەدەپ، ھە ئەدەپ··· » دېيىشىپ چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. قارىسام ئابدۇكېرىمىمۇ مېڭىۋاتىدۇ. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى: «ئۆلتۈرەۋا، ئۆلتۈرە» دەپ ۋارقىرىدىم. «نېمە بولدى؟» دەيدۇ تېخى. «بىز بارغۇ، ماۋۇ ئىلىخونىڭ <جانەي> گە قىرىق يىل غىڭ قىلماي ئۆلتۈردۇق، ئەمدى سەنمۇ <دادەي> گە بەش مىنۇت ئۆلتۈرۈپ بېرىشىڭ ئۆلەمسەن.»

## پۇتۇمنى يىغىپراق ياتاي

بۈگۈن - ئەتىلىكى قالغان بىر خەسىس باي يەرلىكنىڭ (گۆرنى دېمەكچى) پۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ «قارادۆڭ قەبرىستانلىقى» غا چىقىپتۇ - دە، گۆركاردىن:

— يەرلىكنى نەچچىگە كولايدىلا تەقسىر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى يۈز ئەللىك كوي.

— نېمانچە قىممەت؟

— بولۇۋاتقان باھا مۇشۇ.

— پۇتۇمنى يىغىپراق ياتاي، — دەپتۇ خەسىس باي، — يۈز ئەللىك كويغا كولاپ بېرەمدىلا؟

## دوختۇرغا كۆرۈنۈش

ئىنشائاللا، ئەبەيخان چوقۇر ھازىرغىچە دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرۈپ باقماپتۇ. تۇمۇ - پۇچقاق بولۇپ قالسا دىككىدە خۇسۇسىي دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرقانچە كويلۇق دورا بىلەنلا ساقىيىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى خوتۇنىغا ياقماپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى:

— ئەبەيخان، ئاغرىدىم - ئاغرىدىملا دەيسىز، ساپلا پارچە - پۇرات دوختۇرغا كۆرۈنىسىز، مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز مەنمۇ خاتىرجەم بولالماي-

دىكەنمەن، مەن سىزنى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بىر كۆرسىتەي دې-
سەم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— جېنىمغىنە ئانىسى، — دەپتۇ ئەبەيخان چوقۇر، — ھازىر كىچىك دوختۇرخانىلار بازار ئىگىلىكى دەپ بىر نېمىگە يۈزلىنىپ كەتتى، نەگىلا بارساڭ پۇلنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەممەن، ھازىرقى زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرگە شۇنداقلا سا-لىدىغان ئىش بولسا، شارىكلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئەسكى ۋېلسىپىت-تەك مانامەن دەپلا چىقسام بىر مۇنچە پۇلغا بىر زىيان، يوقىلاڭ كېسەل-دىن بىرنى چاپلاپ سەن بىلەن مېنىڭ ئارامىمنى بۇزىدۇ، ئۇ بىر زىيان.

شۇنىڭدىن بېرى ئايالىنىڭ زۇۋانى بېسىلىپتۇ.

## ۋاقتى بولسا

ھەي ··· ي، مۇشۇ كۈنىنىڭ ياشلىرىغا تەربىيە بەرمەكنىڭ تەسلىكى، ئەبەيخان چوقۇر بوش قالغان ئىككى ئېغىز ئۆيىنى يېڭى ئۆي تۇتقان ئەر-خوتۇنلارغا ئىجارىگە بېرىپتۇ. چاتاق يېرى ئايالى ھازازۇل، ئېرى ئۆتۈپ كەتكەن ھاراقكەش ئىكەن. ئېرى ئىچىپ كەلگەن كۈنلىرى ئايالى ياقى-سىغا ئېسىلىدىكەن. بىر-بىرىگە يول قويۇش، بىر ئېغىز گەپتىن قې-لىش دېگەنلەر بۇ ئائىلىدە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. ياقا سىقىشىش ئۇرۇ-شۇشقا، ئۇرۇشۇش چىنە-قاچىلارنى چېقىشىشقىچە يېتىپ بارىدىكەن. «قويدۇم»، «ئاجراشتىم» دېگەندەك گەپلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمەيدىكەن. ئەبەيخان چوقۇر بىرقانچە قېتىم ئۇلارغا تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، كار قىلماپتۇ.

خەيرىيەت، بىر كۈنى ئۇلار يەنە ئۇرۇشۇپ، چىنە-قاچىلارنى بىر-بىرىگە ئېتىشىپ، «قويدۇم»، «ئاجراشتىم» دەۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ئەبەيخان چوقۇر كىرىپ قاپتۇ-دە، سوراپتۇ:

— سىلەر قاچان ئاجراشماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— بىز…
— يا ئەمدى ۋاقتى بولسا، — دەپتۇ ئۇ، — هويلامغىلا چىنە - قاچا دۇكىنىدىن بىرنى ئېچىۋالايمىكىن، دېگەنتىم.

## تاھارەتتە پەرز

كىشىلەرگە ئاھانەتتىن باشقا نەرسىسى يۇقمايدىغان تازىمۇ تەرسا مىجەز بىر قارىم توي قايىنىغان جامائەت سورۇنىدا ئەبەيخان چوقۇردىن سوراپتۇ:
— ئەبەيخان، تاھارەتتە نەچچە پەرز؟
— بەش، — دەپتۇ ئەبەيخان چوقۇر.
— ئازغۇنلۇق، — دەپ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ قارىم، — مۇشۇ يېشىڭىزغا كېلىپ تاھارەتتە تۆت پەرزلىكىنى بىلمىسەڭلار - ھە؟
— بەشكە ئۇنىمىغان يەردە، — دەپتۇ ئەبەيخان چوقۇر، — تۆتكە ئۇنىمامدىكىن دەپتىمەن.

## چاۋاك

يۇقىرىدىن كەلگەن سەييارە ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئەبەيخان چوقۇرلارنىڭ مەھەللىسىدە بىر مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپتۇ. ئويۇننىڭ لاۋزىلىقىغا گەپ سىغمايدىكەن. داۋامىنى كۆرۈشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان تاماشىبىنلار غۇدۇراشقا، ئىسقىرتىشقا باشلاپتۇ، ئەبەيخان چوقۇر ئۇلارنىڭ ئەكسىچە چاۋاك چالغىلى تۇرۇپتۇ. يېنىدا بىرەيلەن:
— ئەبەيخان، چاۋىكىڭلارنىڭ پەيزى بارغۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا قالتىس زوق ئېلىۋېتىپسىلەرمۇ، نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يوقسۇ تەقسىر، — دەپتۇ ئەبەيخان چوقۇر، — ئويۇندىن زوقلىنىپ ئەمەس، ئىسقىرتىۋاتقانلارغا زوقۇم كېلىپ چاۋاك چېلىۋاتىمەن.

# ئېشەكنى ئىككى قىلىۋالماي دېسەڭ

ئەبەيخان چوقۇرنىڭ بالىسى شەھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبە سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ. بالىسىدىن ئۆتە خۇشال بولۇپ كەتكەن ئەبەيخان چوقۇر، ئوغلىنى قولىدىن يېتىلەپ تىزىملىتىشقا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— بەدەل پۇلى ئۈچۈن بەش يۈز يۈەن تاپشۇرۇڭ، — دەپتۇ مەسئۇل مۇئەللىم.

ئەبەيخان چوقۇر گەپ قىلمايلا بەش يۈز يۈەننى ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەبەيخان چوقۇرغا ئوخشاش بالىسىنى ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر دېھقان ئوقۇش پۇلىنىڭ ئۆرلىكىدىن نارازى بولۇپ غودۇڭشىپتۇ:

— نېمانچە ئېشىۋالغۇلۇق ئۇكاموي، بىز دېھقان خەق ئۈنچىلىك پۇلغا ياراق ئېشەكتىن بىرنى سېتىۋالىمىز.



مۇئەللىم بىرنەرسە دېگۈچە ئەبەيخان چوقۇر قوپۇپ ھېلىقى دېھقانغا دەپتۇ:

— تەقسىر، سىزنىڭمۇ گېپىڭىز خاتا ئەمەس، لېكىن كېلەچەكتە ئېشەكنى ئىككى قىلىۋالماي دېسىڭىز بەش يۈز تەڭگىنىڭ مەرىدىن كېچىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# خەلق قىزىقچىسى بولۇس نىزامىدىن

غۇلجا شەھرىدە «شەھەرئىچى» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بىرقانچە مەھەللە بار — «شەھەر ئىچى ئوردا مەھەللىسى»، «شەھەرئىچى ئېشەكچى مەھەللىسى»، «شەھەرئىچى بېدە بازىرى مەھەللىسى» ··· ئۆز زامانىسىدا دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان قوۋۇق ئىچىدىكى بۇ مەھەللىلەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى مەھەللىۋى مەدەنىيەت شەكلى بىلەن شونداق گۈللەنگەن بولۇپ، ئاجايىپ سەنئەت پېشۋالىرى، دانىشمەن ئۇستازلار، خەلق قىزىقچىلىرى يېتىشىپ چىققان. كېيىنكى چاغلاردا قەشقەردىن ئېلىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇقام پېشۋاسى مۇھەممەد موللام (كارۇشاڭ ئاخۇنۇم) قىرىق يىلدىن ئارتۇق ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. مەشھۇر خەلق سازەندىسى ھاسان تەمبۇر، داڭلىق مۇقامچى روزى تەمبۇرگە ئوخشاش سەنئەت ئۇستىلىرىمۇ مۇشۇ يەرنى پائالىيەت مەركىزى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىدىكى ئاجايىپ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلغانىكەن. تارىخىي مەنبەئەلەر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق ۋەكىلى، شائىر موللا بىلالنىڭ رەناخان ئاپئاق خاتىرىسىگە بېغىشلاپ يازغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى مەشھۇر ئەسىرى «غەزەلىيات» نى بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ پەشتىقىدا تۇرۇپ پۇتۇپ چىققانلىد-



قىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. پەقەت شۇلارلىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، كېلەچەكنىڭ ھامان راۋاجى بولىدۇ. مەدەنىيەت چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇنبەت زېمىن بىزنى يەنە نائۇمىدتە قويمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاشۇ «شەھەرئىچى» مەھەللىلىرى ھېسام قۇربانغا ئوخشاش مەشھۇر خەلق قىزىقچىلىرىنى، ساتتار قورۇق، ئىبراھىم دىۋانىگە ئوخشاش يېتىلگەن چاقچاقچىلارنى تۇغۇپ بەردى. شۇلار قاتارىدا يەنە بىر خەلق قىزىقچىسى، مىكرو لەتىپە توقۇش ماھىرى بولۇس نىزامىدىنىنىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

ھازىرقى يېزىقىمىزدا ساۋاتسىز، لاتىن يېزىقى بويىچە ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولۇس نىزامىدىن 1952 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ «شەھەر ئىچى بېدە بازىرى مەھەللىسى» دىكى مەشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1975 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە غۇلجا شەھەر ئەينەك زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. كارخانا ھالسىراپ، جان بېقىش ئىمكانىيىتى قالمىغاندىن كېيىن، ئىش ئورنىدىن بوشىنىپ چىقىپ بىر مەزگىل رېمونتچىلىق قىلغان. ھازىر ئاشخانا ئېچىپ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ كەلمەكتە.

ياراتقان ئىگىسى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي شۇنداق خۇسۇسىيەتنى ئايىماي ئىلتىپات قىلغانىكەن. تۆت ئادەم بار يەردە چاقچاق بىلەن كۈلكە بار. ئۇلار مۇنتىزىم كەسپىي مەكتەپ تەربىيىسى ياكى ئاللىقانداق ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئەمەس، شۇنداقتىمۇ «سەھنە» لەرگە گىرىمسىز چىقىپ، پىشقان كومېدىيە ئارتىسلىرىنىڭ رولىنى تەبىئىي، بىمالال، ئاشۇرۇپ ئالالايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق سورۇننىڭ ئۆزى سەھنە. ئۇلار ئەدەبىياتنى ئوقۇمىغان، لېكىن ئەدەبىي تىلغا، ئەدەبىياتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ئوقۇغانلاردىنمۇ باي. خەلقنىڭ تىل بايلىقى شۇلارنىڭ ئېغىزىدا بارغانچە بېيىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چاقچاقتىكى چېۋەر، چاققان، ھازىر جاۋابلىقى، يېڭى، ئىجادىي لەتىپە - يۇمۇرلىرى، ئېپەزوت - كۈلدۈرگىلىرى بىلەن تۇرمۇشتىكى، جەمئىيەتتىكى، ئادەملەردى-

كى تۇرلۇك ئىللەتلەرنى، نادانلىق، ئەخمەقلىق، بولۇمسىزلىق، ئۆيگار-لىق، مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، كۆتۈرمىچىلىك، ساختىپەزلىك، ئىچى يامانلىق، غەيۋەتچىلىك، ئۇششاق سۆز، چېقىمچىلىقلارنى ئۆتكۈر تىل قامچىسى بىلەن قامچىلاپ، ئاڭلىغۇچىلارغا يېتەرلىك مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار ئاتا قىلغان زوق، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئوقۇر-مەنلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقىدىن قېلىشمايدۇ.

بولۇس نىزامىدىن ئۆزىنىڭ قورۇلمىسى ئىخچام، مەزمۇنى تېرەن، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، تىلى يەڭگىل مىكرو لەتىپىلىرى بىلەن سو-رۇنلارنى ئاۋات، كۆڭۈللەرنى ناۋات قىلىپ كېلىۋاتقان خەلق قىزىقچىلى-رىمىزنىڭ بىرى. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا پاراڭلاشقىلى بار-سام چىرايلىق سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بىسمىللىسىغا بىرنەچچە لەتى-پىنى دەۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ گېپىنى باشلايدۇ.

— تۈنۈگۈن ئاشخانامغا بىر دىۋانە كىرىپ كەلدى قاراڭ ئۇكا، ئى-چىم ئاغرىپ ئالدىغا بىر قاچا تاماق ئەكەلدىم، قارىسام تاماقنى يېمەي قاراپ تۇرىدۇ، دىۋانىدىن سورىدىم:

— تاماق سوۋۇپ كەتتى، نېمىشقا يېمەيلا تەقسىر؟

— قورسىقىم توق، بولسا مۇشۇ تاماقنى سېتىپ پۇلىنى بەرگەن بولسىڭىز.

مۇنداق چاغدا دىۋانە ئاشۇ بىر قاچا تاماقنىڭ پۇلىغا تەلپۈنگەندەك، مەنمۇ بولۇس نىزامىدىننىڭ تىلى چوچۇك ئاغزىدىن كۆپرەك يېڭى لەتى-پە ـ يۇمۇرلارنى ئاڭلىۋېلىشقا ئالدىرايمەن.

— يەنە بارمۇ بولۇسكا، يېڭىسىدىن؟

— مۇشۇ ھەدەم دېگەن خوتۇنمۇ قىزىق، — دەپ كەينىدىنلا يەنە بىرنى ئۇلايدۇ ئۇ، — بىر كۈنى ئۆيىمىزگە كېلىپ قالدى. ئاپام ھەدەمگە قۇرۇق چاي بېرىشكە كۆڭلى بارماي ئاشخانامغا ئېلىپ چىقىپتۇ، ئاپام ھەدەمدىن سورىدى:

— مەيلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ، قىزىم؟

— مانتا يەي.

— قانچىنى؟
— بىر يېرىمنى.
— بىر يېرىم مانتىنى يەپ كەتمەك تەس، — دېدى ئاپامۇ بوش كەلمەي، — بولسا ئېرىڭىز بىلەن تۆت بالىڭىزنى باشلاپ كېلىڭ.
قىزىق كۆلكە - چاقچاقلار پارىڭىمىزنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ، قىزىقچىمىز سۆزلەيدۇ، ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ھەر ئىككى گېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاقچاق، لەتىپە قىستۇرۇلغان. مەن كۈلىمەن، ئاۋازىمنى تېشىمغا قويۇۋېتىپ تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلىمەن. مەن تونۇشقان خەلق قىزىقچىلىرى ئىچىدە بولۇس نىزامىدىنىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى باشقىلارغا قارىغاندا ئاددىي، ئەمما قىزىقارلىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇمۇرىستىك ھاياتىنى ئانا جەمەت ئۇرۇق - پۇشتىغا باغلاپ مۇنداق دەيدۇ:
— دادام رەھمەتلىك ئۆتۈپ كەتكەن مۆرىمەس، ياۋاش ئادەم بولىدىغان، ئاپام دادامنىڭ ئەكسىچە گەپدان، ھەزىلكەش، ئوچۇق - يورۇق، قىزىقچى ئايال. ھەر ئېغىز گېپىدىن چاقچاق، كۈلكە پۇراپ تۇرىدۇ. ئاپامنىڭ ئاپىسىمۇ قىزىقچى ئايال ئىكەندۇق، ھەددىمۇ ئاپام بىلەن مومامنى دوراپ چىقتى. بەزىدە بىزنىڭ ئائىلىنى كۈلكە ئۇستىگە قۇرۇلۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ھازىرغىچە ئائىلىمىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، ئورۇنسىز ئۇرۇش - جېدەل بولغىنىنى بىلمەيمەن. ناۋادا، كۆڭۈلگە ئازار يېتىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرگۈدەك بولسا دەقىقە ئىچىدە چاقچاق بىلەن كۈلكىگە ئايلىنىدۇ. ئاپامنىڭ قىسقا، مەنىلىك، يۇمۇرلۇق گەپ - سۆزلىرى ئائىلىمىزنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. چۈشتىمۇ، كەچتىمۇ، ئەتىگەندىمۇ، ئاش - تاماق ئۈستىدىمۇ، ئېغىز ئەمگەكتىن چارچىغان چاغلاردىمۇ چاقچاق بىلەن كۈلكە...
قىزىقچىلىق — كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بۇ ئائىلىدە ئەڭ ئاددىي، ئەڭ كۆرۈمسىز نەرسىلەرگىچە بىزگە گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ئاپام بۇ يىل سەكسەن ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى، لېكىن گەپتىن، قىزىقچىلىقتىن قالمىدى. ياز كۈنلىرى ئىشىك ئالدىدىكى

ئورۇندۇقتا چىقىپ ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرىدۇ، چۈشتىن كېيىن بولغاندا ناماز ۋاقتىنى تازا پەرق ئېتەلمەي يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن [illegible] ئادەملەرنى خىيالىغا كەلگەن ئىسىم بىلەن سەنلەپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ توختىتىپ: «هوي پالانچى، هە سېنى دەۋاتىمەن، چىرايلىق سائىتىڭىزگە ياخشىراق بىر قارىۋەتكىنە، نەچچە بولدىكىن؟» دەپ سورايدۇ. قارشى تەرەپ ئاپامنىڭ گەپلىرىدىن كۈلۈپ كېتىپ، ۋاقىتنى دەپ بېرىدۇ ـ دە، يەنە كۈلگەن پېتى كېتىپ قالىدۇ. مەن مانا شۇنداق مۆھىت ئىچىدە چوڭ بولغان. ئاپامنىڭ مىجەزى ئۇنىڭ ئوغۇز سۈتىگە ئوخشاش تەبىئىي هالدا ماڭا سىڭىپ قاپتۇ. كېيىن كىشىلىك هاياتتىكى كۆزۈمگە سىغمىغان ئادەم، كۆزۈمگە سىغمىغان ئىشلارنى لەتىپە ـ يۇمۇر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ سورۇنلارغا، سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقتىم. بۇ هەقتە بىرقانچە ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، VCD لېنتىلىرى ئىشلەندى. ئاڭلىسام باشقىلارنىڭ باهاسىمۇ يامان ئەمەستەك قىلىدۇ.

— سىز كۆن بويى ئاشخانا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرىدىكەن-سىز، يەنە قايسى ۋاقتىڭىز بىلەن شۇنداق ئادەم، شۇنداق ئىشلارنى ئۆچ-رىتىشقا ئۈلگۈرىسىز؟

— ئاشخانا — مۇنداقچە ئېيتقاندا جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى، بۇ «جەمئىيەت» تە هەممىنى كۆرۈش مۇمكىنغۇ، بىر پارچە لوقمىنى تەمە قىلىپ، بوسۇغىدا قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرغان دىۋانە، ئاپتاپتا كۆيۈپ، ئالىقىنىغا قاداقتىن گۈل چېكىلگەن دېھقان، تۈت سەر ئىچىۋالسا ئون سەر مەست بولۇۋېلىپ، قورسىقىدىكىنىڭ هەممىسىنى تۆكۈۋېتىدىغان ئىچەرمەنلەر، قاش ـ قاپىقىدىكى ئويپا ـ ئەڭلىكىگە خەجلىگەن پۇلىنىڭ يۈزدىن بىرىنى گېلىغا خەجلەشكە قارنى ئاغرىيدىغان چوكان ـ خېنىملار، نەرقىنى سورىماي يەپ ـ ئىچىپ، دەپتەرگە يازدۇرۇپ قويۇپ خاتىرجەم چىقىپ كېتىدىغان قايسىبىر ئىدارە ـ ئورگاننىڭ ئەتىۋارلىقلىرى ··· تېخى بەزىدە ئىچىم پۇشۇپ قالغان چاغلاردا «خەنزۇ بازىرى» غا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىدىغان ئادىتىم بار. نېمىشقىكىن بۇ بازار كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ئادەم دېگىنى

ئىچىدە گۈرۈلدەپ تۇرغان رەستە: ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئاشپۇزۇل كۆتكۆچىلىرى، ئىش كۆتۈپ تۇرغان مەدىكارلار، باققاللار، ھۆپىگەرلەر، رەۋەندىلەر، موزدوزلار، كىتابپۇرۇشلار، ۋاپۇرۇشلار، ئۇششاق ئېلىپ - ساتارلار ··· قالايمىقانچىلىقتا بىر-بىرىنى مۈرىدەشلەر، قوپال سىلكىشلەر، تۇرۇپ ياقا سىقىششلار، سەت، بشەم تىللار بىلەن تىللاشلار، ئۇرۇپ - سوقۇشلار، يىغلىغان، كۈلگەن، ۋايىسىغان ئاۋازلار ··· بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سۈرەت، بىر ئوبراز. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى كاللامدا يېڭى، ئىجادىي لەتىپە - يۇمۇرلارغا ھامىلدار بولىدۇ.

مەن خەلق قىزىقچىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى كۆزىتىش سەنئىتىگە ھەيران قالدىم. ئون نەچچە يىل قەلەم تۇتۇپ، ئۇلار دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ سىرتىدا لەيلەپ يۈرگىنىمنى ئويلاپ خىجىل بولدۇم. شۇ ھامان مەرھۇم پېشۋا يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە مەشھۇر سۆزى خىيالىمدىن كەچتى: «تۇرمۇش بىزگە ھېكايە بولغۇدەك ۋەقەلەرنى، كۆچۈرۈپلا قويسا بولىدىغان قەھرىمانلارنى، كىتاب ئوقۇپ ھاسىل قىلغىلى بولمايدىغان پىكىر - ئىدىيىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.»

# بولۇس نىزامىدىن لەتىپىلىرى

## تاھارەت ئېلىپ ئۇرۇش

بىر كۈنى بازاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر مەستىنىڭ، مەن سىرتتىن تونۇيدىغان بىر ھاجىمنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدىم. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، مەستكە ۋارقىرىدىم:

— كىمنى ئۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— توكتىن چىققان ھاجىمنى.
— ھەرقانچە بولسا ھاجىمنى ئۇرغىنىڭ نېمىسى؟
— تاھارەت ئېلىپ ئۇردۇم.

## ساچىر خانىم بىلەن يۈرۈش

بىزنىڭ مەھەللىدە ئاتتىن چۈشسە، ئېگەردىن چۈشمەيدىغان بىرى بار، گېپى بەك پۇتون، ھە دېسىلا خەلقئارا ۋەزىيەتتىن گەپ ئېچىپ، ئۆز-زىنى قالتىس بىلەرمەن چاغلايدۇ. بىر دەم بوشىنىڭ، بىر دەم پۇتىنىنىڭ پا-رىڭىنى قىلىپ، كىشىنىڭ غىجىقىنى كەلتۈرىدۇ، مەن قوپۇپ:
— سېنى ساچىر خانىم بىلەن يۈرگەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — دېسەم.
— بۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىڭ باركەن - دە، — دەيدۇ تېخى.

## ھەي يېزىلىقلارەي

بىر كۈنى يېزىلىق بىرقانچە كىشى ئاشخانامىغا مانتا يېگىلى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىمۇ شۇ ئوخشايدۇ. مانتىغا دورا - دەر-مان چېچىپ ئالدىغا قويدۇم. ئۇلار مانتا ئۈستىدىكى دورا - دەرمانغا قاراپ كېتىپ:
— ئۇكاۋۇي، تورۇسۇڭدىن توپا چۈشەمدۇ، نېمە؟ — دەيدۇ.

## يالغان چاچ

بىزنىڭ بىر ئاغىنە بار، بېشىغا دائىم يالغان چاچ كىيىۋالىدىغان. بىر كۈنى ئورۇمچىگە بېرىپ ياتاقتا يېتىپ قاپتۇ. قايتىشىدا چېچىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، كەينىگە يېنىپ ياتاققا بارسا، مۇلازىم قىزلار ھېلىقى چاچنى پول يۇيىدىغان سۈرتكۈچ قىلىۋاپتۇ.

## ئۆلۈم شەپىسى

ئىچكىرى ئۆلكىدە تىجارەت قىلىدىغان يېقىن بىر ئاغىنەم بولىدى-غان، تۆيۈقسىز ئىس ئېلىپ كەتكەن سەۋەب بىلەن تۈگەپ كەتتى. يۇرتقا ئېلىپ كېلىپ يەرلىككە قويدۇق. شۇ ئىشتىن كېيىن نېمىشقىدۇر بۇر-نۇمغا ئۆلۈم پۇرايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنى خوتۇنۇمغا ئېيتتىم:

— جانلاردىمۇ ئىشەنچ قالمىدى ئاننىسى، ئۆلۈم دېگەن قاش - كىر-پىكنىڭ ئارىسىدىكى گەپكەن. كىم بىلىدۇ، مەنمۇ تۆيۈقسىز غىرىرىدە كېتىپ قالىمەنمۇ، ياخشى - يامان دېيىشكەن يەرلىرىمىز بولسا رازى بولۇپ كېتەرسەن.

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمىگە، بولۇس، — دېدى ئايالىم قاتتىق چۆ-چۈپ، — مۇشۇ ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە چېيىمىز بار ئىدى، ھېچ بولمىسا شۇنىڭغىچە ھايات تۇرۇپ بېرىڭ.

## موزدوزمۇ نېمە

بىر كۈنى ئىبراھىمكام (دېۋانە) ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇدىرى بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ قاپتۇ. مۇدىر ئاچچىقىدا: «ئىبراھىم، تولا مەن بى-لەن ئېيتىشما، ھېلى بىكار ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىۋېتىمەن» دېسە، ئىبراھىمكام قوپۇپ: «توۋا، ماۋۇ گۇينى ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇدى-رى دەپ يۈرسەم موزدوزمۇ نېمە؟» دېگۈدەك.

## سەي توغرايمەن

بىزنىڭ بىر ئاغىنە بالا بار، پۇلغا بەك چىڭ. قۇربان ھېيتتا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپتۇ. لىگەندىكى گۆشنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ قويماي يەۋېتىپ-تىكەن، بىزنىڭ خوتۇنمۇ قىزىقچى: «يەتتە قېتىم چاي قۇيسام يەنە يەۋا-تىدۇ، ئاخىر بولماي ‹ئەكېلىڭە پىچاقنى، سەي توغرايمەن› دەپ ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىنۋالدىم» دەيدۇ تېخى.

## كېچىلىك بەنزە

بىر كۈنى ئاشخانامغا كېچە سائەت ئون بىردە بىر دىۋانە كەپتۇ. «كېچىدىمۇ كېلەمدۇ تەقسىر؟» دېسەم، «بۈگۈن مەن كېچە بەنزە» دەيدۇ.

## كۈنلۈك تۈتۈۋال

يەنە بىر كۈنى مەن تونۇمايدىغان بىر ئاداش ئۆيۈمگە يىغلاپلا كىرىپ كەلدى. «بولۇس دېگەن سىزمۇ؟» دەيدۇ، «ھەئە» دېسەم، «بېشىمغا كۈن چۈشتى، قانداق قىلىمەن؟» دەيدۇ، «ئۇنداق بولسا كۈنلۈك تۈتۈۋال» دېۋىدىم، يىغلاۋاتقان ئادەم كۈلۈپ كەتتى.

## دۇئا توختىدى

مېنىڭ ئاپامۇ قىزىق، ھەر ئايدا خىراجەت قىل دەپ بىرنەچچە يۈز يۈەن تۈتقۇزۇپ قويىمەن. بىر ئاي بېرەلمىسەم «بالام» دەيدۇ، «ھە» دېسەم، «دۇئا توختىدى» دەيدۇ تېخى.

## ئالماشتۇرۇپ قويما

بىر كۆزى سەل چاتاق بىر ئاداش ئايالى بىلەن چېگرىدىن كېلىۋېتىپ تراكتورغا چىقىۋاپتۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر ئاداش تراكتورنى توسۇپتۇ، قارىسا ئۇنىڭمۇ كۆزى چاتاقكەن. ئانچە ئۆزىمايلا تراكتورغا كۆزى سىڭار يەنە بىرەيلەن چىقىپتۇ. ھېلىقى ئاداش قىزىقچى چېغى، ئايالىغا تاپىلاپتۇ: «مېنى چىڭ تۇت خوتۇن، ئالماشتۇرۇپ قويما.»

## بىرقانچە كٶن مېنى دادا دەپ تٶر

بىر كٶنى يېقىن ئارىلىشىدىغان بىر ئاغىنەمنىڭ دادىسى ۋاپات بولدى. ئەتىگەندە پەتىگە باردىم. دەرۋازىدىن كىرىشىمگىلا ماڭا ئېسىلىپ: «ياش تٶگەپ كەتتىڭغٶ دادام، بالدٶرلا كېتىپ قالدىڭغٶ دادام، ئەمدى بىز كىمنى دادا دەيمىز دادام··· » دەپ هازا ئاچقىلى تٶردى. مەن قوپٶپ تەسەللى بەردىم: «سەۋر قىل ئاداش، داداڭنىڭ ئوتى بېسىلغٶچە بىرقانچە ۋاقىت مېنى دادا دەپ تٶر».

## قانچىسى باردٶر؟

يىراق يېزىدىكى بىر ئاغىنەم شەھەرگە كىرىپتٶ. پاراڭلىشىپ ئولتٶرٶپ سوراپ قالدىم: «يېزىلاردىن شەھەرگە كىرمەي ئۆلٶپ كېتىدىغان ئادەملەردىن قانچىسى باردٶر؟». ئاغىنەم سوئالىمنى ئاڭلاپ ياندٶرٶپلا مەندىن سورىدى: «مٶشٶ شەھەردە ئٶستىنى قاڭالتىرلىق قىلىپ، ئون ئېغىزلاپ ئۆي سېلىپ، بىر ئېغىزىدا ئۆزى يېتىپ، قالغان توققٶزىنى كۆرمەي ئۆلٶپ كېتىدىغانلاردىن قانچىسى باردٶر؟»

## بٶگٶن دەم ئالغان

دائىم ئاشخانىمىزغا كېلىپ ـ كېتىپ تٶرىدىغان بىر دىۋانە بولدىغان، يېڭى يىل كٶنى بازاردا ئٶچرىتىپ قالدىم، پٶل چىقىرىپ بېرىپ قوياي دېسەم «ئالمايمەن» دەيدٶ، «نېمىشقا؟» دېسەم، «بٶگٶن دەم ئالغان» دەيدٶ.

## ئالماشتٶرٶپ قويٶش

بولٶسكامنىڭ يېقىن ئارىلىشىدىغان ئاغىنىسىنىڭ قېيىناتىسى ۋاپات

بولۇپ كېتىپتۇ. بولۇسكام پەتگە بېرىپتۇ. ئاغىنىسى بولۇسكامنى كۆ-
رۈپ قاتتىق هازا ئاچقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يىغىنى ساپتۇ، «ۋاي
ئاتامەي… » دەپ يىغلاۋېتىپ، قانداق بولغان ئېغىزىدىن «ۋاي، ئاتامەي»
دېگەن گەپ چىقىپ كېتىپ قاپتۇ. بولۇسكام دەررۇ ئاغىنىسىنىڭ پېشانىسى-
نى تارتىپ، دەپتۇ:

— نېمە بولۇۋاتىسەنوي؟

— ۋاي، ئاناڭنى، — دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپتۇ ئۇ، — ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن.

## شۇ ئايال

بولۇسكام ئايالى يەڭگىدىغان چاغدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئايالى بوشىنىپتۇ. دوختۇرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كايىپتۇ:

— قانداق بىپەرۋا ئادەمسىز، ئەلۋەتتە مۇنداق ئاغرىق دېگەننى دوختۇرخانىغا بۇرۇنراق ئېلىپ كېلىش كېرەك ـ دە، ھېلىمۇ ياخشى ھويلىدا تۇغۇپ قالمىدى، ئىككى يىل ئاۋۋال بىر ئايال دوختۇرخانا ئالدىدىلا…

دوختۇر گېپىنى دەپ بولغۇچە بولۇسكام ھىجاراپ قويۇپ دەپتۇ:

— شۇ ئايالمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمتى.

## لايىق ئىزدەش

— مەھەللىمىزدە بىرەيلەن، — دەپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ بولۇس-كام، — ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ ئۇزۇن مەزگىل بويتاق يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۆيلىنىۋالاي دېسە مۇۋاپىق بىرسى چىقماپتۇ. خەيرىيەت، كۈن-لەرنىڭ بىرىدە رادىئودىن لايىق تونۇشتۇرۇش ئېلانىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇ يەرگە بېرىپتۇ. قائىدە بويىچە ئىككى يۈز يۈەن رەسمىيەت ھەققىنى

تۆلىۋېتىپ، ئۇلار تونۇشتۇرغان لايىقنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. كىرىپتۇ ـ دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئالدىدا لايىق كۇتۇپ ئولتۇرغىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇن قويۇۋەتكەن ئايالى ئىكەن.

## قىزىل چىراغ، كۆك چىراغ

تۇرمۇش ماشىنىسى تېخى ئومۇملاشمىغان مەزگىللەردە بولۇسكام كونىراق بولسىمۇ «لادا»دىن بىرنى سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ «لادا»سى نەدە دوقـ- مۇش، نەدە ئادەم بار يەرگە كەلگەندە قىرىشقاندەك چاتاق تېرىپ تۇرۇۋا- لىدىكەن. ماشىنىغا ھەۋسى كۇچلۇك بولۇسكام «لادا»نىڭ «كېسىلى»گە قارىماي تەۋەككۇللا يۇرت ئايلىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ شەرقىي شىنـ- جاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭلارنى ئايلىنىپ قەشقەرگە بېرىپ قاپتۇ. بىر كۇنى ئۇ قەشقەر شەھەر ئىچىدە كېتىۋېتىپ تاق چىراغ بار تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە نەس باسقان ماشىنىنىڭ خۇيى تۇتۇپ، توختاپ قاپتۇ. خېلى ئۇ- زۇن ھەپىلىشىپ ماشىنىنىڭ كېسىلىنى تاپالماپتۇ. كوچا دوقمۇشىنىڭ قىزىل چىراغ، يېشىل چىراغلىرى نەچچە يېنىپ ئۆچۈپ بوپتۇ. گالۋاڭ شوپۇرنىڭ قىلىقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان قاتناش ساقچىسى دەرغەزەپ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، قائىدە بويىچە چاستىن بىرنى بېرىۋې- تىپ سوراپتۇ:

— غوجام، سىلىگە قانداق چىراغ كېرەك؟

## پۇل خەجلەپ

بولۇسكام مېھمانخانىسى بىلەن قوشۇپ «ئارمان رېستورانى»نى ئېـ- چىپ يۇرگەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە مېھمانخانىغا بىر جۇپ قىز- يىگىت كىرىپ كەپتۇ.

— ياتاق بارمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار.

بولۇسكام ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئىچىدە يەنە شەيتىـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ـنى تۇتۇپ:

— قىزىل قەغىزىڭلار بولسىلا، — دەپتۇ.

— قىزىق گەپ، — دەپ دىمىغىنى قېقىپتۇ يىگىت، — قىزىل قەغىزىمىز بولسا، ياتاقتا پۇل خەجلەپ نېمە قىلىمىز.

## تېپىدۇ

بولۇسكام ئۇرۇمچىگە بېرىپ ياش ۋاقىتلىرىدا ئارىلاشقان قىز دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. يەنە بىر يەرلىرىدە كۆنداشلىقى تۇتۇپ قالدىمۇ قانداق، ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن، ئىككى قولى مۇرىسىدىن يوق كىشىنى شەرەت قىلىپ سوراپتۇ:

— بۇ، كىم بولىدۇ؟

— بىزنىڭ يولداش، — دەپتۇ ئايال.

— تەلىيىڭىز باركەن، — دەپتۇ بولۇسكام، — ئۇرمايدىغان ئەرنى تېپىۋاپسىز.

— ئۇرمىغان بىلەن، — دەپتۇ ئايال، — كارامەت تېپىدۇ.

## قولۇمغا يوق

تولا تۇغۇۋېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئايال پات ـ پات بولۇسكامنىڭ قېشىغا ھال ئېيتىپ بېرىپ قالىدىكەن. باغرى يۇمشاق بولۇسكام قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن. ھېلىقى ئايال يەتتىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەندە بولۇسكامنىڭ ئىچى ئاغرىپ، تۈز كۆڭلى بىلەن نەسىھەت قىپتۇ:

— جان باقماق تەسلىشىپ كەتتى سىڭلىم، ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، بولسا ئۇزۇك سالدۇرۇۋېلىڭ.

— ئو ...ھۇش، — دەپتۇ ئايال، — قولۇمغا يوق ئۇ يەرگە نەدە.

# يەنە بىر ئاي

كاۋىنىڭ چېچەكىدەك تازىمۇ سېرىق بىر ئاداش بولۇسكام ئىشلەۋاتقان ئەينەك زاۋۇتىغا باشلىق بولۇپ كەپتۇ. هېلىقى ئاداشنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىقى، ئىچىنىڭ يامانلىقىغا گەپ سىغمايدىكەن. بىر كۈنى بولۇسكام ئۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ. ئاچچىقىدا:

— كۆك كۆز، ئۆڭى سېرىقلاردىنغۇ ۋاپا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ ئۇ.

— چىرايىمنى چىشلەپ تارتما، — دەپ ئۆڭۈپتۇ زاۋۇت باشلىقى، — ئۆزۈم خالاپ تۇغۇلۇۋالمىدىم، ئاپام شۇنداق تۇغۇپ قويۇپتىكەن.

— ئاپاڭنىڭ قورسىقىدا يەنە بىر ئايلا تۇرغان بولساڭ، — دەپ تەنە قىپتۇ بولۇسكام، — پوقمىلا ئايلىنىپ كېتەتتىڭكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ساتتار قورۇق نېمە دەيدۇ؟

ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ئىچىدە «قورۇق» لەقىمى بىلەن كۆپكە
تونۇلغان يەنە بىر يېتۈك تىل ئۇستىسى بار. ئۇ، شەھەر ئىچىلىك ساتتار
باقى. بىز ساتتار باقىنى مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇرباندىن
كېيىن يېتىشىپ چىققان غۇلجىدىكى بارماق بىلەن ساناقلىق چاقچا
چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز.

چاقچاقنىڭ ئانىسى چاچما چاقچاق، تاماقنى تاماق قىلىپ تۇرىدىغى-
نى تۇز ــ تەمى بولغىنىغا ئوخشاش، چاقچاقچىنى چاقچاقچى قىلىپ تۇ-
رىدىغىنىمۇ ئۇنىڭ چاچما چاقچاقتا ماھىرلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
چاقچاق سورۇنى شەپقەتسىز جەڭ مەيدانى، قارشى تەرەپتىن پىلىموتنىڭ
ئوقىدەك يېغىۋاتقان چاقچاقلارغا دەقىقە ئىچىدە لايىقىدا جاۋاب قايتۇ-
رۇش، قارشى تەرەپ «ئاق بايراق» چىقارغانغا قەدەر چاقچاقنى
داۋاملاشتۇرۇش، مىڭ-



لىغان كۆزلەر، ئادەم
ئەيمەنگۈدەك سالاپەت ۋە
چىرايلار ئالدىدا ھو-
دۇقماي، تەمتىرىمەي،
ساتارنىڭ قۇلىقىدەك
سەپ تۈزۈپ ئولتۇرغان
«قارا كۆزلەر» نى نۆۋەت
بىلەن ئوخشىتىپ سو-
رۇندىن قىيقاس چىقى-
رىشنىڭ ئۆزى پەقەت

چاقچاقتا پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ساتتار قورۇق مانا شۇنداق چاچما چاقچاق ماھىرى. ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىللىرىدا دەۋر سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ چاقچاقلىرى بىلەن چاقچاق سەنئىتىمىزنىڭ نۇرانە بەتلىرىنى بېزىگەن. ئۇنىڭ ئىنكاسى تېز، تىلى ئۆتكۈر ھەم يۇمۇرلۇق بولۇپ، ئادەم ۋە نەرسىلەردىكى مەۋھۇم ئۇقۇملارنى جانلىق ئوبرازلار ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، كىشىگە پاتمانلاپ كۈلكە، زوق ئاتا قىلالايدۇ. قارىسىڭىز پاكارغا مايىل بوي ـ بەستى، ۋىجىك، ئاۋاق تۇرقى يېشىدىن بۇرۇن قورۇق تاشلاپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلەشمە سىزىقلارنى ھاسىل قىلغان كاۋا چېچىكى رەڭگىدىكى چىرايى بىلەن قوشۇلۇپ، پۈتۈن تۇرقىدىن كۈلكە ـ چاقچاق تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. چاقچاقچىمىزنىڭ تاشقى قىياپىتى مانا شۇنداق ئاددىي.

تاشقى قىياپەت، ئىچكى قىياپەت دېگەن نېمىكەن ئۇ، ھەق گەپنى قىلساق، چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىزنىڭ مۇرەككەپ دېگۈدەك يېرىمۇ يوق. سالاپىتىگە سۈر بېرىپ يۈرىدىغان كىشىلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. نەگە بارمىسۇن، كىم بىلەن كۆرۈشمىسۇن كۆزىدە كۈلكە، چېھرىدە تەبەسسۇم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇ دەرىجىدە قىزىق، يۇمۇرىستىك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار دەرۋىشلەرچە، سەۋدايىلەرچە ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن تارتىپ، ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىقلىرىغىچە موللا نەسرىدىنىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالەمنى توپان باسسا ئۆرەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمىگەندەك، جاھاننىڭ كارى ـ بارى ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر. ساددىلىق، زېرەكلىك، ئەخمەقلىق، گوللۇققا ئوخشاش سۈپەتلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ يەردە يېرىم تاۋۇزغا نىكاھ ئوقۇتۇپ، كوچىدىلا خوتۇن ئېلىۋالغان، توي ئاخشىمى چاقچاق بىلەن ۋاقىت چىقىرالماي، ئۈچىنچى كۈنى ھۇجرا ئۆيدە پەيدا بولغان ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ ئولتۇرمايمىز. يەنە تېخى تەشكىل ئۈچۈن خوتۇن ئېلىپ، تەشكىل ئۈچۈن جاھان تۇتۇپ بېرىدىغاندەك، تەشكىلگە قېيىداپ، ھازىرغىچە ئۆيلەنمەي، ئاسقىدىكى گۆشكە ئوخشاش سۈرلىنىپ، ئۇزاق ساقلانغان «ئىلى ئالىي ھارىقى» دەك ئېچىپ، مەي بولۇپ

كىيتىۋاتقان بويتاقلىرىمىز بۇنىڭ سىرتىدا.

ساتتاركام قورۇقنى ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان دەردى بار. بىر ئوتلام شارابتەك بىر ئورام ئاچچىق موخوركا، بىر ئېغىز چاقچاق بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكىلى بولمايدىغان قايغۇ - ھەسرىتى بار. دەردكەنغۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى قۇرتتەك غاجاپ، سۇلۇكتەك شوراپ، كاردىن چىقىرىۋېتىدىغان. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. بۇ كۈن، بۇ دەرد قانداقتۇر جەمئىيەتتىن، ئادەملەردىن ئەمەس، تەقدىر - پۈتمىشتىن كەلدى. كەلگەندىمۇ شۇنداق تۇيۇقسىز، تاسادىپىي كەلدى، بويىغا يېتىپ قالغان قىزى بىلەن، ئۇزۇن يىل بىر ياستۇققا باش قويۇپ كەلگەن سۆيۈملۈك ئايالى ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى. ئۆزى بولسا يېشىغا، قۇرامىغا يەتمىگەن تۆت بالىسىنى قۇچاقلاپ قالدى. بۇنى دەرد دېمەي، ھەسرەت دېمەي، قىسمەت دېمەي نېمە دەيمىز؟ ئىنسان بالىسىنىڭ بۇ خىل يوقىتىش ۋە زەربىگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. مۇئەللىپ چاقچاقچىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنىڭ ۋەزنىنى چۈشىنىدۇ. سەۋەبى، ئۇمۇ شۇنداق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. جانغا تېگىلىپ كەلگەن رودىپاي كېسەلنىڭ بېزىرىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئاتا - ئانىسىدىن بىر سوتكا ئىچىدە ئايرىلىپ قالغان چاغلاردا، ئۇنىڭ ئۆگىسى قاتمىغان دېھقان ئاكىسى ئانا مېھرى، ئاتا چېھرىگە قانمىغان ئۇكىلىرى ئۇچۇن قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىمىدى دەيسىز ! تاڭ ئاتاردىن، كۈن پاتارغىچە كوممۇنانىڭ ھاشىرىغا تۇتۇلسا، كېچىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە مەدىكار ئىشلىگەن چاغلىرى بولغان. تاپىنىدىكى تىلىم - تىلىم يېرىقلار، ئالقىنىدىكى ئوي - ئويۇل قاداقلار، چىرايىدىكى پۇرۇم - پۇرۇم قورۇقلار شۇ چاغلاردا چۈشۈپ بولغان. كۆزلىرىدىن مۇڭ ۋە ھەسرەتتىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايتتى. ھەسرەتلىك يۈرەكتىن كۈلكە كۈتۈش مۇمكىنمۇ ... شۇ ئىشتىن كېيىن ساتتار قورۇقنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار بىر ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى. بوسۇغىدىن كىرسىلا كۈلكە - چاقچاق ئۆكسۈمەيدىغان بۇ ئائىلىدە ئېيىق ئۆڭكۈرىدەك چوڭ بىر كامار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئورنىنى

يېرىم تاۋۇزغا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئېلىنىۋالغىلى بولىدىغان ئايالالار بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى. ئۇلار بالىلارنى ئۆگەيلەپ قوياتتى. شۇ يېرىمنى ئويلىغان چاقچاقچىمىز ئۇزۇن مەزگىل بويتاقلىق ئازابىنى تارتىشقا، بالىلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەشكە، كوچىغا چىقسا ئەرنىڭ، ئۆيگە كىرسە ئانىنىڭ رولىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. كۈلكە بىلەن خۇشاللىق ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن غايىب بولدى. ئولتۇرۇش، بەزمە ـ باراۋەتلەردىن ئايىغى تارتىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىلىنىڭ چاقچاقلىق ئولتۇرۇشلىرىنى بىر مەزگىل لەرزىگە سالغان بۇ تېز ئاتار چاقچاقچىمىز قىسمەت ۋە كەچمىشلەرنىڭ پاتمانلاپ ئېلىپ كەلگەن بېسىمى بىلەن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ، ئۆز روزىغارىدىن ئېشىنمايدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق، ئېشىنمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ يىل (2005 ـ يىل) پەيغەمبەر يېشىغا ئۇلاشقان چاقچاقچىمىزنىڭ ئىلگىرى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئېشىنغان چاغلىرى بولغان. ۋەزىيەتنىڭ قان بېسىمى[1] ئۆرلەپ، غۇلجىنىڭ پىلىچى، گاڭگۈل، لەنتەيزە خاڭلىرىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدىمۇ، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە كىگىزچى ئۇستاملارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، كىگىزگە گۈل بېسىش بىلەن ئالدىراش يۈرگەن مەزگىللىرىدىمۇ سەۋەب كۆرسەتمەي ئېشىنغان. ئۇ ئۇشۇق ئەمەس، كەممۇ ئەمەس نەق ئوتتۇز يىل ئېشىندى. ئوتتۇز يىل چاقچاق قىلدى. كۈلكىگە ئاشىق كۆڭۈللەرنى ئوتتۇز يىل كۈلدۈردى، ئوتتۇز يىل مەست قىلدى، ئوتتۇز يىل ياشارتتى. ئۇ ئاشۇ ئوتتۇز يىلدا ئۆزىگە، تۇرمۇشىغا، ئائىلىسىگە ئېشىنالمىدى. يىگىرمە يېشىدا تىجارەت باشلاپ، ئوتتۇز يېشىدا ئىگىلىك تىكلەپ، قىدرىق يېشىدا باي بولغان، مىليونېر بولغانلار ئازمۇ. لېكىن ئۇ ھېچ نەرسە بولالمىدى. قىسقىسى، پۇتى سىغقۇدەك ماكانغا، قورسىقى تويغۇدەك ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى. ئىگە بولۇش ئۇنىڭغا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەنلىرىنىڭ ھېسابى

① «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بولمىغىنى بىلەن ئالغانلىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ۋايساپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە پەخىرلەندى. بەرگەنلىرىدىن ئۇقىدتمىغەت كەنلىرىدىن پەخىرلەندى. ھاياتنىڭ مەنىسى قانچىلىك ياشىغانلىقىدا ئەمەس، قانچىلىك قۇربان بەرگەن، قانچىلىك تەقدىم قىلغانلىقىدا. ئۇ تەقدىم قىلدى، ئوتتۇز يىللىق ئۆمرىنى چاقچاق سەنئىتىگە تەقدىم قىلدى. ھەقىقىي بىر خەلق سەنئەتكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ چاقچاقلىرى غۇلجىنىڭ بىر چاغلاردىكى سۇۋادان تېرەكلىك كوچىلىرىغا، ئالمىزار باغلىرىغا، ئالارمەن ـ ساتارمەنلەر بىلەن تولغان ئاۋات رەستىلەرگە، ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغان بوستانلىق مەھەللىلەرگە، يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا، ئاشىقلار پىچىرلاشقان ئايدىڭ كېچىلەرگە، ئۆزى بىلەن زامانداش ياشىغان كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە سىڭىپ كەتتى. تۆۋەندە شۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ چاقچاقچىمىز خۇسۇسىدىكى لىللا باھاسىنى ئاڭلاپ ئۆتىمىز:

ئۆزگىچە خاس ناخشا ئېيتىش فورمىسى بىلەن تونۇلغان ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئىمىنىنىڭ باھاسى: «ھېسام بىلەن ساتتار بولمىغان ئولتۇرۇشنىڭ پەركايى ئۇچىدۇ.»

مەشھۇر چالغۇچى ۋە كومپوزىتورلىرىمىزدىن ھۇسەنجان جامى بىلەن مەرھۇم غىياسىدىن باراتلارنىڭ باھاسى: «بىز ھەر قېتىم غۇلجىغا بارساق ئەڭ ئاۋۋال ھېسام بىلەن ساتتارنى ئىزدەيمىز. ئۇلارنىڭ بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچىقىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ھاردۇقىمىز چىقمايدۇ. كۈلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىشنىڭ دورىسى بولسا، بۇ دورىنىڭ كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان قىسمى پەقەت ھېسام بىلەن ساتتاردىلا بار. ئۇلارنىڭ ھەر ئېغىز چاقچىقىنى ئاڭلىساق بەدەن ـ بەدەنلىرىمىز كۈلۈپ كېتىدۇ.»

ساتتار باقى چاقچاقچىلىقتىكى ئۇستازلىرى سۈپىتىدە دادىسى بىلەن ھېسام قۇربانىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. دادىسى باقى ئاكا ئۆز زامانىسىدا خېلى نامى بار پاراڭچى، ناخشىچىلاردىن ئىدى. كەمچىلىكى ساز بىلمەيتتى. ئاغزىدا تەمبۇر چېلىپ، قوللىرىنى تىزىغا رىتىملىق ئۇرۇپ، ئىككى يانغا تەكشى چايقىلىپ، ناخشا دېگەننى ئاجايىپ چىرايلىق توۋلاپ قوياتـ

تى. خەلق ناخشىلىرىغا ئۇستا ئىدى. ناخشىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، ئەگىتمە ۋە ئەۋجلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئالالايتتى. «ئالۋاڭ ناخشىسى»، «سىپىل ناخشىسى»، «سادىر ناخشىسى»، «كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى»، «ھارۋىكەش ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «ئورما ناخشىسى» ... ئىشقىلىپ، ئۇ بىلمەيدىغان ناخشىلار ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى دەم كۈچىيىپ، دەم پەسىيىپ بارىدىغان ئاۋازىدىن سىپىلغا، ئۆستەڭگە تۇتۇلغان ھاشارچىلارنىڭ، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان كۆچمەنلەرنىڭ، تاغ ئاتلاپ يىراقلارغا سەپەرگە ماڭغان دەردمەن ھارۋىكەشلەرنىڭ، ئورما ئورۇپ، خامان تېپىۋاتقان دېھقانلارنىڭ، گەجگىسىنى پاتمانلاپ غەم بېسىۋالغان كاسىپلارنىڭ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك تىنىقى كېلەتتى. بۇ يىل ھىجرىيە كالېندارى بويىچە توقسان بىر ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان باقىكام يۇسۇپنىڭ ھېلىمۇ ئايىغى تىمەن، خاتىرىسى ئېنىق، گەپ ـ سۆزى جايىدا. بازارلارغا، مەھەللە ـ كويدا بولغان توي ـ تۆكۈنلەرگە ئۆز ئايىغى بىلەن بېرىپ كېلەلەيدۇ. زاماندىش ـ قۇرداشلىرى بىلەن بولغان پاراڭلارغا تەڭ قېتىلىپ، تەڭ كۈلەلەيدۇ. لۈكچەك، قارام، تەلۋىلىك بىلەن ئۆتكەن بالىلىق چاغلىرىنى، روزى تەمبۇر، زوردۇن شىبە، ساۋۇتكام بېدىك، رۇشىدىنكاملارنىڭ مەشرىپىگە قاتنىشىپ① ئادەم بولغان ئىشلىرى، كىملەرنىڭ ناخشىسى، كىملەرنىڭ پاراڭلىرىغا ئاشىق بولغانلىقى، يەنە كىملەردىن، نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكى، ئاخىرىغا بېرىپ سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى تەركىبىدىكى سەنئەت ئۆمىكىدە بىر مەزگىل ئىشلەپ، «قانلىق داغ» دراممىلىرىدا قانداق روللارغا چىققانغىچە بولغان ئۆمۈر تارىخى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى خۇددى تۈنۈگۈن بولغان ئىشلاردەك ئەسلەپ بېرەلەيدۇ. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى پولات تاۋلاش ھەرىكىتىدە ئەترەت باشلىقلىرى ئۇنى «باقىكا، سەن بولمىساڭ زېرىكىپ قالىدىكەنمىز. ئەمگەكنى بىز قىلايلى، سەن ناخشا ئېيتىپ، پاراڭ قىلىپ بەرسەڭ» دەپ، قارىياغاچ مازاردىكى رۇدا كۆيدۈرۈش مەيدانىغا ئاچىقىۋال-

① باقىكامنىڭ «ساراڭ» دېگەن لەقىمى بار بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ھەرقانداق ئادەمگە خىرىس قىلىدىغان تەلۋە مىجەزى بار ئىدى. چوڭلار ئۇنى بوزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۆز مەشرىپىگە قېتىۋالغان.

غان ئىشلىرىمۇ بار.

بايانىمىزدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى: سەنئەتكە بولغان چاقچاقتا ئەلۋەك ئائىلە مۇھىتى ساتتار قورۇقنىڭ يۇرىكىگە كىچىكىدىنلا چاقچاقتا بولغان ھەۋەس ئوتىنى تۇتاشتۇرغان. ئۇنىڭ ھېسام قۇربان بىلەن ئۇچرىشىشى كېيىنكى چاغلاردا يېتۇك تىل ئۇستىسى، مۇكەممەل، ئۆگەن -چۆگىنى يوق ھازىر جاۋاب چاقچاقچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا قالتىس رول ئوينىغان. ۋاراقلاپ كۆرسەك، چاقچاقچىمىزنىڭ بالىلىق خاتىرىلىرىدىن ھېسام قۇربان خۇسۇسىدىكى نۇرغۇن گۈزەل ئەستىلىكلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ چاغلاردا ھېيت ـ ئايەملەر قالتىس داغدۇغا بىلەن كېلەتتى. خاسىيەتلىك رامزان ئايلىرى باشلىنىش بىلەن تەڭ بەيتۇللا مەسچىتىگە يانداش ناغرىخانا پەشتىقىدا ناغرا چېلىش باشلىنىپ كېتەتتى. ئېپتاردىن ئىلگىرى، ئېپتاردىن كېيىنكى زولۇق مەزگىلىدە ناغرىنىڭ يېقىملىق، رىتىملىق ئاۋازى بەيتۇللا ئاسمىنىنى لەرزىگە سالاتتى. ناغرا چالغۇچىلار قاتارىدا ھېسامكاممۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىزنىڭ بالا چاقچاقچىمىزمۇ كىرىۋالاتتى. ناغرا نۆۋەت بىلەن چېلىناتتى. ئارىدىكى تەنەپپۇسلۇق ئارام ئېلىشتا ھېسامكام ئاجايىپ قىزىق پاراڭلىرى، يېڭى، ئىجادىي لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بىلەن تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغانلارنى دەممۇ دەم كۈلكە قوينىغا بۆلەپ تۇراتتى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلغاندا بالا چاقچاقچىمىز ئۇ يەرگە ناغرا چېلىشنى ئۆگەنگىلى ياكى ناغرىنىڭ پەيزىنى ئالغىلى ئەمەس، ھېسام قۇرباننىڭ چاقچىقىنى ئاڭلىغىلى باراتتى. ھېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا يېپىسىز باغلانغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئولتۇرسا ـ قوپسا خىيالىغا چاقچاقلا كىرىۋالىدىغان، چۈشىدىمۇ چاقچاق چۈشەپ قوپىدىغان بولدى. چاقچاقنىڭ يۇمۇرلۇق تەرەپلىرى نېرىپلىرىنى غىدىقلاپ كۈلكىگە قىستىسا، مەنۋى قاتلاملىرى ئۇنى چوڭقۇر- چوڭقۇر ئويلارغا سالاتتى. كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇش، مەشرەپلەرگە ئەگىشىپ بارىدىغان، چاقچاق قىزىغان سورۇنلاردا بىرەر يېرىم ئېغىزدىن لوقما تاشلاپ كىشىلەرنى كۈلدۈرەلەيدىغان بولدى. ھېسامكام بولسا ئۇنىڭغا

چاقچاق ئەخلاقى، چاقچاقچىلىق ئىستىلى، چاقچاقچى، قىزىقچىلارنىڭ سورۇندىكى ئوبرازىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى، كەيپىياتنى تەڭشەشنىڭ زۆرۈرلۈكى، سەزگۈ، ئىنكاس، تەپەككۇر ··· يەنە شۇنىڭدەك چاقچاقچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن شەرتلەر توغرىسىدا پات - پات ۋەز ئېيتاتتى. ئاخىر قاتتىق قول ئۇستازدىن تەلەپچان شاگىرت يېتىلدى. ساتتار قورۇق ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىر گۈلى سۈپىتىدە سورۇنلاردا رەسمىي پەيدا بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ ھېسام قۇربانىنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ چىققان، ئۇنىڭ ئىنكاسىدىكى تېزلىكى بىلەن چاقچاقتىكى ھازىرجاۋابلىقىنى كىيىپلا چۈشكەن تونجى ئەۋلاد ۋارىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

باشلانغۇچ بەشىنچى يىللىق مەلۇماتىغا ئىگە بۇ چاقچاق ئۇستىسى تۇرمۇشنى، تەبىئەتنى كۆزىتىشكە تولىمۇ ماھىر. ئۇ ئادەملەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى، مىجەز - خۇلقى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ قويۇلۇپ قالغان لەقەملىرىنى بايقىغان ھامان ئۇنى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، تەبىئەتتىكى جانلىق، جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ قالتىس چاقچاقلارنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ «ھايۋانات ھەققىدىكى چاقچاق»، «نەرسىلەر ھەققىدىكى چاقچاق»، «قاپىيىلىك چاقچاق»، «مەلۇم نەرسىگە ئوخشىتىپ قىلىنغان چاقچاق» لىرى شۇنىڭ جۈملىسىگە ياتىدۇ.

— چاقچىقى بار ئولتۇرۇش، — دەيدۇ ئۇ بىزگە، — ئىككىنچى مەشرەپ سورۇنى. ئۇ ئەدەپ - قائىدىدىن چەتنىگەن سالتاڭ - ساياق ئادەملەرگە، ئاغرىتىپراق ئېيتساق ئىنسانىي تەبىئىتىنى يوقاتقانلارغا، چاكىنىلارغا، پاسىقلارغا، غەيۋەتخور، ئىككى يۈزلىمىچى، قارا كۆڭۈللەرگە، كۆتۈرمىچىلەرگە، غالچىلارغا، قەسەمخورلارغا، مەمەدان پوچىلارغا، ساختىپەز، قويمىچىلارغا ئادىمىيلىك سۈپىتىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ، غۇرۇرىنىڭ، ھايانىڭ، ئىمانىنىڭ، ئەخلاقىنىڭ، ئادەم بولۇش يوللىرىنىڭ، ياشاش مىزانىنىڭ، ھايات، تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر چاقچاق سورۇنىغا كىرگەن ياكى چاقچىقى-

www.uyghurkitap.com

نى ئاڭلىغان ھامان باشقىچە قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ كېتىپتۇ. چاقچاقنىڭ سېھرىي كۈچى مانا شۇ يەردە. سىزگە دېسەم ئوتتۇز يىلدىن بېرى بىز تۈزلەپ كەلگەن «ئەگرى قوۋۇرغا» لار ئاز ئەمەس.

مەن چاقچاقچىمىزدىن سورىدىم:

— سىز ھازىرمۇ چاقچاق سورۇنلىرىغا بېرىپ تۇرامسىز؟

— ئىلگىرىكىدەك ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئاساسىي جەھەتتىن قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۆزۈمنى كېسەل، ئائىلەمنى ئۆلۈم - يېتىم، تۇرمۇشۇمنى نامراتچىلىق چېقىپ كەتتى. ئىككىنچى ئايالىم سەنەۋەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئوبدان خاتىرجەم بولۇپ قېلىۋىدىم، تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا ئەر يېتىپ قالغان ئوغلۇم سىرتتا كۈتمىگەن قازايى - قەدەرگە ئۇچراپ، ئۆلۈكىنى ئۈرۈمچىگە قويۇۋېتىپ كەلدىم. ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىمۇ تازا ياخشى ئەمەس. كاناي يولى ياللۇغۇمنى ئاز دەپ بۆرىكىمدىن چاتاق چىقىپ، بىر قېتىم ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چىقىپ چۈشتۈم. كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا ئادەمنىڭ قولى ئىشتىن، ئېغىزى گەپتىن چىقىپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردىن ئاستا - ئاستا قالدىم. مېنىڭچە قېپقېلىش نورمال ئىش، ئۈزۈلۈپ قېلىش خەتەرلىك. ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، يىلتىزى چوڭقۇر، ھازىرغىچە ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ باقمىدىم. مۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم بولمايدۇ. مەن ھازىرقى بىر ئەۋلاد ياشلىرىمىزدىن بەك رازى. ئۇلار ئالدىنقىلارنىڭ ۋارىسلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنى ئۇسلۇب، شەكىل، مەزمۇن جەھەتتىن بېيىتتى. چاقچاق سەنئىتىگە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. بۈگۈننىڭ ئۇل تېشى پۇختا ئورۇلغاندا كېلەچەكتىن ئەنسىرەشنىڭ ئورنى قالمايدۇ. مەن تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، تىنىقلار - تىنىقلارغا ئۇلىنىپلا كېلىدىكەن، بىزنىڭ چاقچاقلىرىمىزمۇ ئىلى دەرياسىنىڭ ئۆكسۈمەس ئېقىنلىرىدەك مەڭگۈ مەۋج ئۇرىدۇ.

# ساتتار قورۇق چاقچاقلىرى

## ئۆگەي دادىسى

ساتتار قورۇقلارنىڭ مەھەللىسىدە يېشى ئاتمىشلاردىن ئېشىپ قالغان بىر ئاداش قىرىق يىل ماكان تۇتقان ئايالىنى قويۇۋېتىپ، ياپياشلا بىر چوكانغا ئۆيلىنىۋاپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئوغلى يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا غېمىنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. ساتتار قورۇق ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدىڭىز ئاداش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ بالامنى، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ ھېلىقى ئاداشنىڭ، — ئۆيلىنىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم رازىدىم.

— ئا ... شۇنىڭغىمۇ غەم يېيىش كېتەمدۇ، — دەپ كۆڭلىنى ياساپتۇ ساتتار قورۇق، — خاتىرجەم بول، ئۇ نېمەڭنى ئۆگەي دادىسى ئۆيلەپ قويىدۇ.

## توۋلاۋاتىدۇ

خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان تازىمۇ پوپاڭ بىر ناخشىچى بىر كۈنى ساتتار قورۇقلار بار سورۇندا ئايالىغا سادىق بولۇش مەزمۇن قىلىنغان «ئۆز يارىڭ» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ، ماختىنىپ قاپتۇ:

— بىزنىڭ مۇشۇ نەپەسكە گەپ ئىشلىمەيدۇ جۇمۇ، سائەتلەپ توۋلىساق ئاۋازىمىز دۇتارنىڭ تارىدەك جاراڭلاپ تۇرغان. كۈنگە بەش-

ئالتە يەردە ئولتۇرۇش، توۋلاۋاتىمىز.

— بۇ ئىنىمىز توغرا دەيدۇ، — ساتتار قورۇق ئۇنىڭ «توۋلاۋاتىمىز» دېگەن گېپىدىن ئىلىنىپ، — توۋلاۋاتىدۇ، كۆپرەك «ئۆز يېرىك»غا توۋلاپ قويىدۇ. هازىر ئۇ يەتتىنچى قېتىملىقنى توۋلاپ بولۇۋېتىپ سەككىزىنچى قېتىملىقنى توۋلاش ئۈستىدە.

ناخشىچى ئاداشنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## سەۋەب

ساتتار قورۇق ئۆيگە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىدىكەنۇ، تولا چاغلاردا پۇلنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئۇدا ئۈچ كۈن پۇلنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. جىلە بولغان ئايالى:

— نېمانداق گالۋاڭ ئادەمسىز، پۇلنى ئوغرى ئېلىۋالغۇچە ئۆزىڭىز نەلەردە يۈرىسىز، خەپ، بۇدا بولسۇنچۇ··· ، — دەپ، ئۇنىڭغا يەنە گۆش، كۆكتات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پۇل بېرىپ يولغا سېلىپتۇ.

ئۇنىڭغا يونىغاندەك بۇ قېتىممۇ ساتتار قورۇقنىڭ پۇلنى ئوغرى ئېلىۋاپتۇ. بىچارىگە يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بىلىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋاتسا ئايالى دەرۋازا ئالدىدا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، غەزەپ بىلەن تۇرغان. سەۋەب كۆرسەتكۈدەك يېرى قالمىغان ساتتار قورۇقنىڭ خىيالىغا شۇ يەردىلا بىر ئوي كەپتۇ ـ دە، ئايالىغا ۋارقىراپ دەپتۇ:

— هاي خوتۇن، بۈگۈن بازاردا ئوغرىنىڭ توللىقىنى بىر دېمە جۇمۇ، پۇلنى ئالدۇرمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

ئايالى سوراپتۇ:

— هە، ئۆزىڭىزچۇ؟

ساتتار قورۇق جاۋاب بېرىپتۇ:

— هەممە ئادەم پۇل يىتتۈرۈۋاتسا، مەن قاراپ تۇرامدىم.

## چۈشەندۈرۈش

ساتتار قورۇق يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەندە ھە دېگەندە زەيكەش چې-
پىش دولقۇنىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ چۈشكەن ئەترەت ئەزالىرىنىڭ
سالامەتلىكىنى ئويلىشىپ بىردىن رېزىنكە ئۆتۈك، بىر جۈپتىن كىگىز
پايپاق ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ئەترەت كاسسىسىدىكى
بار پۇلغا ئېلىنغان پايپاق ئەزالارنىڭ يېرىمىغا يېتىپ، تەڭ يېرىمى پاي-
پاقسىز قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەزالار غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئەترەت باشلىقىد-
نىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇرۇپتۇ. تەڭقىسلىقتا قالغان ئەترەت باشلىقى
بۇ ئىشنى ئەزالارغا چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە، ساتتار قورۇق ئەترەت باشلى-
قىدىن بۇرۇن چىقىپ كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپتۇ:

— قېرىنداشلار، ئەترەت باشلىقلىرىدا گۇناھ يوق، گەپ پۇلدا، ھې-
لىمۇ ئۇلار جىق كۈچىدى. كۈچىگەچكە ئەزالارنىڭ يېرىمىنى پايپاقلاش-
تۇرۇۋالدى. خاتىرجەم بولۇڭلار، مۇنىڭدىن كېيىن يۈگۈڭچە ئىرادە،
داجەيچە روھ بىلەن يەنە داۋاملىق تىرىشىپ، چوقۇم ھەممىمىزنى پاي-
پاقلاشتۇرىدۇ.

## ساتتار قورۇقنىڭ ھەۋىسى

يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەن تۇنجى يىلى ساتتار قورۇق ئون مو يەرگە
تاۋۇز تېرىپتۇ. تاۋۇزلىرى شۇنداق ئوخشاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئايالى بىلەن
كەپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا، ئىككى نەرسە قوناقلىق ياقىلاپ ئۆمىلەپ
تاۋۇزلۇققا كىرىپ كېلىۋاتقان. بۇنى بىرىنچى بولۇپ ئايالى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ھوي ساتتار، — دەپتۇ ئايالى، — قارىغە، تاۋۇزغا ئوغرى كى-
رىۋاتىدۇ.

— ئەكەلگىنە سالمىنى، — دەپتۇ ئاچچىقى كەلگەن ساتتار
قورۇق، — چېكىسىگىلا قويۇپ، قوپالماس قىلىۋېتەي.

ئايالى سالمىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئاڭغىچە تاۋۇز ئوغرىلىرى چۆنەك-
لىككە يېقىنلاپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئوغرىلار مەھەللىدە نامى بار نو-

چىلاردىنكەن. ساتتار قورۇق قولىدىكى سالمىنى يا ئېتىشنى، يا قويۇشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ، ئايالى:

— قېنى، ئاتمايسىزغۇ، — دەپتۇ.

— توختىسىڭىزا خوتۇن، — دەپتۇ ساتتار قورۇق، — بۇ خەق تاۋۇزلۇقتا كىرىپ نېمە قىلىدىكىن، بىر كۆرۈپ باقاي.

ئوغرىلار تاۋۇزلارنى چۆنەك ئارىلاپ ئۈزۈپ، مىشكاپقا قاچىلىغىلى تۇرۇپتۇ. ساتتار قورۇق دەپتۇ:

— ئۈزۈشە، هە، ئۈزۈشە، مىشكاپقا قاچىلاپ نېمە قىلىشىسەنكىن، بىر كۆرۈپ باقاي.

ئىككى ئوغرى قىل تاغارغا لىق تاۋۇز قاچىلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئاتقا ئارتىپتۇ. ساتتار قورۇق يەنە دەپتۇ:

— ئارتىشە قېنى، ئاتقا ئارتىپ نېمە قىلىشىسەنكىن، بىر كۆرۈپ باقاي.

ئوغرىلار تاۋۇزنى ئېلىپ خاتىرجەم كېتىپ قاپتۇ. ئايالى ساتتار قورۇققا تېرىكىپتۇ:

— ساتتارهوي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، خەق شۇنچىۋالا ئەمگىكىڭىز ـ نى كۆزىڭىزچە ئېلىپ كېتىۋاتسا، قاراپ تۇرىسىز !؟

— قويۇپ بەر خوتۇن، — دەپتۇ ساتتار قورۇق، — ئۆيگە ئاپىرىپ نېمە قىلىدىكىن، بىر كۆرۈپ باقاي.

## كاناي

يەنە شۇ كوممۇنا مەزگىللىرى ئىكەن. ساتتار قورۇق «چېنىقىش» قا چۈشكەن يېزا تاغقا يېقىن بولغاچقىمۇ سوغۇق قاتتىق بولىدىكەن. قىش كىرە ـ كىرمەيلا ئۇ ياتىقىغا مەش قويۇۋاپتۇ. مەش قويۇۋاپتۇيۇ كا ـ ناي تاپالماپتۇ. قىزىقچى دېھقاندىن بىرى قوپۇپ:

— ئۇكاهوي، كانايىنى دەپ شەھەرگە كىرىپ يۈرمەڭ ئەمدى، بىزنىڭ ماۋۇ توختىنىڭ تېگى مەشچى، شاقىدە بارسىڭىز كاناي دىگەن شۇ يەر ـ دە، — دەپ ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ساتتار قورۇق ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئۇلگۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ.

— قارىغە توختىكا، — دەپتۇ ئۇ باشتا ئۆزىنى بىر قۇر تونۇشتۇ-رۇپ، — مەن شەھەردىن بۇ يەرگە يېڭىدىن زىيالىي بولۇپ چۈشكەن، يېزىنىڭ ئېپى - جېپىنى ياخشى بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. بويتاق پاڭزىدا مۇزلاپ كېتىپ مەش قويۇۋېدىم...

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئۆي ئىگىسى ھەممىنى چۈشىنىپ بوپتۇ-دە، ساتتار قورۇقنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي:

— ھەرقاچان كاناي ئىزدەپ كەلدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق توختىكا، شۇنداق.

— تۇز كاناي كېرەك بولسا، — دەپتۇ ئۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئوغلىنى كۆرسىتىپ، — مانا بۇنى ئېلىڭ، ئەگەر كاناي لازىم بولسا، — دەپتۇ يەنە مۇكچىيىپ قالغان ئايالىنى ئىما قىلىپ، — بۇنى ئېلىڭ.


ساتتار قورۇق كاناي دەپ كىرگەنگە تويۇپتۇ. ئەسلىدە بۇ كىشىنىڭ لەقىمى «كاناي» ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ياشىسۇن تۇرمۇشنىڭ ئەركەك قاينىمى

ئالدىمدا تېكىلخان ئېتىكى، يانبۇلاق باغرىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توپىسى بېسىلىپ، ئىزى ئۆچۈپ، يەر بىلەن بىر تەكشىلىكتە دېگۈدەك بولۇپ قالغان، ھېچقانداق قەبرە تېشى، بەلگە ـ نىشانغا ئوخشاش نەرسىلەر قويۇلمىغان، ئۈستىنى بۇيا، ئەمەن، شىۋاقلار بېسىپ كەتكەن مىڭلىغان قەبرىلەر قاتارىدىكى ئاددىي بىر قەبرە. قەبرە — يوقلۇق ئېچىدىكى بارلىق. قەبرە نىسپىي ھاياتلىقتىن مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا كۆچكەنلىكنىڭ بەلگىسى. قەبرە — روھى ئىگىسىنىڭ دەرگاھىدا قارار تاپقان كىشىلەرنىڭ خان سارىيى. بۇ خان سارايغا ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان، ھاياتلىقتىكى



رىزقى ـ نېسىۋىسىنىڭ كەملىكىدىن تولۇق ئېچىلىشقا نېسىپ بولمىغان، يىگىرمە سەككىزىنچى باھارىنى تۈگىتىپ، يىگىرمە توققۇزىنچى باھارىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىر گۈل، تىلى چۈچۈك، ئاغزىدىن ناخشىدىن كۆرە كۈلكە ـ چاقچاق بەكرەك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر بۇلبۇل دەپنە قىلىنغان. ياق، ياق، بوزرەڭ تۇپراققا دەپنە قىلىنغىنى ئۇنىڭ تېنى، روھى بولسا ئاللىقاچان كىشىلەر قەلبىگە، ئۆزى سۆيگەن ھەم سۆيۈنگەن ئەلنىڭ، يىغلاشنى بىلمەيدىغان، قايغۇنى

تەرك ئەتكەن، چاقچاق ۋە كۈلكىگە ئاشىق ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك كۆمۈۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئابىدىسى — شۇلارنىڭ كۆكسىدە.

چاقچاق ۋە قىزىقچىلىقتا باشقىلارنى ئاسان تىلغا ئالمايدىغان ھېسامكام، مەرھۇمنىڭ گېپى چىقسىلا كۆڭلى بۇزۇلىدۇ:

— ئېسىل بالىتى رەھمەتلىك، سۈيدۈڭدىن دىلمۇرات سابىر كەپتۇ دېسە سورۇننىڭ گۈلىگە گۈل قېتىلىدىغان. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ ياش چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. مىڭ ئەپسۇس، ئۇ ياشلا كېتىپ قالدى، ئۆيلەنمەي كېتىپ قالدى، ئىلىنىڭ چاقچاق سەنئىتىدىكى بىر يورۇق يۇلتۇز كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ قويۇپلا ساقىپ كەتتى.

بىر كىشى تۇرمۇشۇڭغا سىڭىپ كىرىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز غايىب بولسا ئۇنى ئۇنتۇش ھەقىقەتەن تەسكە توختايدۇ. دىلمۇرات تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۇنىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرىدىغان خەلق سەنئەتچىسى شەمشىدىن مىجىت تالاي كېچىلەر، تالاي سورۇنلاردا مەرھۇمنىڭ ئاتەش نەپەس چاقچاقلىرىغا ھەمدەم بولۇپ سايراپ كەلگەن نەقىشلىك تەمبۇرىنى خېلى ئۇزۇنغىچە قولغا ئالغۇسى كەلمىدى.

قىزىقچىمىز سۈيدۈڭلۈك مەرھۇم شائىر، ئۆمرى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن مائارىپچى تۇردى ئەزىزنىڭ كۈنگە سالاملىشىپ تۇرمىسا چىدىمايدىغان «ئۇكام ئاداش» بۇرادەرلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ «شىپا تاپ ئىنىم»، «شىپا تاپقان ئىنىمگە»، «دىلمۇرات»، «ئەلۋىدا» غا ئوخشاش بىر تۈركۈم شېئىرلىرى مەخسۇس قىزىقچىمىزنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان بولۇپ، «شىپا-تاپ ئىنىم» سەرلەۋھەلىك شېئىرى 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سامان يولى» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. «دىلمۇرات» ناملىق شېئىرىغا قورغاس ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئەركىن ئىسرائىل ئاھاڭ ئىشلىگەن. قەدىر ساناشنىڭ، ھۆرمەتنى، قايىللىقنى ئىپادىلەشنىڭ يوللىرى كۆپ. يول ـ يوللاردا قىلىنغان سالام، يىراقلاردىن يوللانغان مەكتۇپ، كۈلۈمسىرەپ تاتلىق ـ تاتلىق بېقىشلار، ئانىلىق مېھىر، ئاتىلىق مۇھەب-

بەت بىلەن سۆيۈپ قويۇشلار، كۆنگە كىلىپ تۇرىدىغان تەكلىپنامىلەر، سورۇن ئەھلىنىڭ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ تامسىن دېيىشىشلىرىدىن، ماشىنىدىن ئېلىپ قېچىشلىرى، ئۇششاق باللارنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىلىپ ئەركىلەشلىرى ··· مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئۆز قىزىقچىسىغا بولغان ھۆرمەت ۋە قايىللىقى ئىدى. شائىر تۇردى ئەزىزنىڭ خاتىرىسىدىن قىزىقچىمىزنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنى ئۇچرىتىمىز:

«سابىر ئالماس ئوغلى دىلمۇرات 1957 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سۇيدۇڭنىڭ لەڭگەر يېزا بەشكېرەم مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 28 يېشىدا ئالەمى پانىيدىن، ئالەمى باقىيغا سەپەر قىلغان. مەرھۇم ئاپەتلىك يىللارنىڭ تەسىرىدە تۈزۈك ئوقۇيالمىغانىدى. ھايات ۋاقتىدا تىجارەت، باققاللىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ قىزىقچىلىق ھاياتى 1973 ـ يىللىرى باشلانغان بولۇپ، زېھنى ئوچۇق، كاللىسى ئۆتكۈر، سەزگۈسى يۇقىرى، ئىنكاسى پەۋقۇلئاددە تېز، ھازىر جاۋاب چاقچاقچىلاردىن ئىدى. چاقچاق ئەخلاقى، ئادىمىيلىك سۈپىتىگە گەپ سىغمايتتى. ياتلارنىمۇ ئۆز قىلىۋېتەلەيدىغان پېئىل ۋە سۈپەتلىرى بىلەن يۇرت ئىچىدە، بۇرادەرلىرى ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر پىكىر، ئىخچام قۇرۇلما، قويۇق كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە لەتىپە ـ چاقچاقلىرى كىشىگە يېتەرلىك روھىي ئوزۇق، مەنىۋى لەززەت، كۆڭۈل خۇشلۇقى بېرەتتى. سۇيدۇڭدە، قورغاس تەۋەسىدە كۆپلىگەن خەلق قىزىقچىلىرى ئۆتكەن، شۇنداقلا ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچبىرى دىلمۇراتنىڭ ئورنىنى باسالماس ئىدى··· »

تۇردى ئەزىزى ئاكا، قىزىقچىمىزنىڭ ئارخىپىنى قىسقىچە يۈتۈن قويغان ئاشۇ خاتىرە دەپتەرگە يەنە قىزىل سىياھ قەلەم بىلەن دىلمۇرات سابىر نامىدىكى 35 پارچە لەتىپە ـ چاقچاقنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۇرغۇزۇپ قويغان. مۇندەرىجىدىن بىر قىسىم لەتىپە ـ چاقچاقلارنىڭ ئەسلىي ۋارىيانتىنى ئەسكە ئېلىش قىيىنغا توختىسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ كىشىنىڭ دىلمۇرات سابىر چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش

ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئارزۇسىنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەرھۇمنىڭ ئۆمرى يار بەرگەن بولسا ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە قىزىقچىمىزنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە چاقچاقلىرى خۇسۇسىدا قايتا قەلەم تەۋرىتىپ ئولتۇرۇشىنىڭ، يوقاپ كەتتى، ئۇنتۇلۇپ كەتتى، باشقىلار ئۆزلەشتۈرۈۋالدى دېگەندەك كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايتتى. مۇئەللىپمۇ خەقىشى يامان بالىنىڭ قاپىقىدەك پات - پات ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى بورانلىق، يامغۇرلۇق كۈنلەردە سۈيدۈڭدە، لەڭگەردە، بەشكېرەمدە، كونا قورغاستا، قادىر ھاجىنىڭ جاڭزىلىرىدا شاپاشلاپ يۈرمىگەن بولاتتى.

ھەر ھالدا شاپاشلاشلىرىم بىكارغا كەتمىدى. ئۇ يەرلەردىكى باھاردەك ئادەملەر كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈشتى. كىمنىڭ ئالدىغا بارماي، كىم بىلەن كۆرۈشمەي، قىزىقچىمىزنىڭ تەرىپىنى، سالاپىتىنى، پەزىلىتىنى، چاقچاق بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنى، قاچان، قەيەردە، قايسى سورۇندا، قانداق چاقچاقلارنى قىلغانلىقىدىن تارتىپ ھەممە - ھەممىسىنى زوق - شوخ بىلەن، بېسىپ بولالمايدىغان بىر خىل ئىچكى ھاياجان بىلەن، مۇھەببەت بىلەن سۆزلەيتتى.

مەرھۇملار بىلەن ئۇچرىشىش ھاياجانلىق دەقىقىلەردە بولىدۇ. ئۆمرىدە دىلمۇرات سابىرنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنى بىر كۆرۈش ئىستىكىدە يۈرۈۋاتقان قەلەمكەش يىگىت، ئۇ تۈگەپ كېتىپ ئون سەككىز يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم سۈيدۈڭدە ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىش زامان، ماكان چەكلىمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن، ۋاقىتنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى ئىچىدىكى تولىمۇ ئەركىن، كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش بولۇپ، مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم ئولتۇرۇش، مەشرەپ، بەزمە - باراۋەتلەرنى چاك كەلتۈرۈپ قىزىتىۋاتقان چاقچاقچى دىلمۇرات، گىلەنتىردىكى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تىزىغا قويۇۋالغان كىتابىنىڭ بەتلىرىگە يىلىمدەك چاپلىشىپ قالغان كىتابخۇمار دىلمۇرات، كۇرەدە، چىڭسىخوزىدا، كۆكدالالاردا باغ ئېلىپ، ئالغان باغنىڭ مېۋىلىرىنى، ئاغىنە، دوست - بۇرادەرلىرىگە، باغ شورىدىن تەلمۈرۈپ تۇرغان قارا كۆزلەرگە پاكىز يېگۈزۈۋېتىپ، خىيالىدا

يوق چاقچىقىنى قىلىپ يۈرگەن مەرد، سېخىي، ئويۇنچى دىلمۇرات، ئۈس-تىگە ئارتىۋالغان چاپىنىنىڭ نەرقى ـ ناۋاسىغا قارىماي سوغۇقتىن ئۈگدە-رەپ تۇرغان يېتىمچىگە كىيگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى يىلنىڭ ـ يوپۇرمىقى كېتىپ بارغان باغرى يۇمشاق ساخاۋەتچى دىلمۇرات ئىدى.

— ئوغلۇم، باغ ئاپتۇ دەپ ئاڭلايمەن، هازىرغىچە بىر پۈتلۈك ئالما، بىر پۈتلۈك شاپتۇلۇقنى كۆرمىدۇق، نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن؟

— دادا، باغ دېگەن خامان، كىرگەن ـ چىققان يەپ تۈرىدىكەن. ئاخىرىنى ۋاشاڭ قىلىۋەتتۇق.

— مەن دەيمەن بالام، چاقچاقنىمۇ قىل، خەقنىڭ كۆڭلىنى ئال، ئەمدى قويۇپ بۇ ئىشتىمۇ كۆڭۈل ئالغىلى تۇرساڭ قانداق پۇل تاپالاي-سەن، قانداق جان باقالايسەن؟

— بىر مىسكىن كۆڭلىنى قىلالىساڭ شاد، — دەپ كۇلەتتى قى-زىقچىمىز، — ياخشىدۇر جاھاننى قىلغاندىن ئاۋات.

سابىر ئاكا، ئوغلىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن شەرەپ، پەخىر-لىنىش تۇيغۇسى ھېس قىلاتتى. مۇشۇ گەپلىرى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىر پۈڭ-لۈق ئالما، بىر پۈتلۈق شاپتۇلىنى كۆرمىسىمۇ كۆرگەندەك، يېمىسىمۇ يېگەندەك بولاتتى. «يوقاپ كەتمە بالام، سېغىنىپ قالىدىكەنمىز. كۆندە دېمەيمەن، ھەپتىدە، ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ بوسۇغىدىن بېشىڭنى تى-قىپ كۆرۈنۈپ قوي. باغرىمىز قانمىسىمۇ، كۆڭلىمىز تىنسۇن. ئاچ ـ توق، يېلىڭ ـ يوپۇڭ يۈرۈپ ئۆپكەڭنى كاردىن چىقاردىڭ، بۇنىڭ ھەم-مىسى دوستلىرىڭ، بۇرادەرلىرىڭ ئۈچۈن بولدى، ئەمدى ئۇلارمۇ سېنى ئايىسۇن، يىراقلارغا ئېلىپ كېتىۋەرمىسۇن، تاغ ئاتلاپ، داۋان ئېشىپ چىقىپ كەتسەڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ۋايىمىڭنى بىز يەيدىكەنمىز. تاماق ۋاقتىدا بەكرەك خىيالىمغا كىرىۋالىسەن، لەڭمەن بىلەن پولۇغا، گۆشنان بىلەن مانتىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدىڭ، شۇ تاماقلار ھەر قېتىم ئالدىمغا كەلسە كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ساڭا قىسىنىمەن» دەپ تۇراتتى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى، ئوقۇرمەنلەردىن كۆڭۈل سۆ ئىچكۈدەك كىتابلارنى تېپىش تەس چاغلار ئىدى. شۇ چاغلاردىمۇ قىزىقچىمىزنىڭ

قولىدىن چۆچەك، رىۋايەت، قىسسە، داستانغا ئوخشاش كىشىنى گۈزەللىك ئالىمى، ئەپسانە دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدىغان، ئانا تىلىمىزنىڭ جەلپكار، ئەۋرىشىم، تەڭداشسىز قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئېسىل كىتابلار چۈشمەيتتى. گىلەنتىردىكى دۇكىنى ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بۇ كىتاب مەستانىسىگە ھەۋەسىم كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلدى. ئۇدۇللا بارسام «داڭگال» پۇراپ تۇرغان يوچۇن تۇرقۇمغا قاراپ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىشتىن يالتىيىپ قالمىسۇن دەپ، سۇيدۇڭلۇك ساۋاقدىشىم شۆھرەت ھاپىزنىڭ سىياقىدا قىزىقچىمىزنىڭ ئالدىغا باردىم.

— سالام دىلمۇراتكا، چىرايلىق چۆچەكلىرىڭگە، بالىلىق ئەپسانىلىرىڭگە سالام؟

— شۆھرەتمۇ سەن، ۋاھ، ئوقۇغان ئادەمنىڭ سالىمىمۇ ھەيۋەت بولىدۇ جۇمۇ، بۇ ياققا كەل.

— قارىسام كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپسەن، مالىنىڭمۇ، كىتابىنىڭمۇ سەرخىلىنى تۇتىدىغان بوپ كەتتىڭ.

— رەھمەت ئۇكا، — دەپ كۈلدى دىلمۇراتكام، — ماڭا ماختاشلا كەم بولۇپ قالغان، سەن كېلىپ «ئۈچتە ياخشى» قىلىۋەتتىڭ. مەكتەپتىكى چاغلاردا شوئار توۋلاش، ئۇزۇندە يادلاش بىلەن بوپ كېتىپ، «ئۈچتە ياخشى» بولالماي كۆڭلۈم يېرىم يۈرەتتىم.

— بىزمۇ شۇ، كۆڭلى يېرىملارنى پۈتۈن قىلىمىز دەپ يۈرىمىزغۇ دىلمۇراتكا، ئۇ زامانلاردا كۆرگەنلىرىڭ ئاز ئەمەس بولغىيتتى ھەرقاچان؟

— ئاز بولامدىغان ئۇكا، ۋەزىيەت كەسكىن، ھە دېسىلا «دولقۇن»نىڭ گېپى، ئالدىدا ماڭمىسا تېخى بولمىغان. «دىڭ تۇر، دىڭ تۇر، دىڭ تۇر»[1] دېدى، دىڭ تۇردۇق. ئىككى گۇەندەننىڭ[2] بىرسى بولۇپ «چىڭ تۇر، چىڭ تۇر، چىڭ تۇر» دېدى، چىڭ تۇردۇق. بۆكىنى ئەكەل دېسە، كاللىسىنى كېسىپ كېلىدىغان بىر ئوچۇم تەلۋىلەر بىردىن قالپاقنى

① دىڭ تۇر — دىڭ تۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى پىپەن قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ئىككى گۇەندەن — خوڭزاخۇي بىلەن چىۋىيخۇي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كىيدۇرۇپ قويۇپ «جىم تۇر، جىم تۇر، جىم تۇر» دېدى، جىم تۇردۇق. ئىنشائاللا، بۇ جاھاندا كۆرىدىغان كۈنىمىز، يەيدىغان رىزقىمىز بار ئىدىكەن. مانا ئەمدى دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ قويۇپ، كىتابىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇق. سەن دېگەندەك «ئۇچتە ياخشى» بولۇپ.

— قولۇڭدىكى كىتابلارنى «جىم تۇرغان»، «چىڭ تۇرغان» چاغلاردا ساقلىۋالغان كىتابلار دېگىنە؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن ئۇكا ھوي، ئۇ چاغلاردا جان ساقلاشنىڭ ئۆزى بىر گەپ تۇرسا.

— ئۇنداقتا كىتابلارنى نەدىن ئېلىۋاتىسەن؟

— سېتىۋالدىم، كۈنگە ئون كوي تاپسام سەككىز كويىنى قورساققا ئۇرىمەن، قالغىنىغا كىتاب سېتىۋالىمەن.

— نەدىن؟

— ئىشقىلىپ سېتىۋالىمەن، ئۆزۈمدە يوقلىرىنى ئارىيەت ئالىمەن.

— كىمدىن؟

— تۇردى ئەزىزىدىن، مۇتەللىپ پالتاجىدىن، مۇتەللىپ جۇماخۇندىن.

— بىر ئىشقا ھەيرانمەن، پۇشتۇڭنى كولاپ كەلسە ساپلا مۆرىمەس ئادەملەرنىڭ يىلتىزىغا چېتىلىسەن، يەنە قانداق بولۇپ قىزىقچى، چاقچاقچى ئاتىلىپ قالدىڭ؟

— شۇنى بىلگۈڭ كېلىۋاتىدۇ - ھە، شۆھرەتتاي، ساڭا ئوخشاش سورىغانلارغا شۇنداق جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمەن. مېنى ئىككى نەرسە چاقچاقچى، قىزىقچى قىلىپ قويغان. بىرى قولۇمدىكى مۇشۇ كىتاب، يەنە بىرى يۇرتىمىزدىكى تۇرمۇشنىڭ ئەركەك قاينىمى.

*                *                *

— رەھمەتلىك دىلمۇرات ئاغىنىمىز، — دەيدۇ قورغاس چىنىباغلىق ئەركىن بىزگە، — چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ،

ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئوخشاش ئېلىپ ئۇلگۇرەتتى. سورۇن تالللايدىغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ئادىمىگە، داستىخىنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان پەزىلەتسىز كىشىلەرگە ئوخشاشمايتتى. 80 ـ يىلللارنىڭ باشلىرىدا تۇنجى ئوغلۇمنىڭ خەتنە تويىنى قىلىپ قالدىم. قولۇم قىسقا بولسىمۇ بۇ تويىنىڭ ئولتۇرۇشىنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىيىتىم بار ئىدى. ئۇ مەزگىلللەردە شەھەردىن پالانچى ـ پۇستانچىلار چىقىپتۇ دېسە بۇنىڭ داغدۇغىسى يەنە باشقىچە بولاتتى. كۆپچىلىكنى يىغىپ قويۇپ ئارمان بار، دەرمان يوق ئولتۇرسام بىر چاغدا دىلمۇرات كېلىپ قالدى. كۆڭلۈمدىكىنى ئۇنىڭغا دەپ سايتىمەن. دىلمۇرات: «مۇنداق نىيىتىڭنىڭ بارلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ئىش يەنە باشقىچە بولاتتىكەن، خەيرىيەت، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈڭنى توق تۇت، دىلمۇرات بار يەردە ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپتۇ دەپ يۈرىۋەر» دېدى ـ دە، كەچ سائەت توققۇز بولۇپ قالغىنىغا قارىماي شەھەرگە كىرىپ كەتتى. نېرى ـ بېرىسى ئىككى سائەت ئىچىدە شەھەردىكى نامى بار ناخشىچى، سازەندە، قىزىقچىلارنى ئولتۇرغان سورۇنلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ قورغاسقا، بىزنىڭ چىنىباغقا يەتكۈزۈپ چىقىپتۇ. ئولتۇرۇش چاقچاق، ناخشا ـ ساز بىلەن شۇنچىلىك قىزىدىكى كېچىدىن كۈندۈزگە، كۈندۈزدىن يەنە كېچىگە ئۇلىشىپ كەتتى. «چىنىباغلىق ئەركىننىڭ خەتنە توي ئولتۇرۇشى» خەقنىڭ ئاغزىدا بىر قالدى. خۇشاللىقىمنى، دىلمۇراتقا بولغان تەشەككۈرۈمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇ مەزگىلللەردە دىلمۇراتنىڭ چاقچاقتا ۋايىغا يېتىۋاتقان، خەلق ئارىسىدا:

بەشكېرەملىك دىلمۇرات،
سۇيدۇڭنىڭ گۈلى دەيمىز.
توي، مەشرەپ، باراۋەتتە،
چاقچاقنىڭ پىرى دەيمىز.

دېگەن قوشاق تارقىلىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. دىلمۇرات تۈگەپ

كەتكەندىن كېيىن چىنىباغدا، سۈيدۈڭدە، پۈتۈن قورغاس تەۋەسىدە ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانلار مەرھۇمنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى دىلمۇرات قويۇۋالغانلارمۇ نۇرغۇن بولدى. ئىگەكىم ئۇلارنىڭ خۇيى-مىجەزى، كۆلگۈنچەك، خۇش چاقچاق، ئاق كۆڭۈل تەبىئىتى دىلمۇراتنى تارتسۇن، ئۆمرىگە توغراق يېشى يار بولسۇن.

سۈيدۈڭلۈك خەلق سازەندىسى روزىمۇھەممەت تەمبۇر:

— ھەر ئىشنىڭ بىر سەۋەب - نەتىجىسى بولىدىكەن. مېنىڭ خەلق ئىچىدە «تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن سازەندە ئاتىلىپ قېلىشىممۇ دىلمۇراتكامنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. مەن ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شەھەردىكى داڭلىق ناخشىچى، سازەندىلەر بىلەن تونۇشقان. ئۇلارنىڭ تەلىمىنى، تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، تەجرىبىسىنى ئۆگەنگەن. بىر ئىش زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ: دىلمۇراتكامنىڭ غۇلجىلىق سازەندە ئاغىنىسى شەمشىدىن مىجىت بىر كۈنى سۈيدۈڭدە بولغان بىر ئولتۇرۇشقا چىقىپتۇ. قولىدىكى ئىككى مىڭ كويلۇق تەمبۇرنى كۆرۈپ ئىشقىم چۈشۈپ قالدى، تەمبۇرنى ئەمدىلەتىن ئۆگىنىپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى، ئۇ چاغلاردىكى ئىككى مىڭ كوي ھازىرقى تۈمەن پۇلنىڭ ئۈستىدىكى ئالدۇسكىي سىيىرنىڭ قىممىتى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئاشۇ ئەتىۋارلىق تەمبۇرنى قولۇمغا ئېلىپ چېلىپ باقسام، مۇمكىن بولسا ئۆيگە ئاپىرىپ ئۆگىنىپ باقسام دېگەن بىر ئىستەك كاللامغا كىرىۋالدى. ئەمدى ئويلىسام شۇ چاغدىكى خىيالىم توغرا، ئۇسۇلۇم خاتا بولغانىكەن. تەمبۇرگە بولغان ئىشقىمنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى بالىلىقتىكى تەنتەكلىكىمدىنمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ھېلىقى تەمبۇرنى دىلمۇراتكام ئارقىلىق سوراتقۇزدۇم. شەمشىدىنكام بىر تەمبۇرگە، بىر دىلمۇراتكامغا قاراپ كېتىپ: «مەن بۇ قەدىناس بۇرادىرىمنى يېنىمدىن ئايرىپ باقمىغان، يەكەنگە ئېلىپ بارغاندىمۇ بىرەرىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزمەي ياندۇرۇپ كەلگەن. سەن سوراپ قالدىڭ، ھېلىغۇ بىر تەمبۇركەن، مىڭ تەمبۇر بولسىمۇ مانا ئال ئاداش، شەمشىدىننىڭ تەمبۇرى سەندىن ئايلانسۇن» دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى. تەمبۇر مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاز كېمى يوق نەق يەتتە ئاي تۇردى.

يەتتە ئاي ئۆگەندىم، يەتتە ئاي چالدىم. ئاشۇ تەمبۇرنى ئېسىمگە ئالسام ئەڭ ئاۋۋال دىلمۇراتكام رەھمەتلىك يادىمغا يېتىدۇ، — دېدى.

1985 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن قىزىقچىمىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ قويغان دىئاگنوزىدىن قارىغاندا ئۆپكىسىنىڭ ئىككى قانىتى ئىششىپ، تېشىلىپ كەتكەن بولۇپ، جىددىي بېسىپ داۋالىمىسا بولمايتتى. كېسەلنىڭ يامان سۈپەتكە ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان قىزىقچىمىزنىڭ تاغىسى ئابلىمىت قادىر خىزمىتىنى، ئۆيىۋاقىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىمىنوپ ئىلاخۇن (قىزىقچىمىزنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ يولدىشى) قىزىقچىمىزنى ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئابلىمىت قادىر شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— بىر ئەبجەق ماشىنىدا ئىككى قونۇپ ئۈرۈمچىگە باردۇق. دىلمۇراتقا شۇ چاغدا قول قويدۇم. ئۈرۈمچىگە يەتكۈچە ماشىنىدىكى سەپەرداشلىرىنى كۇلدۇرۇپ، تېلىقتۇرۇپ باردى. چاقچاق ئۇنىڭ نەلىرىدىن چىقىۋاتقىنىنى ئۇقالمايلا قالدىم. ماشىنىدا نۇرمەھەممەت دۆلەتنىڭ ياشانغان ئانىسىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ: «گەپلىرىڭدىن ئۆرگىلەي بالام، مۇشۇ چاقچاقلىرىڭ بولغاچقا سەپەر ھاردۇقى بىلىنمىدى، شۇنچە ئۇزۇن يولنى كۈلكە بىلەن بېسىپ كەلدۇق. بۇ يېشىمغا كېلىپ مۇنداق كۆڭۈللۈك سەپەرنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۇم، ساڭا رەھمەت» دەپ، دىلمۇراتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ كەتكەنلىرى ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ. بىراق ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن دىلمۇراتنى تونۇيدىغانلار، ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان، پارىڭىنى، چاقچىقىنى ئاڭلىغانلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان سۇيدۇڭلۇق بۇرادەرلىرى ئۇنى ئوخشاشلا ئارامىدا قويمىدى. كۈنىگە نەچچە رەت ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى. سائەتلەپ ئولتۇرۇپ پارىڭىنى ئاڭلايتتى، كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ قويۇپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. بىر قېتىم سېستىرالارنىڭ بىرى دىلمۇراتنىڭ پارىڭىغا تولا كۈلۈپ، تاس قالدى ئوكۇلنى ئالماشتۇرۇپ ئۇرۇپ قويغىلى. دوختۇرلار «بىز كې-

سەل داۋالامدۇق، مېهمان كۈتەمدۇق» دېيىشىپ، يوقلاپ كەلگۈچىلەرگە- مۇ، دىلمۇراتنىڭ ھەرىكىتىگىمۇ چەك قويدى. چەك قويۇۋېردى. ئاغىنىلىرى ئۇنى بالنىست بىناسىنىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن ئوغرىلاپ كەتتى. ئىش مانا مۇشۇنداق بولدى. ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدىكى مەسئۇل دوختۇر ئاخىر بولماي راست گېپىنى ئېيتتى. «بىز دىلمۇراتنى داۋالاشقا ئامالسىز قالدۇق، داۋالاشنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيىتى، تەرتىپى بولىدۇ. كېسەل بولغۇچى بۇنىڭغا ماسلىشىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. دورا بېرەيلى دېسەك، ئوكۇل ئۇرايلى دېسەك، تەكشۈرەيلى دېسەك دىلمۇرات بولمىسا، كارىۋىتى ئارا كۈندە بىرلا بوش تۇرسا، بىز كىمنى داۋالايمىز» دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلدۇق. ئىشقىلىپ، ئىنىمنىڭ رىزقى شۇنچىلىكتۇر، باغرى يۇمشاق ئادەم كۆپ ئىشلاردىن زىيان تارتىدىكەن. ئۇ بەك كۆڭۈلچەك، ئۆزىنى ئاياشنى، ئاسراشنى، ئويلاشنى بىلمەيدۇ. ئۇرۇمچى دوختۇرخانىدىكى بىر ئىش ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە زىلۋا، كېلىشكەن يوچۇنلا بىر قىز دىلمۇراتنى پات - پات يوقلاپ كېلىدىغان بولۇپ قالغان. قىزنىڭ يوشۇرۇن بېقىشلىرى، گەپ - سۆزلىرى، ئىما - ئىشارەتلىرىدىن كۆڭلۈم بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلىۋېدى. كېيىن ئۇقسام ئۇ قىز ئۇرۇمچىدىكى بىر سورۇندا دىلمۇراتنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ ياخشى كۆرۈپ قالغانمىش. ئۆزى ئۇرۇمچىدىكى قايسىبىر ئىدارىدە ئىشلەيدىكەن. «دىلمۇراتنى ئۇرۇمچىگە ئەكېلىۋالىمەن، قېتىلمىسا خىزمىتىمنى تاشلاپ غۇلجىغا كېتىمەن» دەپتۇدەك. بۇنى ئۇرۇمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقان ياسىن سابا، قادىر باگاڭلار چاندۇرۇپ قويدى. دىلمۇراتنىڭ قىزغا قانداق ئىپادىدە بولغىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ باقاي دەپ ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سورىدىم. ئەسلىي سورىمايدىغان يېرىكەن، ئۇنىڭ گەپلىرى يۈرىكىمنى تىخىمۇ ئېزىۋەتتى. «تاغا، ئۇرە يۈرگىنىم بىلەن كېسىلىم ئۆزۈمگە ئايان، بىر قىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان گۇناھى ئۈچۈن بالامنى يېتىم، ئايالىمنى تۇل قويسام كېلەچەكتە ئۇلار كىمنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ يۈرۈشىدۇ.»

تۆۋەندە قىزىقچىمىزنىڭ ئىنىسى خەمىتنىڭ ئاكىسى توغرىسىدا



www.uyghurkitap.com

بىلىدىغانلىرى قانچىلىك، بۇنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى.

— ئاكام باغ ئېلىپ، باققاللىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە، — دەيدۇ ئۇ، — مەن ئۇنىڭ كەينىدىن چىقمايتتىم. تولا چاغلاردا باغ ئىچىدە سورۇن تۈزۈلۈپ، نەغمە - ناۋا بىلەن چاقچاق باشلىناتتى. ئاكام چاقچاق قىلاتتى. چاقچاقنى شۇنچىلىك تېز، ئىلمىي، كۈلكىلىك قىلاتتى. چاقچاق قىلىپ كېتىۋېتىپ چىرايى ئۆزگەرگەن، سەل - پەل ئېغىر كەلگەن يەرلىرى بولسا، گەپنى قايتۇرۇپ ئۆزىگە يۆتكەپ ئۆزىنى بولۇشىغا ئوخشىتىپ، راسا بىر كۈلكە قوزغىۋەتكەندىن كېيىن، چاقچىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەتتى. كۆرەدە باغ ئالغان يىلى ئەللىك - ئاتمىشچە ئادەم يىغىلغان بىر سورۇندا سورۇندىكىلەرنى قاتىرىسىغا بەش ياندۇرۇپ ئوخشىتىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىمۇ بار ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئاكام رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىملىرىنىڭ ھەممىسى ئازابلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان چاغلىرىنى ئويلىسام كۆڭلۈم شۇنچىلىك ئەسكى بولىدۇ. ئاكام ئىككىمىز ئايرىم ئۆيدە ياتاتتۇق. ئۇ يېرىم كېچە بولغاندا نەلەردىندۇر قايتىپ كېلەتتى. تاڭ ئاتقۇچە يۆتىلىپ، قېقىلىپ، قەي قىلىپ چىقاتتى. ئەتىسى كىگىز قېتىنى ئاختۇرۇپ، ئۇيۇل - ئۇيۇل قان داغلىرىنى كۆرەتتىم. بۇنى ئاپام بىلەن دادامىلار ئۇقسا كۆڭلى پاراكەندە بولمىسۇن دەپ چاندۇرماي تازىلىۋېتەتتىم. «بالامنى ئارامىدا قويۇڭلار» دادام بىچارە بىر كۈنى ئۆيىمىزگە باغاق كۆتۈرۈپ كەلگەن كىملەرگىدۇر ۋارقىراپ كەتتى. «سىلەرنى خۇشال قىلىش ھېسابىغا، بار ئازابنى ئۆزى تارتىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەڭلار، مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق» دادامنىڭ ئاكام رەھمەتلىكنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىۋالغان، ئۆيگە سولىۋالغان چاغلىرى بولغان.

قىزىقچىمىز ئەزرائىل بېشىدا ئويناپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردىمۇ ئالدىغا ئادەم ئېتىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلىشقا تىلى بارماي، ئىتوت چولپىنى ئابلىكىم كەلكۈننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازى ۋە ئاتەشتەك لەتىپە - چاقچاقلىرى بىلەن بەزمە - باراۋەتلەرنى قىزىتىپ

يۇرىۋەردى. «كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغانلا ئىش بولسا، ئا-خىرقى تىنىقىمغىچە چاقچاق قىلىشقا رازىمەن» دېگەنىدى ئۇ، دېگە-نىدەك قىلدى، تۇگەپ كېتىشتىن ئالتە سائەت بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ قىلغان پاراڭلىرىنى، ئەڭ ئاخىرقى چاقچىقىنى، يۇمشاق، مولا-يىم، يېقىملىق ئاۋازىنى ئۇنى يوقلاپ كەلگەن لەڭگەرلىك قەدىناسلىرى ئاڭلاپ قالدى. ئاڭلىدى، كەچتە چاقچىقىنى، سەھەر سائەت ئۇچلەردە مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىدى.

بىزنىڭ بۇ يەرلەردە بىراۋنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئاۋام ئىچىدە كىبىرسىز ياشاپ، چاقچاق سەنئىتىمىزنىڭ نۇرانە بەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ چاقچاقلىرى بىلەن بېزەپ كەلگەن يىگىرمە سەككىز ياشلىق بىر بالىنىڭ ئۆلۈمى ئۇچۇن پۈتۈن لەڭگەر، پۈتۈن سۇيدۇڭ، پۈتۈن قور-غاس تەۋرەپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىسى مەرھۇمنىڭ مۇسىبىتىدىن خەۋەر تاپقان شائىر تۇردى ئەزىزنىڭ قەلىمىدىن:

> پەلەكتىن كەلمىدى رەھمە مېنىڭ چەككەن پۇغانىمغا،
> ئەجەل يەتتى ئەجەب بالدۇر قىزىلگۈل دىلمۇرادىمغا.

دېگەن ھەسرەتلىك مىسرالار تۆكۈلدى. ھېسامىكامىنى يىغا تۇتتى. ئىلى رايونىدىكى بارلىق قىزىقچى، چاقچاقچىلارنىڭ باغرىنى ئېغىر مۇ-سىبەت تۇمانى قاپلىدى. ئەسلىي سۇيدۇڭنىڭ قائىدىسىدە نامازنى كۈنچى-قىشتىن بۇرۇن يەرلىكىگە قويۇپ بولاتتى. بۇ ئۇدۇم قىزىقچىمىزنىڭ ئۆ-لۈمىگە كەلگەندە بۇزۇلدى. بۇزۇلمايمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارىلى-شىدىغان ئادىمى يالغۇز سۇيدۇڭ بىلەن، قورغاس بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. لەڭگەرنىڭ، بەشكېرەمنىڭ جامائىتى بار مەسلىھەت بىلەن مەرھۇمنىڭ يىراق - يېقىندىن كېلىدىغان، تېخى كېلىپ بولالمىغان دوست - بۇرادەر-لىرىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. مېيىت نامىزى پېشىن نامىزىدىن كې-يىن چۈشۈرۈلدى. سۇيدۇڭ لەڭگەردىن قەبرىستانلىققا تۇتىشىدىغان

ئۇزۇن يول ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ھەممىنىڭ كۆزى ياش، باغرى خۇن ئىدى. باللار، خوتۇن ـ قىزلار نېلۇپەر كۆلىدىكى يېگانە ئاق قۇدەك ئالامانىنىڭ باشلىرىدا لەيلەپ كېتىۋاتقان مەرھۇمنىڭ تاۋۇتىنى دېرىزىلەردىن، دەرۋازا يوچۇقلىرىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قېلىشتى. سۆيۈملۈك ئۇيغۇرۇم مۇنداق ئۇزىتىلغان ئۆلۈمنى «توي» دېگەن سىڭىشلىق ئاتالغۇ بىلەن سۇپەتلەيدۇ. شۇنداق، شۇ كۈنى قىزىقچىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئەمەس تويى بولدى. بۇ تويىنىڭ داغدۇغىسى سۈيدۈك تارىخىدىكى باشقا ھەرقانداق تويىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئۆي ـ ئۆيلەردە، دوقمۇشلاردا، كوچا ـ كوي، رەستىلەردە مەرھۇمنىڭ ئاۋازى، چاقچاقلىرى، مەرھۇمغا ئاتالغان ناخشىلار، شېئىر ـ بېيىتلار ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇردى. ناماز كۈنى، ئازنا كۈنى، نەزىر ـ چىراغ كۈنلىرى ··· خۇددى ئۇ ھاياتتەك، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا، تويلاردا، مەشرەپلەردە، بەزمە ـ باراۋەتلەردە، چاقچاقتا، كۈلكىگە ئاشىق قېرىنداشلىرى ئارىسىدا يۈرۈۋاتقاندەك ···

مەرھۇمنىڭ قىرىق نەزىرىسى كۈنى ئۇنىڭ لەڭگەرلىك ئاغىنىسى ھاجىتاي كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن: «دىلمۇرات بۇرادىرىمىز بىر ئۆمۈر بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن ياشاپ كەلدى. بىز ئۇنىڭغا بەك كۆپ قەرزدار بولۇپ كەتتۇق. مەن تەڭ ئۆسۈپ، تەڭ چوڭ بولغان قورغاستىكى ئاغىنىلەر نامىدىن مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ خالىس نەزىر بەرمەكچى، داستىخىنىمغا داخىل بولۇپ بەرسەڭلار» دەپ ئۆزرە قويىدى. مال سويۇپ، قازان ئاستى.

مەرھۇم خەلق قىزىقچىسى دىلمۇرات سابىر ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ئىچىدە مانا مۇشۇنداق ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرگەن يىتۇك، تېز ئاتار چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ھازىر جاۋابلىقى، دەللىكى، چوڭقۇر پىكىرلىكى، ئىلمىيلىكى بىلەن كىشىنى بەكرەك جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ نامى ۋە چاقچاقلىرى قورغاس ناھىيىسىگىلا ئەمەس، ئىلى رايونىنىڭ ھەممە يېرىگە، بورتالا، ئۈرۈمچىلەرگىچە كەڭ تارالغان بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا لېنتىغا ئېلىۋېلىنغان بىر قىسىم لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ھازىر ـ

غىچە سورۇنلاردا، كىشىلەر ئېغىزلىرىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇلۇڭ
ياشلار ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلىشىدۇ، ياد ئېيتىشىدۇ. مول-
ھوسۇللۇق يازغۇچى، شائىر، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مەخ-
مۇت مۇھەممەد مەرھۇمنىڭ بىر بۆلۈم چاقچاقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا «ئىلى
گېزىتى» ۋە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىلى 3 - سانىغا رەتلەپ
بەرگەن بولۇپ، مەن مۇشۇ ئاساستا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا تارىلىپ
يۈرگەن، ئۇنىئالغۇلارغا ئېلىنىپ قالغان لەتىپە - چاقچاقلىرى ئاساسىدا
ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇن-
دۇم. قىزىقچىمىز توغەپ كەتكەندىن كېيىن، باشقىلار تەرىپىدىن سۇي-
ئىستېمال قىلىنىپ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كەتكەن بىر قىسىم چاقچاق-
لىرىنى ئىزدەپ - تېپىپ مۇمكىن بار ئۆز ئىگىسىنىڭ نامىغا قايتۇرۇپ
كەلدىم. قىزىقچىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ ئۆلمەس مىراسلىرى
ھازىرمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ جەزمەن ئۆز قەدرىنى تاپقۇسى.

# دىلمۇرات سابىر چاقچاقلىرى

## ئاقتۇۋەك[1] سىلەرنىڭ

دىلمۇرات بورىچىلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. بىر كۈنى دادى-
سى بىلەن ئاق تۈۋەكتىن قومۇش ئېلىپ كېلىۋېتىپ «قىزىل قوغدىغۇ-
چىلار» غا ئۇچراپ قالدى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» دىن بىرى ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كېلىپ:
— ئۆزۈڭدە يادلاپ بەرمىسەڭ، قومۇشۇڭنى ئۆتكۈزمەيمىز، — دەپ
تۇرۇۋالدى.
دىلمۇراتنىڭ دادىسى قوپۇپ:
— خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچنىمىسى بولماي-

دۇ، ــ دېيىشىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» شېخىغا ئۆرۈۋەتتى:
ــ بۇ بولمايدۇ، تېخى يېڭىراقتا بىرى يادلاپ كەتكەن.
ــ مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ، ــ دېدى دىلمۇراتنىڭ دادىسى.
ــ بۇمۇ بولمايدۇ.
شۇ ئارىدا دىلمۇرات قوپۇپ، شاققىدە يېڭى ئۆزۈندىدىن بىرنى كەلتۈردى:
ــ دۇنيا سىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنىڭ.
ــ ھە...
ــ ئاقتۇۋەك سىلەرنىڭ، قومۇش بىزنىڭ.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار «قىزىل قوغدىغۇچى» لارنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

## قۇلاقچىنى ئېڭىكىدىن چىگىۋېلىپ

دىلمۇراتنىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئىنىسى بىر كۈنى دىلمۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاكىسى ئۈستىدىن دادلاپ بەردى:
ــ دىلمۇراتكا، ئاكام سىزنىڭ ئاغىنىڭىز بولغاندىكىن نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز، خەق بىلەن تولا ئۇرۇشۇپ ئاپام، داداملارنىڭ ئارامىنى قويمىدى. بۈگۈن بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتىكەن، بىر قۇلىقىنى چىشلىۋاپتۇ. بۇگۈن قوپۇپ يەنە ئۇرىشىمەن، قەتئىي ئۇرۇشقىنىم ئۇرۇشقان دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، بۇدا سوقۇشسا قانداق سوقۇشسا بولىدۇ؟
ــ ئۇكام، ئەڭ ياخشىسى ئاكاڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالسا بوپتىكەن، ــ دېدى دىلمۇرات، ــ زادى ئۇرۇشمىسا بولمايدۇ دېسە، قۇلاقچىنى ئېڭىكىدىن چىگىۋېلىپ ئۇرۇشسۇن.
ــ نېمىشقا ئەمدى؟
ــ بولمىسا يەنە بىر قۇلىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.

① ئاقتۇۋەك ــ قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى سازلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يۈزدە قىرىق پىرسەنت ساتىراش

دىلمۇرات دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، دوختۇرخانىدىكى كەسىپكە مەسئۇل باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— ئىنىم، تەلەيپۈزىڭىزدىن قارىسام غولجىدىن كەلگەندەك تۇرىسىز، ئاڭلىسام قىزىقچىكەنسىز، سىزدىن دوختۇرلۇق توغرىسىدا ئىككى سوئال سوراپ باقسام بولامدۇ؟

— قېنى سوراڭ، — دېدى دىلمۇرات.

— سېستىرالىقتىن دوختۇرلۇققا كۆتۈرۈلەمدۇ؟

دىلمۇرات بۇ كىشىنى ئىچى تار، كۆزى كىچىكرەك دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ تېنىمەيلا جاۋاب بەردى.

— سىزگە ئوخشاش كىشىلەر دوختۇرخانىدا باشلىق بولۇپ قالسا، دوختۇرلۇقتىن سېستىرالىققا چۈشۈپ قالىدۇ.

— ئىككىنچى سوئالىم؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— خوش؟

— ئاق خالات كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى دوختۇرمۇ؟

— يۈزدە قىرىق پىرسەنتى ساتىراش.

## ئوكۇلنى شۇنداق سالسىڭىز

دوختۇرخانىدا پەرىدە دەپ قاپىقى يامان بىر سېستىرا قىز بار ئىدى. ئوكۇلنىمۇ شۇنداق قوپال سالاتتى. بىر كۈنى دىلمۇراتنىڭ يانپىشىغا ئوكۇل ئۇرۇۋېتىپ ئەپلەشتۈرەلمىدى. ئوكۇلنى ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ ئۇردى، ئوخشاشلا قاملاشتۇرالمىدى. ئوكۇل يىڭنىسى ئېگىلىپ كەتتى. دىلمۇرات ئاچچىققا چىدىماي سەكرەپ كەتتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ئېسىنى يوقىتىپ، پوپايكىسىنى تەتۈر كىيىۋالغانىدى. زالغا چىققاندا پەرىدە دىلمۇراتنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى:

— ئاغزىڭىزغا قارىسا ھەر گەپ، پوپايكىنى تەتۈر كىيىۋاپسىزغۇ؟
— شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى دىلمۇراتمۇ بوش كەلمەي، — بايقىدەك ئوكۇل ئۇرغىلى تۇرسىڭىز، ئىشتانىنىمۇ تەتۈر كىيىۋالىمىز.

## كېتىپ بېرىپ

دىلمۇرات ئاغرىپ بەكلا جۇدەپ كەتكەچكە، كىيىملىرىمۇ چوڭ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا بىمارلار كىيىدىغان ئالا ئىشتان تارقىتىپ بەردى. بىر كۈنى ئۇ ئىشتانىنى كىيىپ كېتىۋاتاتتى، ئىشتان بېلىدە توختىماي سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان سېستىرالاردىن بىرى ۋارقىرىدى:
— ھوي دىلمۇراتكا، ئىشتىنىڭىز چۈشۈپ قالدىغۇ؟
— ھېچقىسى يوق، ئۇكام، — دېدى دىلمۇرات يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ دېگەن ئاشۇنداق كېتىپ بېرىپ سېلىۋېتىدىغان ئىشتان.

## ئىدارەمنىڭ پۇتى

بىر كۈنى دىلمۇرات كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىشىغا، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغان تولىمۇ سەتەڭ بىر ئايال گاچچىدە ئۇنىڭ پۇتىنى دەسسىۋېلىپ كەچۈرۈم سورىدى:
— ۋىيىەي ئۇكام، خاپا بولماڭ جۇمۇ، پۇتىڭىزغا دەسسەپ ساپتىمەن.
— ھېچقىسى يوق ئاچا، — دېدى دىلمۇرات قىزىقچىلىق قىلىپ، — دەسسەۋېرىڭ، مېنىڭ پۇتۇم ئەمەس بۇ.
— ۋىيىەي، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ، — دەپ كۈلدى ئايال، — سىزنىڭ پۇتىڭىز بولماي، كىمنىڭ پۇتى بولاتتى بۇ؟
دىلمۇرات جاۋاب بەردى:
— ئىدارىنىڭ پۇتى.

## دادىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ

دىلمۇرات يېقىن بىر ئاغىنىسى بىلەن كىنوخانىغا كىنو كۆرگىلى كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، چىرايى، تەقى ـ تۇرقىدىن مەنمەنچىلىكى چىقىپ تۇرغان ئىككى قىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خاپا بولمىساڭلار، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزتى، — دېدى.

دىلمۇراتلار ئورۇننى قىزلارغا بوشىتىپ بېرىپ، بىرقانچە رەت ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى قىزلار يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:

— قوپۇپ كېتىڭلار، ماۋۇ ئورۇن بىزنىڭ.

قىزلارنىڭ قىلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن دىلمۇرات ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ بېلەتتىكى ئورنىغا قاراپ ئولتۇردى. ئولتۇرۇشىغا ھېلىقى داۋخو قىزلار تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ يەنە يېتىپ كەلدى.

— رەنجىمىسەڭلار بوپتىكەن، بۇ ئورۇن بىزنىڭ بولاتتى.

— ئۇكاموي، — دېدى ئاخىر دىلمۇرات قىزلارنىڭ بىئەدەپلىكىدىن بىزار بولۇپ، — ئۆيىڭىزگە بېرىپ دادىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، ماۋۇ قىشلىق كۇلۇبمۇ سىلەرنىڭ بولۇپ قالمىسۇن.

## ساتقىلى ئەكىرگەن...

يەنە بىر قېتىم دىلمۇرات كىنوخانىغا كىرىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر ئايالنىڭ تەم ـ تەم مېڭىپ يۈرگەن بالىسىغا سوقۇلۇپ كەتتى. ئايال تازىمۇ بىر ھازازۇللاردىن ئىدى. ئۇن تىنىقلىق كىنونى دەپ، بالىسىنى خالىغانچە قويۇۋەتكەن ئەيىبىنى ئۆزىدىن كۆرمەي «ئاقچى لۈكچەك، كۆكچى لۈكچەك» دەپ، دىلمۇراتقا تىل سالدى.

— ھەدەۋۇي، — دېدى دىلمۇرات ھېلىقى ئايالنىڭ بىشەملىكىگە چىداپ تۇرالماي، — ساتقىلى ئەكىرگەن بالا بولمىغاندىكىن يىغىپراق ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مەندەك توخۇ بارمۇ

— ئاغىنىمىزنىڭ ئايالى ئاغرىپ قالغان، — دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ دىلمۇرات قىزىقچىلىق قىلىپ، — بىر كۈنى تېۋىپنىڭ ئالدىغا بارغانـ كەن، مېكىيان شورپىسىنى ئىچىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاغىنەمنىڭ ساددا ئايالى توخۇچىلىق قىلىدىغان خەنزۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ «مېكىيان بارمۇ؟» دەپ سورىسا قاراپ تۇرغان. مېكىيان دېگەن گەپنى قوشنىسىغا ئۇقتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئاغىنەمنىڭ ئايالى، ئاخىر بولـ ماي ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— مەندەك توخۇ بارمۇ؟

ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خەنزۇ قوشنىسى ھەيران بولغىنىدىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ:

— ئوتتۇز يىلدىن بېرى توخۇچىلىق قىلىپ، ساڭا ئوخشاش يوغىـ نىغان توخۇنى كۆرمەپتىكەنمەن.

## مەن تېخى...

بىر كۈنى دىلمۇرات يولدا كېتىۋاتاتتى. قانداق بولغان، ئۆزىدىن ئون نەچچە قەدەم ئالدىدا بالا يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ئايال «تارت» لا قىلىپ يەل قويۇۋېتىپ قالدى. كەينىگە قايرىلىپ نومۇس قىلىپ قالغان ئايال، بۇ ئىشنى بالىسىغا دۆڭگەش بىلەن خىجالەتتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، بالىسىنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. شۇ ئارىدا دىلمۇراتمۇ يېتىپ كەلدى ـ دە، ئايالنىڭكىدىن ئۇنلۇكرەك يەلدىن بىرنى قويۇۋېتىپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا بالىنىڭ بېشىغا بىر شاپىلاق سالدى. دىلمۇراتنىڭ قىلىقىدىن گەز ـ گەز بولغان ئايال ئۇنى «جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان لۈكچەككە ئوخشىتىپ» تىل سالدى. دىلمۇرات بىلمىگەنگە سېلىپ ئايالدىن سورىدى:

— سىزنىڭ بالىڭىزمىتى بۇ؟

— شۇنداق بولمامتى ئەمىسە.

— خاپا بولماڭ، ئاچا، — دېدى ئۇ كەچۈرۈم سورىغان بولۇپ، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن تېخى بۇنى يەل قويۇۋەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىدىغان بالىمىكىن دەپتىمەن.

## ھەربىيلىككە كەتكەن

دىلمۇراتنى كۆرسىلا دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدىغان بىر كىشى بار ئىدى. بىر كۈنى دىلمۇرات دۇكىنىنىڭ ئالدىدا يايمىسىنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى كىشى كېلىپ قېلىپ، دادىسىنى سورىدى:

— دىلمۇرات بالام، داداڭ ئۆيدە بارمۇ؟

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى دىلمۇرات.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا ئۇ كىشى يەنە دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى ـ دە، دىلمۇراتنى كۆرۈپ:

— دىلمۇرات بالاموي، داداڭ ئۆيدە بار بولغىيتتى ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دەپ قويدى دىلمۇرات يەنە.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا دىلمۇراتنىڭ دادىسىنىڭ ئاغىنىسى دىلمۇراتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ يەنە:

— دىلمۇرات داداڭ… ، — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغۇچە، تولا جاۋاب بېرىپ ئىچى پۇشقان دىلمۇرات، ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— دادام ھەربىيلىككە كەتكەن.

— ئا … تازىمۇ قاملاشمىغان بالىكەنسەن، — دەپ تېرىكتى ھېلىقى كىشى، — سەكسەن ياشتىن ئاشقان ئادەم ھەربىيلىككە كەتكەن نەدە بار؟

— ئاشۇنداق سوراۋەرسەڭ، — دېدى دىلمۇرات، — مىنىبىڭلىققىمۇ ئەۋەتىۋېتىمەن.

## جايىدا جاۋاب

بىر كۈنى دىلمۇرات ئىشىك ئالدىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

ئۆزىنى قالتىس بىلەرمەن چاغلايدىغان بىر ئاداش ئۇنى كۆرۈپ سورىدى:
— دىلمۇرات ئادىشوي، ئوقۇۋاتقىنىڭلار نېمە كىتاب؟
— «چىن تۆمۈر باتۇر».
— «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟
— تېخى بىلمەمسەن، — دېدى دىلمۇرات گەپنى شاققىدە چاقچاققا بۇراپ، — «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگىنىمىزنىڭ مەنىسى ئىشتان - چاپىنى قاڭالتىردىن دېگەن گەپ.

## ئىككىسى قوشۇلسا

ھەرخىل ماشىنىنى ھەيدەپ باققان بىر شوپۇر توي سورۇنىدا دىلمۇراتقا چاقچاق قىلدى:
— ئاداش، بۈگۈن يالىلدايلا كېتىپسەنغۇ، بۇرۇتۇڭنى قانداق ماشىنىدا ئالدۇردۇڭ؟
— پىكاپتا، — دېدى دىلمۇرات.
— ساقىلىڭنىچۇ؟
— ئاپتوبۇستا.
چاقچاقنىڭ ئۆزگە يېنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان شوپۇر ئالدىراپ سورىدى:
— ئىككىسى قوشۇلسا نېمە بولىدۇ؟
— دوختۇر ماشىنىسى.

## كېيىنچە

دىلمۇراتنىڭ ئىنىسى تولىمۇ خەقىش ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئادىتىگە يارىشا كوچىدا ئۆتكەنلىكى نەرسىنىڭ خەقىشىنى قىلدى.
— زىماتاڭگا!
— ئاكا، زىماتاڭگا يەيمەن.
— خوراز كەمپۈت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— ئاكا، خوراز كەمپۈت يەيمەن.
— چىنە قاداق !
— ئاكا، چىنە قاداق يەيمەن.
دىلمۇراتنىڭ يېنىدا پارچە پۇل تۈگەپ تۇرۇۋېدى، كوچىدىن يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى:
— بوغا ـ جاۋاڭ !
— ئاكا، بوغا ـ جاۋاڭ يەيمەن.
— يائاللا ئۇكام، — دېدى دىلمۇرات چىدىماستىن، — يالماۋۇزنىڭ ئۆزى بولدۇڭمۇ نېمە، ھېلىتىن بوغا ـ جاۋاڭ يېسەڭ، كېيىنچەرەك ئېشەك بىلەن ھارۋىنىمۇ يەۋېتىدىغان ئوخشايسەن.

## ئەدىب ئەگىچە

جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى، ئۇستىۋېشىغا دىققەت قىلمايدىغان شۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدۇ. قارىساڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقىۋالغان، بېشىدا ئەسكى قۇلاقچا، پۇتىدا پىيما ... شۇنداق كىشىلەردىن بىرى دىلمۇراتتىن سورىدى:
— دىلمۇرات ئۇكا، قاراپ باقە، مېنىڭ مەدەنىيىتىم ئەدىب ئەگىچە بوپتۇ؟
دىلمۇرات دەررۇ جاۋاب بېرىپ:
— بويىڭىزدىن ئوشۇقىڭىزغىچە.

## ساقال تەكشۈرەمدۇ، بىلەتمۇ

دىلمۇرات بىر ناھىيىگە بارغاندا ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە كىنوغا كىردى. كىنو باشلىنىش ئالدىدا كۈلۈپ خىزمەتچىسى قولچىرىغىنى يورۇتۇپ بىلەت تەكشۈرگىلى تۇردى. دىلمۇرات بىلەتنى چىقىرىپ بېرىدۇدى، مۇلازىم چىراغنى بىلەتكە تۇتماي دىلمۇراتنىڭ يۈزىگە يورۇتتى.
— ئۇكا ھوي، — دېدى دىلمۇرات بىلەتچىنىڭ قولىنى تۇتۇۋې-

لىپ، — سەن بۇ يەردە ساقال تەكشۇرەمسەن، بىلەتمۇ؟

## كۆزەتچىلىك قىلىش

ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ باشلىقى دىلمۇراتنى ئىسكىلاتقا كۆزەتچىلىككە قويدى.

— دۇيىنىڭ مال - مۈلكىگە ياخشىراق مەسئۇل بول جۇمۇ، — دەپ تاپىلىدى ئۇ.

شۇ كۇنى كەچتە دىلمۇرات باشلىقنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى ئايلىنىپ، تاڭ ئاتقۇچە ناخشا ئېيتىپ چىقتى.

— ھەي بالا، — دەپ قايناپ قالدى ئەتىسى باشلىق، — سېنى دۇينىڭ ئىسكىلاتىدىكى مال - مۈلۈككە قارا دېسەم، كېچىچە ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن كەتمىگىنىڭ نېمىسى؟

— كەچۈرۈڭ باشلىق، — دېدى دىلمۇرات، — دۇينىڭ جىمى مال - مۈلكى سىزنىڭكىدە تۇرسا، قۇرۇق ئىسكىلاتقا قارانچۇق بولۇپ پوق بارمۇ ماڭا.

## كۆڭۈللۈك چۈش كۆرسەم...

دىلمۇرات ئۇرۇمچىدە داۋالىنىۋاتقان مەزگىلىدە دوختۇر ئۇنىڭدىن:

— سىز ھەر كۇنى ئەتىگەندە روھىي كەيپىياتىڭىز ناچار قوپىسىز، بۇ زادى نېمە ئەھۋال؟ — دەپ سورىدى.

— قالايمىقان چۈش كۆرىمەن، — دېدى دىلمۇرات.

— قانداق چۈشلەرنى كۆرىسىز؟

— دائىم دېگۇدەك توپ ئويناپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاراتار تۇرۇپ.

— بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، — دېدى دوختۇر، — سىز ئامال بار توپ، ۋاراتار دېگەنلەرنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، كۆڭۈللۈك چۈشلەرنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىڭ.

— قىزىقكەنسىز دوختۇر، — دېدى دىلمۇرات، — مەن قوپۇپ

كۆڭۈللۈك چۈش بىلەن بولۇپ كەتسەم ۋاراتارغا توپ كىرىپ كەتمەيدۇ.

## ئاپامدىن سورىسام

تولا داۋالىنىپ ئوكۇل - دورىدىن سەسكىنىپ كەتكەن دىلمۇرات بىر سورۇندا ئاغىنىلىرىگە:

— ساق ۋاقتىدا ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان كىشى، مانا ئەمدى كېسەل بولۇپ قېلىۋىدىم، مەن ياتمىغان دوختۇرخانا قالمىدى، — دېيىشىگە، بىرى قوپۇپ ئاغزىنى كوچىلىدى:

— تۇغۇت بۆلۈمىدىمۇ يېتىپ باققانمۇ؟

دىلمۇرات جاۋاب بەردى.

— ئاپامدىن ئاڭلىسام شۇ يەردە تۇغۇلۇپتىكەنمەن.

## پو ئېتىش

دىلمۇرات ئارتىسلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر چاقچاقنى سۆزلەپ



بېرىدۇ:

— ئىككى ئارتىس پو ئېتىشىپ قاپتۇ. بىرى يەنە بىرىگە دەپتۇ: «مەن سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىۋېدىم، تاماشىبىنلار سوۋغا قىلغان گۈل بىلەن ئايالىمغا بىر گۈل دۇكىنى ئېچىپ بەردىم» يەنە بىرى قوپۇپ پو ئېتىپتۇ: «مەن سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىۋېدىم، تاماشىبىنلار ئاتقان كېسەك بىلەن ئايالىمغا دۇكان سېلىپ بەردىم.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كاككۇكلار كېتىدۇ، كۈلكە كەتمەيدۇ

يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان چوققىلاردىن، يىگىنە يوپۇرماقلىق قارىغايلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن، مۇخلار بېسىپ كەتكەن قورام تاشلار ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ، مىڭلىغان ئۇششاق ئېقىنلارنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان ئاقئۆزەن سۇيى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن جېلىلىيۈزى بازىرى بىلەن تۇرپانيۈزى قەدىمكى يېزىسىنى قاپ بەلدىن ئايرىپ ئۆتىدۇ. سايىنىڭ ئىككى يېنىدىكى مەھەللىلەر ئاشۇ سۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن يارالمىشىدىن تەبىئىي بوستانلىقلارنى هاسىل قىلغان. سايىنىڭ تاپىنىدىكى مۇنبەت زېمىندىن، يىراقتىكى گىگانت تاغلارنىڭ گەجگىسىگىچە بولغان كەڭ ۋادا باهار ۋە ياز ئايلىرىدا رەڭگارەڭ گۈل دېڭىزى ئىچىدە چايقىلىپ تۇرىدۇ. زېمىننىڭ هۆسن - جامالىغا ئاشىق باهار قۇشلىرى باهار كېلىشى بىلەن تەڭ پەسىللىك بەزمىلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. ياپيېشىل تۆپىلىكلەردە كاككۇكلارنىڭ، تۆگە ئۆركىشىدەك ئېدىرلىقلار ئارىسىدا كەكلىك، تورغاي، بۆدۈنىلەرنىڭ، قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئۆرۈكلۈك باغلاردا بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازى كۈندۈزدىن كېچىگە، كېچىدىن تاڭلارغا ئۇ-



لىشىپ كېتىدۇ.

شۇنداق بولغاچقىمۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى باھار قۇش-لىرىنىڭ خۇشۇسىيىتىنى تارتىپ كەتكەن. قاچانلا قارىسىڭىز كۆزىدىن كۈلكە، چېھرىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدۇ. يۈرىكىدىن ناخشا، يۇمشاق، ئەۋ-رىشىم تىللىرىدىن كۈلكە - چاقچاق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ «سادىر ئاھاڭى» دىن باشلانغان مۇڭلۇق، جەڭگىۋار ناخشىلىرى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەلگەن يولۇچىنىڭ ھاردۇقىنى ئالسا، قىزىق - قىزىق پاراڭلى-رى، ئاجايىپ لەتىپە - چاقچاقلىرى ئۆمرىدە غىدىقلاپمۇ كۈلدۈرگىلى بولمايدىغان كىشىلەرنى ئىچمەي تۇرۇپ مەست قىلىپ، سېھىرلىك كۈل-كە قوينىغا بۆلىۋېتەلەيدۇ.

2001 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۇرەتكە ئالغان قۇربان ھېيتلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىدە ھېسام قۇربان باش-لىق غۇلجىدىكى ئون بىر چاقچاقچى شۇ قېتىملىق كېچىلىكنىڭ بىر گۈلى سۈپىتىدە سەھنىدە پەيدا بولدى، ھېسامكامدىن باشقا چاقچاقچىلار مەھەللىۋى سورۇنلاردىن ھالقىپ تۇنجى قېتىم ئۆلكە دەرىجىلىك سەھنى-لەردە ئاشكارا پەيدا بولۇشى ئىدى. ئۇلار سەھنىدە پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن يىغىلغان مىڭلىغان تاماشىبىن ئىلگىرى نامىنى كۆپ ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان ھېسام قۇرباننىڭ بۇ تەۋەررۈك شاگىرتلىرىنى باشقا نومۇر ئىگىلىرىدىن بەكرەك ئارتۇق چاۋاك ۋە ئالقىش بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ بىرقانچە مىنۇتلا داۋام قىلغان قىسقا، ئۆتكۈر مەنىلىك لەتىپە - چاقچاقلىرى زال ئىچىدە، قىيقاس - چۇقان چىقىرىۋەتتى. تاماشىبىنلار ئۇلارغا بېرىلگەن ۋاقىت-نىڭ بەكلا قىسقا بولۇپ قالغانلىقىنى ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىغا قانمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ئاشۇ ئون بىر كىشىلىك چاقچاقچىنىڭ يەتتىسى يۇقىرىدا بىز گې-پىنى قىلغان ئاقئۆزەن غولىنىڭ سۈيىدە چوڭ بولغان باللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپكە تونۇلغان خەلق قىزىقچىسى سالى ساۋۇتمۇ بار ئىدى.

سالى ساۋۇت غۇلجا خەلقىگە ناتونۇش ئەمەس، ئۇنىڭ چاقچاق ئويۇنلىرىدا ئۆتكەن ئۇزۇن يىللىق ھاياتى مۇكەممەل بىر ھېكايىگە ئوخشايدۇ. بەدىئىي رەڭلەردىن خالىي بۇ ھېكايە خېلىلا مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى، كىشىنى قايىل قىلارلىق يېشىمى بىلەن ئوقۇرمەنلىرى ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان لەززەتلىك تۇيغۇ ئىچىگە سۆرەپ كىرەلەيدۇ.

مەن بىر يىل ئىلگىرى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا كۆرگەن ئائىلىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىنى يادىمغا ئېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىزنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك سەنئەت كېچىلىكلىرىدە سەھنىگە چىقىشىڭىز بىرىنچى قېتىممۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭىز.

— چاقچاقتىن پۈتۈلگەن غۇلجا سالىمىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بارغىنىڭىزمۇ شۇ ئىكەن ـ دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۈرۈمچىدىكى بۇرادەرلىرىم، يېقىن ـ يورۇقلىرىم ئاپتونوم رايوندىكى ئاقساقاللارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلىرىغا تەكلىپ بىلەن پات ـ پات بېرىپ تۇرىمەن. تېخى يېقىندىلا پەرھات ئىككىمىز قاتار چاي شەكلىنى ئالغان شۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىگە قاتنىشىپ، سورۇننى مەشكە ئوت قالىغاندەك قىزىتىپ بېرىپ قايتىپ كەلدۇق.

— مەن سىزنى تۇنجى قېتىم 1994 ـ يىلىنىڭ تالقان تۆكتى پەسلىدە، غۇلجا ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدا كۆرۈۋېدىم. شۇ كۈنلەردە 6 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. غۇلجا ناھىيىسى يازغۇچىلار شەرىپىگە بۇ باغدا چاي بەرگەنىدى. چايدا مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن يىغىلغان، ئۆمرى قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ئەدىبلەر مىجىت ئابدۇراخمان ئىككىڭلارنىڭ رۇس تىلىدىكى تەرجىمە چاقچىقىنى ئاڭلاپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان. شۇ چاغدا بىر ئاقساقال ئەدىبنىڭ «غۇلجىنىڭ چاقچىقىنى دېسەم بۇ يەردىن كەتكۈم كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ چاقچىقى ئەتكەنچىيىگە ئوخشاش شۇنداق سىڭىشلىق،

كىشىنىڭ بەدەن - بەدىنىنى كۆلدۈرۈپ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر قىزىقچىلىرىغا باھا بېرىشكە توغرا كەلسە باشقىلار تارازىنىڭ بىر بېشىدا، غۇلجا چاقچاقچىلىرى يەنە بىر بېشىدا تۇرىدۇ ...» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ كۈنى مەندە سىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئىككى خىل ھېس - تۇيغۇ پەيدا بولغان.

— مەسىلەن؟

— بىر بولسا ئاتا - ئانىڭىز ياكى قېنىڭىزدا قىزىقچىلىقنىڭ گېنى بار، يەنە بىرى رۇسلار يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي خەلق، رۇسچىنى مۇنچە راۋان بىلگىنىڭىزگە قارىغاندا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، تىل ئۆگىنىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

سالىكام كۈلۈپ كەتتى ۋە «ئۇنداق ئەمەس» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقاپ دېدى:

— مەن دادام رەھمەتلىكتىن قورساق يېشىدا قاپتىكەنمەن. ئائىلىمىزنىڭ قىزىقچىلىققا ياتىدىغان تارىخىمۇ يوق. رۇس تىلىنى ئاز - تولا يامىدىغىنىم راست، بۇنى مەن باللىق چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدىكى رۇس باللىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆگىنىۋالغان. رۇس تىلىدىكى چاقچىقىم بولسا پۈتۈنلەي رۇس تىلى تەلەپپۇزىدا كەلتۈرگەن تەقلىدىي ئاۋاز. تەسىرىگە ئۇچرىدى دېيىشكە توغرا كەلسە كۈلكە - چاقچاققا ئەلۋەك خەلق تۇرمۇشىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلى خەلق مەشرەپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېسەك توغرا بولىدۇ. سىز ھېس قىلدىڭىزمىكىن، بىزنىڭ ئىلى خەلق مەشرەپلىرىدە «سامسا يېقىش» دەيدىغان بىر خىل جازا ئويۇنى بار. بۇ ئويۇن مۇكەممەل قائىدە - يوسۇن تۈسىنى ئالغان، ئۇنىڭدا قويۇق كومېدىيە شەكلىگە ئىگە «سامسا يېقىش»، «ئۆپكە قۇيۇش»، «تامغا سۈرىتىنى تارتىش»، «پاختەك ئۇچۇرۇش»، «جۇۋازغا قېتىش»، «كاككۇك سايرىتىش»، «كۆتەك باستى قىلىش»، «كۆل سۈيى ئىچۈرۈش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «مونەك تۇگۇش» كە ئوخشاش جازا خاراكتېرلىك ھەجۋىي ئويۇنلار بار. جازا داۋامىدىكى بۇ ئويۇنلار باشتىن - ئاخىر كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. مېنى بۇ ساھەگە سۆرەپ كىرگەنمۇ، يۈرىكىمگە

قىزىقچىلىق ئۇرۇقىنى چاچقانمۇ شۇ خىلدىكى ئويۇنلار.

سالى ساۋۇت 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بازار يېزا تار مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇن يېشىغىچە غۇلجا شەھەر ئۈچدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇرغان. كېيىن ئائىلىسى بىلەن ھازىرقى تۇرۇۋاتقان ئۆينى جىلىلىيۇزى بازىرىنىڭ بەشكۈۋرۈك مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىققان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە بۇ خەلق قىزىقچىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە دېھقان، سېمونت ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتىدا ئىشچى، يېزا ـ كەنت سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىدا ئارتىس بولغان. ھازىر غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— 1970 ـ يىللىرى كەنت سەنئەت كۇرۇژۇكىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەركىبىدە «ئاق ئۆستەڭ» ئەمگەكچىگە قاتنىشىۋاتقان دېھقانلاردىن ھال سوراش ئۈچۈن پات ـ پات بېرىپ تۇراتتۇق، مەن كۆپرەك لەپەرگە چىقاتتىم. ئۆستەڭ بويىدا ئاددىيغىنە سەھنە ھازىرلاپ:

— قاراڭا، مەن بارىمەن ئۆستەڭگە،
— مەنمۇ باراي ئۆستەڭگە.
ھەر تاشلارنى كۆتۈرۈپ كېپ،
ياسىۋېتتۇق بۇ قاشنى،
ئۆرۈلۈپ چۈشتى مۇشۇنداق،
گۇلدۇر ـ گۇپپاڭ، گۇپپاڭ ـ گۇپ.

دەپ ئىشلەۋاتقانلارنى كۇلدۇرۇپ يۈرىدىغان.

كېيىن بىر مەزگىل سېمونت ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدا ئىشلىدىم. دەم ئېلىش ئارىلىقىدا تۇرپانىيۇزى، روزىمەتيۇزى يېزىلىرىدىن كېلىپ ئىشلەيدىغان بۇرادەرلىرىمنى ئۆپچۆرەمگە يىغىپ

قىزىق ـ قىزىق كۆلكە ـ چاقچاقلار، لەتىپە ـ يۇمۇرلىرىم بىلەن ئۇلار-نىڭ هاردۇقىنى چىقىراتتىم. ئىشداشلىرىم ماڭا: «سەن ئىشلىمەي پاراڭ قىلىپ بەر، ئىشنى بىز قىلايلى، كۆلدۈرۈش سەندىن، ۋەزىپەڭنى ئو-رۇنداش بىزدىن بولسۇن ...» دەپ تۇرۇۋالىدىغان، شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ باللارنىڭ ئارىسىدا چاقچاقچى ئاتىلىپ قالدىم.

ئادەمنىڭ ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئوت بىلەن سۇدىن يانمايدىغان شۇنداق بىر تەلۋە چاغلىرى بولىدىكەن. كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەي ھەۋەسنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا يۇرۇپ باقتۇق. نەدە ئولتۇرۇش، نەدە توي ـ تۆكۈن بولسا شۇ يەردە پەيدا بولاتتۇق. ئۇ تەرىپى ئارائۆستەڭ، بايتوقاي، بۇ تەرىپى سۇلتانئۇۋەيس مازارلىرىغىچە پىيادە يۇرۇپ دوست ـ بۇرادەر-لەرنىڭ مەرىكىلىرىنى قىزىتىپ بېرىدىغان. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىد-مەن دەپ كېيىن تاس قالدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشنى بۇزغىلى.

— قايسى ئىشنى؟

— توي ئىشىنى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئارزۇگۈل دەپ بىر قىز بىلەن شۇنداق چىرايلىق ئارىلاشقان. توي قىلىدىغان چاغدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى قويسام، تەكتىمنى سۇرۇشتۇرۇپ كۆرۈپ: «ئەكرەم بىلەن ئەدھەمنىڭ ئۇنداق نان قېپى ئىنىسىغا بېرىدىغان قىزىمىز يوق، تۆكىنى تارتقان ئۆچكىدەك مەرەپ كېچە ـ كېچىلەپ توي ئوينىسا، قىزىمىز كۈندۈزى ئۇنىڭ كاكۇلچىلىقى-نى قىلىپ، كېچىلىرى گۆرىگە قارانچۇق بولمايدۇ. بىرىپ دەپ قويۇڭلار، بىز قىزىمىزنى داشۆ ئوقۇغان، تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى بار مائاشلىق ئادەمگە بېرىمىز» دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ گەپ ئاكىلىرىم-نىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن ماڭا قايناپ: «لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۇرىدىغان قىلىقىڭنى ئەمدى تاشلا، بولمىسا ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتىسەن» دەپ تىل سالدى.

— شۇنداق قىلىپ تويۇڭلار بۇزۇلۇپ كەتتىمۇ؟

— ئەرزىمەس «جۇدۇن» غا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان مۇھەببەت نەدە

بار. ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بىز ئۈتۈپ چىقتۇق. رەھمەتلىك ئايالىم ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغاندا تۇيۇقسىز ئاغرىغان سەۋەب بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىۋالدى. باللىرىم ئۇششاق، ئۇلارغا «ئاپا» تېپىپ بېرىشىم مۇمكىن تېخى، تېپىپ بېرەي دېسەم ئۆگەيلەپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتىم. بە-لىيىمگە ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ قىزى قوپۇپ: «مەن تۇرغان يەردە باللار ياتىنىڭ قولىغا قالسا قانداق بولىدۇ، بولدى ئۆزۈم باقىمەن، بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزدە بولىمەن» دەپ قالدى. مەنمۇ ياق دېمىدىم. ھا-زىرقى ئايالىم ماھىرە شۇ. ياش پەرقىمىز خېلىلا چوڭ بولسىمۇ باللارنى ئۆز بالىسىدەك قوينىغا ئېلىپ قاتارغا قېتىۋاتىدۇ. ئالدىنقى ئايالىم ساددا، تۈز، ئاق كۆڭۈل بولىدىغان، بۇ ئايالىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە قىزىق چىقىپ قالدى، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ.

— قانداق دەيسىز؟ — قىزىقىپ سورىدىم مەن.

— مېنىڭ كېچىلىرى ئۇخلاۋېرىپ بىرە - بىرە جۆيلۈپ سالىدىغان ئادىتىم بار. قانداق بولغان، توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر ئاخشىمى تۇيۇقسىز جۆيلۈپ قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ساپتىمەن. ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرسام «لەيلىخان» نىڭ قاپاقلىرى باراڭغا چىقىپتۇ، «ئىم» دېدىم - دە، ناشتىنى قىلىپ ئىشقا كەتتىم. ھەر كۈنى چۈشتە تا-ماق ئېتىپ يولۇمغا قاراپ تۇرىدىغان ئايالىم چۈشتە ئۆيگە كەلسەم كۆر-كىرتىپ ئەتكەنچاينى ئېتىپ قويۇپ ئۆزى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ دۇدۇلىنىپ يېتىۋاپتۇ. چاندۇرماي ئۆيگە كىردىم. يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆ-رۈپ يېتىۋالغان ئايالىمنىڭ ئالدىغا پوككىدە توت يۈز يۈەننى تاشلاپ: «ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچىڭلارمۇ پۇشۇپ قالغاندۇ خوتۇن، پالانچىنىڭ دۇكى-نىغا ئالامەت مودا كىيىملەر كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، بازار ئايلانغاچ چىكىپ تۇرۇپ بىر قۇر ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ قويۇپ ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتىم.

كەچقۇرۇن قايتىپ كەلسەم خوتۇن دېگەن كىسپۇرۇش ئالدىغا پەر-تۇق دېگەننى تاقاپ، لەڭمەن دېگىنىڭنى ئۇيدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخشىمى ياتى-دىغان چاغدا بازاردىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى مودا كىيىمنى ئۇستىگە

ئارتىپ تاتلىقىنە ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن:
— ھىي سالى، قارىغە، يارىشىپتىمۇ؟ — دەيدۇ.
— ۋاھ ياراشىمامدىغان، رەڭ تاللاشقا ئۇستا جۇمۇ سىلە، — دەپ ماختاپ قويدۇم.
ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ھېيت كەلدى. خوتۇنۇمنىڭ ھېيتلىق بىرەر نەرسە كىيىش ئويى بار چېغى. مەندىن پۇل سوراشقا خىجىل بولۇپ، بىر ئاخشىمى بىقىنىمنى نوقۇيدۇ: «گەپ بارمىدى خوتۇن؟» دېسەم، «ئۇزۇن بولدى جۆيلۈمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ» دېمەسمۇ، كۈلۈپ كەتتىم.

*　　*　　*

سالى ساۋۇت 1987 ـ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ بىلەن كىرىپ ئىشلىدى. سەنئەت ئۆمىكى ئۇنىڭغا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان يەنە بىر سەھنە ھازىرلاپ بەردى. ئۇ كۆپرەك ئىتوت، كۈلدۈرگە نومۇرلىرىدا رول ئېلىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ يېڭى ئىجادىي لەتىپە ـ يۇمۇرلىرى بىلەن ئۆمەك سەھنىسىگە قايتىدىن جان كىردى. ئۇ بۇ سەھنە ئارقىلىق مەھەللىۋى سورۇنلاردىن ھالقىپ كېتەلمىگەن چاقچاقلىرىنى غۇلجا خەلقىگە يەتكۈزۈپلا قالماي، ئۆمەكنىڭ سەييارە ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەركىبىدە جەنۇبىي شىنجاڭغىچە بېرىپ، يىراق تەكلىماكان بويلىرىغىچە يەتكۈزدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى ھېسام قۇرباندىن كېيىن سالى ساۋۇتنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدى، كۆردى، چۈشەندى.
— جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى تازىمۇ چاقچاق خۇمار خەلقكەن، — دەيدۇ سالى ساۋۇت ھېكايە قىلىپ، — كېچىلىرى ئويۇن قويساق، كۈندۈزى چايغا چاقىرىپ ھالىمىزنى قويمايدۇ «ئاخشام سەھنىدە كۆرسەتكەن چاقچاقلىرىغا قانمىدۇق، داۋامىنى ئەمدى ئاڭلايمىز» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاتلىق كەلگەن كۆڭۈلنى پىيادە قايتۇرماق تەسكەن، بىز بۇ يەرگە ئۇلارنى كۈلدۈرىمىز، كۆڭلىنى ئالىمىز دەپ كەلگەنىكەنمىز، بارىمىزنى تۆكۈشىـ

www.uyghurkitap.com

مىز كېرەكقۇ ئاخىر. قىزىلئۆڭگەچتىن تۆت رومكا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاغزىم ئېچىلىپ، كۆزۈم يۇمۇلىدۇ ـ دە، قانداق گەپ بولۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قالىمەن. ئويۇن قويۇش سەۋەبى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنى تولۇق دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتىم. ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەكلىماكان سەپىرى، ئۇ يەردىكى ئۆزگىچە تۇرمۇش ماڭا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى هەدىيە قىلدى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. كۆرمىگەننى كۆرۈپ، چۈشەنمىگەننى چۈشەندىم. چاقچاق، لەتىپە توقۇشتا پىكىر يوللىرىمنى ئاچتى، تەپەككۇرۇمنى تاۋلىدى.

— باشقىلار يىل ـ يىللاپ ئوقۇش، تۈن ـ تۈنلەپ كىرىپكىدە كىتاب ۋاراقلاش بىلەن هۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر تاۋىقى» غا ئىگە بولسا، سىز بىر قېتىملىق چاقچاق بىلەنلا ئېلىۋاپسىز، مۇنداق ئامەت هەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. شۇنداقمۇ سالىكا؟ — مەن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلىدىم.

— يازغۇچى دېگەننىڭ قولىقى ئۇزۇن بولىدۇ دەيدىغان، — دەپ كۈلدى ئۇ، — سىزمۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپسىز ـ دە، ئاڭلىغىنىڭىز راست، ئامەت كەلگىنىمۇ راست، لېكىن گېپىڭىزگە ئازراق تۈزىتىش بېرىپ قوياي «ئېلىۋالدى» ئەمەس «بەردى». ماڭىلا ئەمەس، سەنئەت ئۆمەكتە توختام بىلەن ئىشلەۋاتقان تۆتىمىزگە بەردى. بۇ هۆكۈمەتنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ بىزگە، خەلق قىزىقچىلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، قوللىغانلىقى، بۇ ئىشقىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

1992 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى خىزمەت تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن غۇلجىغا كەلگەندە غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزا شىپاڭدا چاي بەرگەنىكەن. چايغا غۇلجا ناھىيە قىزىقچىلىرىدىن مىجىت ئابدۇراخمان ئىككىمىز كىرىپ قالدۇق. سورۇندا ھېسامىكام باشلىق شەھەردىكى چاقچاقچىلارمۇ ئالامەت ئېچىلىپ بەردى. چاقچاق نۆۋىتى بىزگە كەلگەندە مىجىت ئىككىمىز داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنى رۇسچە تەرجىمە چاقچىقىمىز بىلەن بىر باشتىن تونۇشتۇرۇپ كېلىۋېدۇق، سورۇندىن قىيقاس چىقىپ كەتتى. «مەن ئىلگىرى ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان

بولساممۇ، — دەپتۇ سەيپىدىن ئەپەندىم يېنىدىكىلەرگە، — چاقچاقنىڭ بۇ خىل تۈرىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، بۇ ھەقىقەتەن يېڭى بىر تۈر بولۇپ قېتىلىپتۇ. مېنى بەكلا ھاياجانغا سېلىۋەتتى، بۈگۈن پۇرسەت بولسا ئۇلارنىڭ چاقچىقىنى ئايرىم بىر ئاڭلىسام.»

دېگەندەك سەيپىدىن ئەپەندىم سورۇن تارقىغان چاغدا بىزنى ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانا «ئىلى ئالىي مېھمانخانىسى» غا ئەكەتتى. ياتىقىدا ئايرىم سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. بىز سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان «تەرجىمە چاقچىقىمىز» بىلەن بىر يېرىم سائەت كۈلدۈرۈپ قايتىپ چىقتۇق.

كىم بىلسۇن، بۇ كىشى بېيجىڭغا قايتقاندا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەدكە گېپىمىزنى قىلىپ بېرىپتۇ. ئىسمايىل ئەھمەد ياندۇرقى يىلى ئىلى «تۇلپار بايرىمى» ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ قالدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندا ئۇ كىشى شۇ چاغدىكى غۇلجا ناھىيە ھاكىمى زوردۇن غوجىنى چاقىرىپ: «ئاڭلىسام سىلەردە سالى، مىجىت دەيدىغان قىزىقچى باللار بار ئىكەن، چاقىرىپ كىرگەن بولساڭلار، چاقچىقىنى ئاڭلىغان بولساق» دەپتۇ. مىجىت خىزمەت ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. پەرھات تۇراخۇن ئىككىمىز كىردۇق. «ھاردۇق چېيى» ناغرىچىدىكى كاتتا بىر قورۇدا بېرىلگەنىكەن. كىرسەك سورۇندا ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، مىجىت ناسىر، ئەسقەت كېرىمباي، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى ساتتاركام قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئاقساقاللىرى ئولتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى بارلىق ھۈنىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ سائەتلەپ چاقچاق قىلىپ بەردۇق. ئەتىسى غۇلجا ناھىيە مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ تۇرپانيۈزى يېزىدىكى ناسىر پاڭنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدا ئۇلارنىڭ شەرىپىگە چاي بەردى. چايغا جېلىليۈزىدىكى چاقچاقچى، قىزىقچىلار بولۇپ ھەممىمىز يىغىلدۇق. سورۇن باشلىنىشى بىلەن تەڭ چاقچاقمۇ باشلاندى. ناخشا - ساز بىر چەتتە قالدى، داستىخانغا چاقچاقنىڭ ھەممە تۈرى «چاچما چاقچاق»، «تەرجىمە چاقچاق»، «لەتىپە»، «كۈلدۈرگە» دېگەنلەر ئايماي تۆكۈلۈپ سورۇن ئەھ-

لىنىڭ دەم ئېلىۋېلىشىغا پۇرسەتمۇ بەرمىدۇق. ئەتىگەندىلا باشلانغان سو-
رۇن چاقچاق بىلەن بولۇپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە داۋاملاشتى.

ئەتىسى ئىسمايىل ئەھمەد زوردۇن غوجىغا: «سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ ئاڭلىغىنىم راستكەن، بۇلار ھەقىقەتەن بىر دۇنيا ئىكەن، ئۆمرۈمگە كىر-لىپ مۇنچىۋالا كۈلۈپ باقمىغان. ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرسام يېپيېڭى كىشى بولۇپ قاپتىمەن. مانا بۇ قەلەم، سالى دېگەن بالىغا بېرىپ قويسىڭىز، خاتىرە بولۇپ قالسۇن. ئايرىم رەھمەت ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم» دەپ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن خاس قەلەمدىن بىرنى قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنى ئائىلەمنىڭ ئەتىۋارلىق تەۋەررۈكى قاتارىدا ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

سالىكام نەپىس ئىشلەنگەن قۇتا ئىچىدىن كۈمۈش قاپلىغان سىياھ قەلەمنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. راست دېگەندەك قەلەمنىڭ قاپچۇقىدا خەنزۇ يېزىقىدىكى «دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى» دېگەن خەت تۇراتتى.

— قىزىق ئىش، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئۇ، — ئىسمايىل ئەھمەد بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدىن ناھىيە ھاكىمىغا يەنە تېلېفون قىپتۇ. تېلېفوندا بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىپ: «ھېلىقى بالىلار-نىڭ چاقچىقى كۆندۈزى كۆز ئالدىمدىن، كېچىسى خىيالىمدىن كەتمەيدى-غان بولدى. ئېسىمگە كەلگەن ھامان ئىختىيارسىز كۈلۈپ سالىمەن. مەن ئۇنى جىق بۇرادەرلىرىمگە سۆزلەپ بەردىم. يەنە سۆزلەپ بېرىمەن. بىر يىل ئاۋۋال سەيپىدىن ئەپەندىم ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. مەن ئەمدى ئۇ كى-شىگە سۆزلەپ بېرىمەن. غۇلجىنىڭ، جىلىلىيۈزىنىڭ باغلىرىدا باھار قۇشلىرى — بۇلبۇللار، كاككۇكلار يازنى كۈرۈپ جىمىپ قالغان بىلەن پەسىل ئايرىماي سايراپ بېرىدىغان كۈلكىسى قىش - ياز ئۆكسۈمەيدىغان ماڭا ئىسمىداش[1] كاككۇكلىرى يەنە كۆپەيگەن دەيمەن ... مەندىن ئۇ با-لىلارغا يەنە بىر قېتىم سالام ئېيتىپ قويۇڭ. مۇمكىن بولسا ھۆكۈمەت نامىدىن مۇكاپاتلاپ قويۇڭلار، ئىلھام بولىدۇ. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك —

① ئىسمايىل كاككۇك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى ئاسرىغان، يۆلىگەن، قەدىرلىگەنلىك بولدۇ. يۆلەش بولمىسا گۈللىنىشتىن گەپ ئاچقىلى بولامدۇ ھاكىم، ھۆكۈمەتمۇ شۇنداقلارنى يۆلەيمىز، كۈلدۈرىمىز دەپ ئايىماي پۇل خەجلەۋاتىدۇ. ئۇلار سىز بىلەن بىزنى يېتەرلىك كۈلدۈرگەنىكەن، بىزمۇ ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ قويايلى» دەپتۇ.

ئاردىن ئاز كۈن ئۆتمەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مەيدىمىزگە گۈل تاقاپ، قەددىمىزنى كۆتۈرۈپ قويدى. تېخىمۇ قىزىق يېرى، شۇ يىلىلا ئاپتونوم رايوندىن سەنئەت ئۆمەكتە توختام بىلەن ئىشلەۋاتقان تۆتىمىزنىڭ نامىغا (مەن، مىجىت، لەتى، پەرھات) بىردىن كادىرلىق شتاتى كېلىپ قالسا بولىدۇ. ھاڭ ـ تاڭ قالدۇق. تۇرۇپ ئىشەنسەك، تۇرۇپ چۈشىمىزدەك ھېس قىلىمىز. كۆزىمىزنى ئاچساق، قولىمىزنى سوزساق يوقاپ كېتىدىغاندەك. ئەمەلىيەتتە ئۇ يوقاپ كەتمىدى، قولىمىزغا تەگدى، تاقاشماي، پۇتلاشماي، ھېچقانداق يەردىن مۈڭگۈز ـ پۇتىقى چىقماي، ئۇدۇل، بىۋاستە قولىمىزغىلا تەگدى. شۇنچە يىل ئىشلەپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تاپىنىنى سۆيگۈدەك بولۇپ ھەل بولمىغان بۇ ئوقەت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. كېيىن بۇ ئىشنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد، ئابلەت ئابدۇرېشىت، مىجىت ناسىر، ئەسقەت كېرىمباي، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى ساتتاركاملارنىڭ ياخشى كۆڭلى، راپاۋىتى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولدۇق. شۇ سەۋەب بىلەن ھۆكۈمەتتىن ئاش يەيدىغان ئەتىۋارلىقلاردىن بولۇپ قالدۇق قاراڭ ئۇكا. خوتۇننىڭ ئالدىدا كېچىلەپ ئۆيگە كىرسەكمۇ مەيدىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانغا باھانە تېپىلدى.

ماقالىمىزنى چاقچاقچىمىزنىڭ خاتىرىسىگە چوڭقۇر ئەستىلىك ھېسابىدا قالدۇرۇلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىرنىڭ ئىمزاسىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلار بىلەن تاماملايمىز.

«ئىنىم سالى، خەلقنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئۆتكۈر پىكىر، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق چاقچاق ـ لەتى-

پىلىرىڭ بىلەن ئوغلىمىز ۋىدات، قىزىمىز مەدەنىيىتىنىڭ تۈرى مەركىزىنى قىزىتىپ بەرگەنلىكىڭگە ئائىلىمىز نامىدىن رەھمەت ئېيتىمىز. قوشاق خاتىرىنى هاياتىڭدىكى مۇھىم ئىشلارنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئىشىنىـ سەن. يۇمۇرىستىك ماھارىتىڭنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىپ:

مىجىت ناسىر
پەرۋىن مۇساباييۋا
1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

## سالى ساۋۇت چاقچاقلىرى

### تاراڭ ـ تۇرۇڭنى ئاڭلاپ باقاي

بۇ يىل ئەتىيازدىكى يامغۇر ئاپىتىدە ماخمۇت دېگەن قوشنامنىڭ ئۆيى غەلۋىرگىلا ئوخشاپ قالدى. يامغۇردىن كېيىن ئىچكىرىدە ئوقەت قىلىدىغان بالىسى كېلىپ ئۆگزىلىرىگە قاڭالتىر مىخلاپ بېرىپتۇ، بىر ـ چارىنىڭ ئاغزى قولىقىغا يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە تالاغا چىقسام ماخمۇت ئىشىك ئالدىدا قولىنى بېلىگە تىرەپ ئاسمانغا قاراپ تۇرىدۇ.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، ماخمۇت، قېرىغاندا گەجگەڭنى قاتتۇرۇپ، — دېسەم، ماڭا قاراپمۇ قويماي جاۋاب بەردى:

— يامغۇر ئەجەب ياغماس بولۇپ كەتتى، تاراڭ ـ تۇرۇڭنى بولسىمۇ بىر ئاڭلاپ باقاي دېگەن.

### چاۋاك ــ جاۋاب

يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەن يىللىرى ئالىقىنى ئاز ـ تولا پۇل كۆرگەن بىر يېزىلىق ئاغىنىلىرىگە:

— پۇلمۇ تاپتۇق، شەھەرگە كىرىپ چىلاشقۇدەك ئويناپ چىقمايلىمۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى:

— ئوينىساق ئوينىدۇقلا، كېتەر جاھاننىڭ كارى، — دېيىشىپ ئۇدۇل شەھەرگە كىرىپتۇ-دە، بىر ئاشپۇزۇلغا چۆكۈپتۇ.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— كۆڭلۈڭلار نېمىنى تارتىدىكىن؟

— ئاۋۋال بىر كىلو گۆش بىلەن بىر جىڭ ھارىقىڭنى كەلتۈرگىنە، قالغىنىنى كېتىپ بېرىپ ھېسابلىشارمىز.

بۇيرۇتمىلار ئارقا-ئارقىدىن چىقىۋاتقان ئارىلىقتا لاپىلا قىلىپ توك كېتىپ قاپتۇ. بىرى قوپۇپ شىرەدىكىلەرنى ئەدەپكە چاقىرىپتۇ:

— گۆشنى تەڭ يەيمىز، سوغۇق قول تەگكۈزگۈچى بولۇشما-ھە، ھەرقايسىڭ قولۇڭنى جىم تۇتۇش.

— قولنى قانداق جىم تۇتقىلى بولىدۇ؟

— چاۋاك چېلىپ ئولتۇرۇشامسەن كالۋالار.

شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن چاۋاك چالغىلى تۇرۇپتۇ. گۆشنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بىر ئاداش شۇ ئارىدا سول قولىدا پېشانىسىگە ئۇرۇپ «چاۋاك» چىقارغاچ، ئوڭ قولىنى شىرەگە سۇڭگۇتۇپ گۆشكە خاتىرجەم تېگىپتۇ. بىر چاغدا توك كېلىپ قارىغۇدەك بولسا گۆشنىڭ يېرىمى تۇگەپتۇدەك.

## ناخشا بىلەن خوتۇن

بىر قىسىم ئاياللار باركى كىيىنىش، يۇرۇش-تۇرۇشىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. كامىل دېگەن چاقچاقچى ئاغىنىمىزنىڭ ئايالى شۇنداق. مىسالى نان يېقىپ قالسا ئۇستىگە بىر يېڭى يوق ئەسكى چاپان، پۇتىغا بوتەي دېگەندەك نەرسىلەرنى كىيىۋالىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئايال نان يېقىپ قالدى، تونۇر بېشى دەرۋازىغا ئۇدۇل ئىدى، كامىل ئىشىك ئالدىغا چىقىپ:

ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

دېگەن ناخشىغا غىڭشىپ ئولتۇراتتى، ئۇدۇل قوشنىسى غوپۇرئاكام چىقىپ قېلىپ كاملىغا تونۇر بېشىدىكى ئايالىنى شەرەتلىگەچ سۆزلەپ قالدى:

— قويسىڭا ئۇكا، ئېيتىۋاتقان ناخشاڭ ئاشۇ ئايالىڭغا راۋا كېلەرمۇ؟

## مومايىنىڭ غەزىپى

بىر كۈنى بىر ئاغىنەم بىلەن يېزىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ يۇز ياشقا كىرىپ قالغان مومىسىنى يوقلاپ كىرىپ قالدىم. قۇرۇق كىرىشكە كۆڭلۈم بارماي خالتىلىق كەمپۈتتىن ئېلىۋالغاندىم. موماي كەمپۈت يېگۈسى كېلىپ خېلىغىچە بىر تال كەمپۈتنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىدى - دە، ئاچچىقىدا تىللاپ سالدى:

— بېشىنى يەيدىغانلار، كەمپۈتنىڭ ئاغزىنى چاپلىغان مۇشۇ يىلىمدا چۈخىيىنىڭ ئاغزىنى چاپلىۋالسىچۇ.

## كالاچنى ئۆپرىتىپ

مەھەللىمىزدە ناھايىتىمۇ خەسىس بىر جۈپ بوۋاي - موماي بار، قىسقىسى توك ئىشلەتسە ئىسراپ بولىدۇ دەپ كۆپرەك پانار چىراغ ياندۇرۇۋالىدۇ.

بىر كۈنى بوۋاي مەسچىتكە بامدات نامىزى ئۆتىگىلى بېرىپ چىراغنى ئۆچۈرمىگەنلىكى يادىغا يېتىپتۇ - دە، يەنە شاپاشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قارىسا چىراغ ئۆچۈك تۇرغۇدەك، موماي بوۋايدىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

— بامداتنى ئۆتمەيلا يېنىپ كەلگەنلىرى نېمىسى؟
— چىراغ ...
— ۋا ... هاي، — دەپتۇ موماينىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، — سىلى كېتىش بىلەنلا ئۆچۈرۈۋەتكەن ئەمەسمۇ مەن، كالاچنى ئۈپرىتىپ نېمىشقىدۇ كەلگەنلا.

## تەڭ ئاڭلايمىز

بارات دەپ بىر قوشنام بار، بىرىنچى قېتىم تېلېۋىزور ئالغاندا قوشنىلار ئولاش - چولاش كىرىپ كەپتۇ. تېلېۋىزورنى شۇنداق ئاچسا ھە دەپلا سەنئەت پروگراممىسى چىقىپتۇ. ئېلانچىك قىز: «تۆۋەندە پاشا ئىشاننىڭ ئورۇندىشىدا (ئانا مېھرى) نى ئاڭلاڭلار» دېيىشى بىلەن تەڭ باراتكام شارتتىدە تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ۋالاق - ۋۇلۇق ئېشەك هارۋىسىنى قېتىپ، موللاتوختىيۇزىدىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. قوشنىلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ:
— نەگە ماڭدىڭەي بارات، تېلېۋىزورنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇپ.
— ئاپامنى ئېلىپ كېلەي، تەڭ ئاڭلايمىز.

## ياخشى مەسلىھەت

بىر ساقچى ئاغىنەم بولىدىغان، بىر كۈنى بىر ئىش بىلەن بېشى قېتىپ مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ:
— قوي ئاداش، — دېدى ئۇ قايناپ، — بىر گۇي مېنى تېلېفوندا بەكلا ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا تېلېفون كېلىدۇ قارا، تۇرۇپكىنى ئالسام يوق. قانداق قىلسام قولغا چۈشۈرگىلى بولار؟
— بۇ ئاسان گەپقۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، — «ۋەي»لا دېگەن ھامان تۇرۇپكىنى ئېلىپ قويۇپ تېلېفون سىمىنى سىلاپ باقساڭ ئاسانلا تۇتۇۋالىسەن.

## ئۆدۈل قوشنىغا باغاق تەگدىمۇ

مەھەللىمىزدە ئازىنباقى دەيدىغان كىشى كەنجى قىزىنىڭ تويىنى قىپتۇ، كىردۇق. قىزىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئوغۇل بار بولۇپ چوڭ ئوغلى ئۆزگە ئۆدۈلمۇ ئۆدۈل قوشنا ئىدى. توي كۈنى جامائەت ئۇزاپ بولغۇچە ئوغلىدىن خەۋەرمۇ يوق. ئاچچىقى تازا كەلگەن دادىسى ئوتتۇرانچى ئوغلىنى بۇيرۇپ قالدى:

— هاي ئىلەك، ماڭ كىرىپ باققىنە، بىزنىڭ ماۋۇ ئۆدۈل قوشنىغا باغاق تەگدىمىكىن.

## سۈت ئىچىدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ

قايسىبىر يېزىغا تورۇبا سۈيى تارتىلغاندا ئۆي بېسىپ جان بېشىغا ئۈچ كويدىن ئېلىۋېرىپتۇ. ئايمۇ توشىدىكەن، پۇلنى ئېلىپ كېتىۋېرىدىكەن. مەلۇم بىرسىنىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ ئايدا ئون ئىككى كوي



پۇل تۆلەپ چىدىماي قاپتۇ. بىر كۇنى پۇل يىغىدىغانلار ئۇن ئالتە سوم پۇلنىڭ تالونىنى يىزىپ ئالدىغا تاشلاپ قويغۇدەك. ئۆي ئىگىسىنىڭ جەھلى قىتىپ سوراپتۇ:

— ئۇشۇقى نەنىڭ پۇلى؟

— يىڭى تۇغۇلغان قوشكىزەك بالىڭىزنىڭ.

— كەچۇرۇڭلار، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى ئۇن ئىككى كوي پۇلنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، — بالىلىرىم سۇت ئىچىدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ.

# كۆلكىمىزگە كۆمۈلسۈن ئالەم

ئەمدىكى نەزىرىمىز سادىر يۇرتىدىن چىققان چاقچاقچىلار ئىچىدە سالى بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدىغان «لەتى» ئىسىملىك يەنە بىر قىزىقچىمىزدا بولىدۇ. لەتى ـــ ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. قولىقىغا ئەزان چاقىرىپ قويىغان ئىسمى «ئابدۇلەتىپ». ئۇ ئائىلىسىدىكى بالىلارنىڭ كەنجىسى بولۇپ ئەركە چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى بۇ يۇرتنىڭ قائىدىسى بويىچە يېقىنلىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماي ئەركىلىتىپ ھەم كەمسىتىپ ئاتاشتەك ئادەت كۆچىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ باش قىسمىدىكى «ئابدۇ» سى بىلەن ئاخىرىدىكى «پ» ھەرپى كۆيە يەپ كەتكەن ئەسكى چاپاننىڭ پېشىدەك چۈشۈپ قېلىپ لەتى بولۇپ قالغان. خەيرىيەت، ئىش شۇنداق بولغاندىكەن، بىزمۇ ئۇنى خەلق ئىچىدە ئومۇملاشقان ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن ئاتاۋېرىمىز.

قارىماققا، بۇ ئاھاڭداش ئىسىملار كىشىگە سالى بىلەن لەتىنى بىر



ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا چاقچاقچىلار بولسا كېرەك دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. سالىنىڭ يەر سۈيى غۇلجىدىن، لەتىنىڭ بولسا ئاتا تەرەپ جەمەتى ئاقسۇغا، ئانا تەرەپ جەمەتى ئوت-

تۇرا ئاسىيانىڭ ئەنجان دېگەن يېرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. جاھاندارچىلىقنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلىرى كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ يىلتىزىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جېلىلىيۇزى بازىرىنىڭ بەشكۆۋرۈك مەھەللىسىگە باغلاپ قويغان. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئىككى چاقچاقچىمىزنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىلىسى قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە ئارىلىشىپ كەتكەن. كەتمەن تۇتۇپ بوز ئاچقان، سۇ تۇتقان، ئورما ئورۇپ، خامان تەپكەن، تۇلۇق ھەيدىگەن، يىراقتىكى قارىغايلىق چوققىلارغا تۇتىشىپ كېتىدىغان كۈنگەي بىنەملىكلەردە پادا باققان، كوممۇنادىكى ساپاسى يوق نومۇردىن سەسكىنىپ، ئاز بولسىمۇ نەق پۇلغا، تەييار ئاشقا قىزىقىپ زاۋۇت - كارخانا ئورۇنلىرىدا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن، يەنە تېخى ...

— ھە، يەنە تېخى ئاق ئۈستەڭنى چېپىش، غۇلجىدىن شەرقىي بەش ناھىيىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۆلكە يولىنى ياساش ئەمگەكلىرىگە قاتناشقان، — دەپ قوشۇمچە قىلدى لەتى ئىمىن سۆز ئارىسىدا، — ئۇ چاغلاردا سىلەر كىچىك، سىلەرنىڭ مەمەيۇزىدە ھاسا تايىقىنى دۇتار قىلىپ چېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى لايسۇرۇق سۇپىدا قويماي ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرىدىغان بەرا ئىسىملىك «ناخشىچى» بوۋاي بولىدىغان. بىر يىلى ئاشۇ بوۋايلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ يول ياسىۋېدۇق. بۇ، تالانتلىق ناخشىچى تۇرغان ئۆمەر تېخى كۆزگە كۆرۈنمىگەن، ئەترەتتە كوممۇنا ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرى ئىدى. بىزگە ئوخشاش ھاشارغا، مەجبۇرىي ئەمگەكلەرگە قاتنىشىپ تۇراتتى. مەمەيۇزىدىكى يول ياساش ئەمگىكىدە ئۇمۇ بار ئىدى. كۈندۈزى چام چېپىش بىلەن ئالدىراش بولاتتۇق. ئاخشاملىرى ياتىقىمىز شۇنداق قىزىپ كېتەتتى. يېيىشىمىز زاغرا بىلەن جۇۋەندە، ئىچىشىمىز ئۇماچ بىلەن قارا چاي، شۇنداقتىمۇ روھىمىز جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ھاردۇق يەتتى دېگەن گەپنى ئاڭلىمايتتۇق. كەيپىياتىمىزنى چاقچاق - ناخشا بىلەن تەڭشەپ تۇراتتۇق. كۈلكە- چاقچاق مەندىن، ناخشا - ساز تۇرغاندىن بولىۋاتقان، تۇرغان ناخشا تۇۋلاپ

تازا ئەۋجگە كەلگەندە باغلىق ھويلىنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭلىرىدىن ھەرا بوۋاينىڭ پات ـ پات دوست تارتىپ قويۇشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— كۈلىسىزغۇ، ئىشەنمەيۋاتامسىز ـ يا؟

— ئىشەنمەي ھەددىممۇ، لېكىن ...

— ھە، نېمە لېكىن؟

— سىز سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇ ھېكايە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي قۇرۇلما ئېھتىياجى بىلەن قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەسەر پېرسو-ناژلىرىنىڭ «تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش» لىرىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟

— سىز گېپىنى قىلغان ئاپئاق ساقال «ناخشىچى بوۋاي» مېنىڭ ئانا تەرەپ بوۋام بولىدۇ.

— چاقچاق قىلمىغا ئۇكاۋۇي.

— قۇلاق سېلىڭ، ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى سىلەر ياتاق قىلىپ ياتـ-قان، ھازىر چېقىلىپ مەكتەپ مەيدانىغا قوشۇۋېتىلگەن، سوقما تام، كالـ-تە پېشايۋانلىق قورۇدىن، ئاچچىق موخۇركا ئىسى بىلەن دۇتلىشىپ، پە-نەر چىراغدا غۇۋا يورۇپ كۆرۈمسىز ئۆي ئىچىدىن لەرزان ناخشا ئاۋازى كەلمەكتە. ئاۋاق، ئۇزۇنتۇرا، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، چىرايلىققىنە كەلـ-گەن ياش يىگىت چېكىلىكى سۇنۇق شەپكىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈپ كىـ-يىپ، بىر قولىدا قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ناخشا توۋلىماقتا:

ۋەتەننى نۇرغا چۆمدۈردى،
قۇياشلىق دەۋرىمىز بىزنىڭ.

— ۋاھ تاپتىڭىز، نەق ئۆزى شۇ، ئىشەنمەسلىككە ئاساس، گۇمانغا ئورۇن قويمىدىڭىزغۇ ئەمدى، بەرا بوۋاينىڭ نەۋرىسىمەن دەڭ، ھېلىقى پاراڭچى، خۇش چاقچاق، ناخشىچى بوۋاينىڭ ـ ھە! باللىق چاغلىرىـ-

ڭىزدىكى خاتىرىڭىز جايىدىكەن. تۇرغاننىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتى، ناخشا توۋلاۋاتقان ھالدىكى ئوبرازى، ئېيتقان ناخشىلىرىغىچە ئېنىق ئې-سىڭىزدىكەن: «ناخشىچى بوۋاي» نىڭ نەۋرىسى بولغاچقا ناخشىچىغا دىققەت قىپسىز، ماڭا دىققەت قىلمىغانسىز ھەرقاچان؟

— گېپىڭىزنى، چاقچاقلىرىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، ئۆزىڭىزنى بۇندىن سەككىز يىل ئاۋۋالقى بىر سورۇندا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۇم. ئۇ چاغدا ھې-سامكام ئىككىڭلار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بىغىدىكى قەلەمكەشلەر شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان چايدا① ئاجايىپ چاقچاقلارنى قىلىپ تەڭرىتې-غىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن كەلگەن قەلەمكەشلەرنى ھەيران قالدۇرغان-تىڭلار. ھېسامكام ئىككىڭلارنىڭ چاچما چاقچاق، لەتىپە ـ يۇمۇرلىرىڭلار، سالى بىلەن مىجىتلارنىڭ تەرجىمە چاقچاقلىرى، تۇرغان مودىنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن ئارىيە كەلتۇرۇپ دوراشلىرى، سورۇندىن قىيقاس چىقىرىۋەتكەن. قاشتېشى يۇرتىدىكى دېھقان شائىرى، مەرھۇم روزى سايىتنىڭ ئىلى خەلق چاقچاقلىرى خۇسۇسىدىكى مۇنۇ كۇپلېتلى-رى يادىمغا يەتتى:

گەر چاقچاق باشقا چىقسا نىزاھ تېرىپ،
ئىلىلىق چاقچىقىدا قىرىلىدۇ.
ناۋادا جان ياشارتسا ئۇنىڭ پەيزى،
ئۆلۈكلەر بىرى قالماي تىرىلىدۇ.

………………………………

ھە، شۇنداق چاقچاقچىلار ماكانى بۇ،
بەزمىدە كۇلكە پەيزى سۇرۇلىدۇ.
ئىلىنىڭ قۇچىقىدا بار خاسىيەت،
چاقچاقچى چاقچاق بىلەن تۇرۇلىدۇ.

① غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن 6 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شېئىردا ئېيتىلغاندەك بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەشۇرۇپ، توي ـ تۆكۈن، چاقچاق قايىنىغان سورۇنلاردا تاۋلىنىپ، يېگىنى يېرىپ-شىپ چىقىۋاتقان سىزگە ئوخشاش ئىز باسار چاقچاقچىلار ئاز ئەمەس، شۇنداق بولغاچقا ئارقىڭىزدىن قوغلاپ، ئايالىڭىزغا «سىرتتىن كىمدە-كىم ئىزدەپ كەلسە يوق دەپ قوي» دەپ جېكىلەپ قويۇشلىرىڭىزغا باقماي ئىزىڭىزنى پۇراپ يۈرۈپ، مانا بۇ يەردىن، ئالدىڭىزغا پەرتۇق تاقاپ مەـھەللىڭىزدىكى سۈننەت تويغا ئاش ئېتىپ بېرىۋاتقان قازان بېشىدىن ئاران دېگەندە تاپتىم. سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنداق تەستە كۆـرۈشمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. چاقچاقچىلار ئومۇمەن شۇنداق كېلىدۇـكەن. سىلەر بىلەن كۆرۈشۈش دۆلەت رەئىسى بىلەن كۆرۈشۈشتىنمۇ تەس بولۇپ كەتتىغۇ ئەمدى.

— شۇنى دەڭە، — دەپ كۈلدى لەتى ئۇدۇللۇق كەلگەنلەرگە ئاش ئۇسسۇپ بېرىۋېتىپ، — قۇربان تۇلۇم چېغىدا ئېشەك بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس جۇمھۇر بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەن تۇرسا ـ ھە !

بىز كۈلۈشتۇق، ئەتىگەندە جامائەت بىر قۇر ئۇزاپ بولغاچقا قازان بېشىدا ئادەممۇ سېلىكىپ قالغانىدى، قىسقا كۈلكىدىن كېيىن لەتى رەسمىي گەپكە كۆچتى.

— مۇنچە ئاۋارە بولۇپ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇدەك نېمە ئىش بار دەيسىز ئۇكا، تۆت خالىس بار يەردە تۆت ئېغىز چاقچاق قىلىپ كۆپچىـلىكنى كۈلدۈرۈپ قويىمىز شۇ، بۇنىڭ تىلغا ئالغۇدەك نەرى بار.

— باشقىلارنى كۈلدۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت، بۇ ھەممىلا ئاـدەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىر ـ بىرىنى كۈلدۈرىدىغانلاردىن رەنجىتىدىغان، يىغلىتىدىغانلار ئاۋۇپ كەتتى. مۆڭلانغان، يۈرەكلىرى خۇن بولغانلار قەـدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. سىلەردەك خالىس نىيەت بىلەن باشقىلارنى ھەقسىز كۈلدۈرىدىغانلار بولمىغاندا تۇرمۇش دوزاخقا، ياشاش قىيامەتكە ئايلانغان بولاتتىغۇ.

— شۇنداقمۇ تېخى، مەنغۇ ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپ يۈزىنى كۆرگەن

ئادەم. مۇنداقچە ئېيتقاندا ساۋاتسىز، بىز خەق كاسىلداپ سۆزلەشنى،
چاقچاق قىلىشنى بىلگەن بىلەن رولى، ئەھمىيىتى دېگەندەك گەپلەرنى
سىلەر چۈشەنگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيدىكەنمىز. مۇنچىلىك سالا ـ سۇ ـ
پەتكە شەرتىمىز توشىدىغان ئىش بولسا بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن. ئاپام
دائىم ماڭا: «بالام، بەكلا نان قېپى، ئويۇن قېپى بولۇپ كېتىۋاتىسەن،
ھازىر قۇرۇق پاراڭ بىلەن جان باقىدىغان زامان ئەمەس، ئۆزۈڭگە پۇختا
بول، رەھمەتلىك داداڭنى دورا، ئانا تەرەپ جەمەتىڭنىڭ يولنى تۇت،
ئۇلارغا تېۋىنساڭ روھى سېنى يۆلەيدۇ، قەندالەتچىلىك قىل، يا بولمىسا
كۆچەت قويۇپ باغ ياسا، ھۈنەرنىڭ، ئەمگەكنىڭ، يەر بېتىنى كۆكەرتكەن ـ
نىڭ خاسىيىتى كۆپ. ئۆز زامانىسىدا زېرىپ باي دېگەن بوۋاڭ ئەنجاندىن
بۇ تەرەپكە چىققاندا قەندالەتچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن يەر سېتىـ ـ
ۋېلىپ، جېلىلىيۇزىدىكى «پاشالىق باغ» نى بىنا قىلغانىكەن. رەھمەتلىك
ئاشۇنداق ئەمگەكلەرنىڭ خاسىيىتىدە بىر يۈز بەش يىل ئۆمۈر كۆرگەن،
داداڭمۇ تاغ ئارقىسىدىن چىققان يېتىمچى بولغىنى بىلەن ئىشتىن، ئەم ـ
گەكتىن يانمايدىغان ئادەم ئىدى. بوۋاڭنىڭ قولىدا يىللىقچى بولۇپ ئىش ـ
لەپ ياراپ قالغانىكەن، سەن شۇلارنى دورا. يۈزۈم يورۇق، رىزقىم كەڭ،
تېنىم بەقۇۋۋەت، ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېسەڭ ئەمگەكتىن قاچما، ئۇنى
ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي، ئەر كىشى دېگەن ئەمگەك بىلەن كۆكلەيدۇ،
ئەمگەك بىلەن ياشىرىدۇ، باسقان ئىزىڭدىن ئەخلەت ـ چاۋار ئەمەس، ھا ـ
ياتلىقتىكى نىشانەڭ سۈپىتىدە بىرەر نەرسە قالسۇن» دەيدىغان. ئاپامنىڭ
كۆتكىنى ھەر هالدا يەردە قالمىدى. دادام بىلەن زېرىپ بوۋامنىڭ روھى
يۆلىدىمۇ بىنەم ياقىلاپ كەتكەن سۇلۇق يەردىن يىگىرمە بەش مو كېلىدى ـ
غان مېۋىلىك باغنى تىكلەپ قويدۇم. بالا چاغلىرىمدىن باشلاپ ئويۇن ـ
كۈلكىگە ئۆگىنىپ قالغاچقا ئۇنىمۇ قولدىن بەرمىدىم. «قاتاردىن قالغۇچە
خاتادىن قال» دەپتىكەن كونىلار، پۇرسەت بولسىلا يىراق ـ يېقىنغا قا ـ
رىماي، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي سورۇنلارغا قاتنىشىپ، چاقچاق دېگەننى
قىلىپ تۇردۇق. ئەمگەك بىلەن بەدەن ياشارسا، كۈلكە بىلەن كۆڭۈل يا ـ
شىرىدىغان گەپكەن، سۆزلەپ بەر دېسىڭىز سۆزلەپ بېرەي، بىراق گەپنى

نەدىن، قانداق باشلىسام بولار.

— پادا باققان، موزايلارنىڭ بويىنىغا «گالىستۇك» تاقىغان چاغلاردىن باشلىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ها ـ ها ... سالى دېگەن جۇۋاينىمەكتىن ئاڭلاپسىزدە ـ ھە! شۇ، بالىلىق چاغلاردىكى ئىشلار بولمامدۇ. مەن، سالى، كامىل ئۈچىمىز مەھەللىنىڭ پادىسىنى باقاتتۇق. بىزنىڭ ئەترەتتىكى پادىلاردا كالا ـ قويلاردىن كۆرە، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان مادا ئېشەكلەر كۆپ. رەك بولغاچقىمۇ «تەخەي» دېگەن لەقەم شۇ مەزگىلدە سىڭىپ قالغان. پادا باقاندىكى ئىشلارمۇ قىزىق. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ پادىسىنى نومۇرغا، كادىرلارنىڭكىنى پۇلغا ھېسابلاپ باقىدىغان. كالىنىڭ تۇياق بېشى بىر سوم، قوينىڭ ئەللىك تىيىن ئىدى، ئۇ زامانلاردا «مۇھەببەت» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىسەكمۇ خىيالىمىزدا ئۆزىمىز ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزلىرىمىز بولاتتى. «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دەپ موزايلىرىنىڭ بويىنىغا «مۇھەببەت» نىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قولياغلىق ياكى قىزىل پەرەڭدىن پۈرۈچ دېگەندەك نەرسىلەرنى باغلاپ قوياتتۇق. ئەتىگەندە ھويلىسىغا كىرىپ ئېغىلدىن كالىسىنى يېشىپ چىقساق، كەچتە ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرەتتۇق. ئاي توشقاندا پۇل بەرسە ئالماي تۇرۇۋالىدىغان، رامزان ئايلىرىدا باشقىلارنىڭ كالا ـ قويلىرىنى كۈنپېتىشتىن بۇرۇن يولغا سېلىۋەتسەك ياخشى كۆرگەن قىزلىرىمىزنىڭ ماللىرىنى نامازشامغا تاقاپ ئاپىرىپ، ئەتەي ئېپتارلاپ كېتىدىغان. بىر كۈنى ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدە بىرىمىزنىڭ ئىشى پاش بولۇپ قېلىپ، نېرى ـ بېرى ئىشلار بولغانمۇ، قىزنىڭ ئاكىسى تەرىپىدىن چىچقۇدەك تاياق يېگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان ... ئەمدى ئويلىسام شۇ چاغلاردىكى قىلىقلىرىمىز خىيالغا، تەسەۋۋۇرغا باي بالىلىقتىكى تۇرمۇشىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن ئىنتايىن ساددا، پەردازلانمىغان لەتىپە ـ چاقچاقلىرىكەن.

خەيرىيەت، چوڭ بولدۇق، قاتارغا قېتىلدۇق، ئۈگىسى قاتمىغان لەتىپە ـ چاقچاقلىرىمىز ئۆزىمىز بىلەن تەڭلا قاتارغا قېتىلدى. نەگە بارمايلى بارىمىزنى داستىخانغا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا تۆكتۇق. ھازىر-

غىچە قانچە ـ قانچە سورۇنلارنى ئاۋات قىلدىم، قانچىلىغان مىسكىن كۆ-
ڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىدىم، بۇنىسىنى بىلمەيمەن. ياراتقان ئىگەم
تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقى، ھاياتنىڭ پەيزى، جاھاننىڭ گۈزەللىكىنى كۈلكە
سورۇنلىرىدىن تېپىۋالسۇن دەپ زوۋۇلامنى چاقچاقتىن ئۇزۇپ قويۇپتى-
كەن. نە ـ نەلەرگە بېرىپ چاقچاق قىلدىم. يېرىم ئەر ئۆمرۈم مۇشۇ ئوقەت
بىلەن ئۆتتى. بارمىغان يېرىم ئاز قالدى، ئابرال ئېتىكىدىكى يېزىلاردا،
جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرىدا، يىراق تەكلىماكان بويلىرىدا، قىزىلتاغ ئې-
تەكلىرىدە ئاياغ ئىزلىرىم قالدى. يېزىلىقلارنىڭ ئاددىي، سەرەمجان بېزەل-
گەن ھۇجرىلىرى، شەھەر بايۋەچچىلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرى، ئە-
مەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ قەسىرلىرىدە، رەستىلەردىكى زامانغا لايىق ئاراm-
گاھلاردا قايىنىغان تويلارنى، ئولتۇرۇشلارنى قىزىتتىم. مىڭلىغان كۆڭۈل
ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ، داغدۇغىلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنىڭ، باھار ئاي-
لىرىدىكى مەشرەپلەرنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكلىرىنىڭ ئەزىز
مېھمىنى سۈپىتىدە قاتناشتىم. ئۇ يەرلەردە بولۇنغان گەپلەر، قىلىنغان
چاقچاقلار شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە قالغان بولسىمۇ جەمئىيەتتە يەنە نۇرغۇن
چاقچاقلىرىم لەتىپە شەكلىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. بۇ چاق-
چاقلار مېنى كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىش ـ چاۋاكلىرىغا، كۆڭۈل ئور-
نىدا دەستە ـ دەستە گۈللىرىگە ئورىغان بولدى. شۇلارنى ئويلىسام كېچە ـ
كېچىلەپ ماڭغان يوللىرىمغا، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە
پۇشايمان قىلمايمەن. مۇشۇ يېشىمغىچە خەلقىمگە تۇزۇكرەك بىرەر ئىش
قىلىپ بېرىش قولۇمدىن كەلمىگەن بولسىمۇ، كۈلكىدىن ئىبارەت بۇ شە-
كىل بىلەن ئۇلارغا ئاز ـ تولا كۆڭۈل خۇشلۇقى ئېلىپ كېلەلىگەنلىكىمنى
ئويلىسام ئۆزۈمنى خېلىلا تەلەيلىكلەردىن ھېس قىلىمەن. ئاشۇ ئىشلى-
رىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۇگۈنگە كەلگەندە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە
نان تېپىپ يېيىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشتىم. بەزى يېقىن ـ يورۇقلىرىم
مەندىن: «كادىر بولساڭ قانداق بولىدىكەن، دېھقان ۋاقتىڭ قانداق بولىدى-
كەن؟» دەپ سوراپ قالىدۇ. «قانداق بولاتتى» دەيمەن ئۇلارغا كادىرلىقنىڭ
راھىتىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئىلگىرى كۈن بويى ئېتىزدا ئىشلەپ سۇ تو-

تۆپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلسەك باللار دۈمبىمىزگە مىنىۋېلىپ ئۆتكە تايتاك> قىلىپ ئويناپدىغان، يەنە تېخى خوتۇن دېگەن جۇۋايىك: >تو- نۇرغا ئوت سال، نان ياقىمەن> دەپ تۇراتتى. ئوت سالاتتۇق، مانا ئەمدى كادىر بولۇپ سەنئەت ئۆمەكتە بىلىمىزنى سىلاپ يۈرىمىز، ئۆيگە كېلى- مەن، تەييارنى يەپ چىقىپ كېتىمەن، خوتۇننىڭ چىرايىمۇ، مۇئامىلىسى- مۇ باشقىچە، ئىلگىرىكى قوپاللىقلىرىمۇ يوق، باللار يېنىمغا ئولاشسا < داداڭلارنى ئارامىدا قويۇڭلار، ئىدارىدە ئىشلەپ چارچاپ كەتتى، خىز- مىتىگە تەسىر يېتىدۇ> دەپ تۇرىدۇ.»

چاقچاق ـــ ئالدىن رەپتىس قىلىۋېلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىدى- غان باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە ئوخشاشمىغاچقا سەنئەت ئۆمەكتە مۇقىم ئىش تەقسىماتى يوق. ئۆمەك تەرىپىدىن سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە ياكى سىرتلارغا ئويۇن كۆرسەتكىلى چىقساق بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن كولدۇرگە نومۇرلىرىنى تېنىمەي ـ تەمتىرىمەي، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېلىپ چىقىۋېرىمىز، شۇنداق بولغاچقىمۇ تەشكىل بىزگە باش- قىلارغا قارىغاندا تەشكىلىي تۈزۈم، خىزمەت ئىشلەش ۋەزىپىسى دېگەندەك ئىشلاردا ئانچە قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەتمەيدۇ. قىزىق يېرى، باشقىلار كوندۇزى ئىشلەيدۇ. بىز ئاساسەن كېچىسى ئىشلەيمىز. شەنبە ـ يەكشەن- بە، ھېيت ـ بايرام دېمەيمىز. يۇقىرىدىن كەلگەن قايسىبىر ئەمەلدار، يىراقتىن كەلگەن قايسىبىر مېھمانلار شەرىپىگە بېرىلگەن چاي ياكى ئولتۇرۇشلاردا بىر تېلېفون بىلەنلا تەييار بولىمىز ـ دە، ئەلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى كۆرسىتىمىز. بەزىدە «خىزمىتىد- مىز» كېچىدىن كوندۇزگە، سوتكىدىن سوتكىغا ئۇلىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. سورۇندىن سورۇنغا يۆتكىلىپ چاقچاق قىلىش ئادەتتىكى ئىش، كونىگە مىڭ ياخرا ئادەم ئىزدەپ كېلىۋاتقان، بارماي دېسەڭ كۆڭۈل ئىشى، ئوتتۇز يىلغا يېقىن «كۆڭۈل» ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كەپتىمەن. ئۆيقۇسىز ئۆتكەن تۈنلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ چارچاپمۇ كەتتىم. سىزگە پايدىلىق بىرەر دورىنى نورمىدىن ئارتۇق ئىس- تېمال قىلىۋەتسىڭىز ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، ئايىغى

چىقماس ئۇلتۇرۇش، ئۇنىڭدىكى قىزىق كۆلكە ـ چاقچاقلار ھەرقانچە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئېلىپ كەلدى دېگەنىدىمۇ، ئاخىر بېرىپ قوشتىن چىققان ئۆكۈزگە ئوخشاش ھالىڭىزدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ. كىم بىلىدۇ، چارچاش تۈپەيلى كاللام بىلەن بەدىنىمدە قانچىلىغان كېسەل ئالامەتلىرى غەلىيان كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى ئاڭلاشنى، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. سالىمۇ ماڭا ئوخشاش كېچىلەپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ ئۆزىگە بىرنەچچە كېسەلنى يادنامە قىلىۋالدى، مەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— ماھىرە كوتۇلداپ يۈرمەيۋاتقاندۇ ـ ھە، «ئەجەب تويدۇم بۇ خەقنىڭ كېچىسى ئۆيدە تۇرمايدىغىنىدىن» دەپ، پەلەن ـ شەتەن دېسە بىزنىڭ ئۆيگىلا يېنىپ كەل، باققۇچىلىكىمىز بار، — دەپ چاقچاق قىلىپ قويىمەن.

— ئەجەب شۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتمىدىڭ، — دەپ كۈلۈپ قويىدۇ ئۇ، — رەھمەتلىك ئايالىم كۆڭلى ياخشى خوتۇن ئىدى، ھەر نېمە دېگەندىن ئىككى بالام بىلەن بىر پارچە لەتىپىنى تەۋەررۇك قىلىپ كەتتى.

— شۇنداق ئىشلارمۇ بارمۇ تېخى؟ — سورىدىم مەن.

— بۇ ئىشلارغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. سالىنىڭ تۇنجى ئايالى ئارزۇگۈلگە يېڭى ئۆيلەنگەن چاغلىرى ئىدى. سالى قېينانىسىنىڭ ئۆيىدە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر كۈنى كۈنەستىن ئارزۇگۈلنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۈيئوغۇلنىڭ يۈزىنى كۆرىمىز دەپ ئالايىتەن كۆڭۈل ساناپ كەپتۇ. قارىسام سالى ئەتىگەندە بازارغا ئالدىراش مېڭىپتۇ. «نەگە ماڭدىڭلا غوجا نەسرىدىن؟» دېسەم «مېھمان كېلىۋېدى، گۆشكە ماڭدىم» دەيدۇ. «گۆش دېگەننى كەچقۇرۇن ئالساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن، يۈرۈڭلار شاققىدە شەھەرگە كىرىپ چىقايلى، ھايال قالماي يېنىپ چىقىمىز، يا بولمىسا گۆشنى شەھەردىنلا ئېلىپ چىقارسەن» دېۋىدىم، گەپ قىلمايلا ماڭدى، شەھەرگە كىرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. چاقچاق سورۇنىدىكى كەيپىمىز بىلەن «يارىم خۇمارلىق» قا غىڭشىپ بىزنىڭمۇ يېنىپ چىقىشىمىز ئارزۇگۈل رەھمەتلىكنىڭ تۇغقانلىرىنى ئۇزىتىپ بېكەتكە بىللە چىقىشىغا توغرا كېلىپ قالدى. ئارزۇگۈل بىزنى كۆرۈپ جان ئىمانى چىقتى «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تەگكەن دىۋانىلەر» دەپ تىل سالدى. سالىمۇ قد-

ـزىق «بىر ئىت چىغىدا يوقاپ كەتسە ئىگىسى ئۇنىڭ دېيىشكىنىنى قىلىپتۇ، تاغدەك بىر ئادەم ئۈچ كۈن يوقاپ كەتسە ئىزدەپمۇ قويمىغان» ئۆپ ئۆرۈ-گۈلدىن يامان غالۋارىغىلى تۇردى. كەچتە ئۆيدە ياتسام دەرۋازىنى بىرى قا-قىدۇ. چىقسام سالى «نېمە گەپ؟» دېسەم «قوي ئاداش، خوتۇن كىشى دېگىنىڭ راستىنلا شېرىن دۈشمەنكەن، تىللاپ ئارامىمنى قويمىدى. ئۆيدىن يېنىپ چىقتىم. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ قاياشى بولغاندىن كېيىن مەن يا-مانلىسام سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارسام، سەن يامانلىساڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسەڭ» دەيدۇ. ئايالىم: «تالادا قالغان ئادەم يوق، ئۆيدە يېتىڭ، بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى» دەپ ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئەتىسى سالى ئورنىدىن قامچىسىغا تۇ-كۈرۈپلا قوپۇپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ئايالىمنىڭ جۇدۇنى تۇتتى.

— نەگە؟

— ئۆيگە.

— ئۇلتۇرۇڭ، — دېدى ئايالىم، — سىز دېگەن يامانلاپ كەلگەن ئادەم، نەگە باراتتىڭىز، تۆت خوتۇن چىرايلىق كەلسە قوشۇپ قويىمىز، بولمىسا باققۇچىلىكىمىز بار.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم. قەلەم تۇت-قان قولۇم لەززەتلىك بىر چايقىلىش بىلەن ئىزىدىن چىقىپ خەتلىرىم قاغا پۇتى بولۇپ كەتتى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، شۇ تاپتا سىزمۇ لەتىپە-نىڭ قويۇق كومېدىيىلىك تۈس ئالغان ئاخىرقى يېشىمىنى ئاڭلىغان چېغىڭىزدا ۋۇجۇدىڭىز تاتلىقىنە سىلكىنىشتىن ئاشۇنداق تۈيغۇغا كەلگەندۇ ـ ھە، چوقۇم شۇنداق بولدى. كۈلۈۋېلىڭ، يىغانىڭىز ئۆرلەپ تۇرغاندا قېنىپقىنە كۈلۈۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر غەنىيمەت.

خەيرىيەت، سىلەر كۈلگەچ تۇرۇڭلار، ئەمدى باشقىلارنىڭ چاقچاق-چىمىز خۇسۇسىدىكى كۆزقارىشى قانداق، بۇنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى:

— لەتى ئىمىن ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ئىچىدىكى بىر گۈل، — دەيدۇ سادىر يۇرتىدىن چىققان يەنە بىر چاقچاقچى پەرھات (ختاي) مۇ-ئەللىپكە، — باشقىلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئىڭگىلەپ چۈشسە، مەن ئۇنى كۈلۈپ چۈشكەندەكلا ھېس قىلىمەن. نۇرغۇن چاقچاق سورۇنلىرىدا

ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدۇم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، ئۇنىڭ ئىنكاسى ئاجايىپ تېز، زېھنى ئۆتكۈر، كۆزى ئىتتىك، ئوخشىتىش، مۇبالىغە قىلىشلىرى جايىدا، ئۇ توقۇغان لەتىپىلەر تۇرمۇشقا يېقىن، كىشىگە سىڭىشلىق، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يەنە قايتا ئاڭلىغۇسى، ھۇزۇرلانغۇسى كېلىدۇ، روزنەمەتيۇزىدىكى مەلۇم بىر سورۇندا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بىر مېھمان ئۇنىڭ چاقچىقىغا كۈلمەن دەپ، كەيپچىلىكتە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويۇپ، موللاق ئېتىپ داستىخانغا تەتۈر بولۇپ قالغان. بىر قېتىم مەنمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ قويۇپ خېيىمنى تەتۈر قىلىپ قويىدى. ھېسامكام ئۇسلۇبىدىكى «دارىتما» چاقچاق سورۇنلاردا پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى. ئىككىمىز باشتا چاچما چاقچاق قىلىشتۇق. چاچما چاقچاقتا كۆزۈم يەتمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ «تەخەي» دېگەن لەقىمىگە «ئەخمەق» سۆزىنى باغلاپ تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتۇم، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇسۇلۇم كارغا كەلمىدى، ئۇ مېنىڭ لەقىمىمدىن چاڭ چىقىرىۋەتتى.

مەن: يۇڭنىڭ باھاسى ئۆرلىسە قۇيرۇقىدىن تەپكۈچ ياساپ كىچىك بالىلارغا ساتىدىغان ئەخمەق.

لەتى: ئۆچكە تېرىسىدىن چاپان كىيىۋېلىپ دۈمبىسىگە «ئادىداس» دەپ يېزىۋالىدىغان ئەخمەق.

مەن: تېزىكىنى پۇراپ قويۇپ نېشە چەكتىم دەۋالىدىغان ئەخمەق.

لەتى: لازىنى كۆپ يەۋېلىپ ئۇبۇرنىغا چىچاڭشىپ كىرىپ كېتىدىغان ئەخمەق.

مەن: جەمەتىنى ئۇچراتسا جاڭگاللىقتا قونۇپ قالىدىغان ئەخمەق.

لەتى: تۆت تاز بىلەن بىر ئىشخانىغا كىرىۋېلىپ «شىركەت» ئاچتىم دەۋالىدىغان ئەخمەق.

مەن: تاقىسى شاراقشىپ كەتسە پۇتىغا توپلەي كىيىۋالدىم دەيدىغان ئەخمەق.

لەتى: سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، پۇتىغا لاتا خەي كىيىۋېلىپ سورۇنلارغا تۇيدۇرماي كىرىۋالىدىغان ئەخمەق. يەپ ـ ئىچىشنىڭ گېپى چىقسا ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان ئەخمەق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

— سىلەرنى كۆرسەم كۆڭلۈم يورۇپلا قالىدۇ، — دەيدۇ بىرچە ئۆمۈر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن ئىشلەپ چىچى ئاقارغان ئاتاقلىق كومپوزىتورلار، مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى غىياسىدىن بارات ئۇرۇمچىگە سورۇن قىزىتقۇلى بېرىپ ئۆزىنى ئالايىتەن يوقلاپ كەلگەن لەتى بىلەن سالىلارغا، — يېتىقتا ياتقاندىن بېرى نۇرغۇن ئىشلار خىيالىمدىن كەچتى، خىيال باسقانسېرى غېرىبسىنىپ كېتىمەن، شۇنداق چاغلاردا قايسىبىر سورۇندا ئېلىنىپ قالغان ئۇنئالغۇ لېنتالىرىنى ئاڭلايمەن، ئۇنىڭدىكى قىزىق كۈلكە-چاقچاقلار مېنى ئابرال ئېتەكلىرىگە، قاش، ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى توقايلىقلارغا، جىلىلىيۈزى، تۇرپانيۈزىلەردىكى پاشالىق باغ، ناسىر پاڭنىڭ باغلىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ، مەن ئۇ يەرلەردە چاقچىقىڭلارنى كۆپ ئاڭلىغان، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن تالاي-تالاي مەست بولغان. مېنىڭ سىلەرگە بەكلا مەستلىكىم كېلىدۇ، ھېسام قۇربانىنىڭ سىلەرگە ئوخشاش ئىز باسارلىرى بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن، خۇدايىم تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ساقلىسۇن، ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار، چاقچاقىنىمۇ قىلىڭلار، دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار، نورمال ئۇيقۇ، مۇۋاپىق دەم ئېلىش بولمىسا ئادەمنى ئاسانلا كاردىن چىقىرىپ قويىدۇ، سىلەر ئاللىقاچان ئۆزۈڭلاردىن ھالقىپ جەمئىيەتكە تەۋە بولۇپ بولغان ئادەملەر، سىلەردەك ئىچى-تېشى باھار كىشىلىرىمىز بىزگە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا يەنە داۋاملىق لازىم.

# لەتى ئىمىن چاقچاقلىرى

## مەنمۇ بىر چېلىپ باقاي دېگەن

كۈنىگە دېگۈدەك چاي-ئولتۇرۇشلارغا بېرىۋەرسەڭ ھاردۇق يېتىپ

قالىدىكەن، بىر كۇنى ئايالىمغا: «مېنى بىرى چاقىرىپ كەلسە يوق دەپ قويغىنە، ئوبدان بىر ئارام ئېلىۋالاي» دەپ تۇرۇشۇمغا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان غىلمان دېگەن ئاغىنەم يىراقتىن كەلگەن مېھمانىنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن چايغا چاقىرىپ كەپتۇ. بارماي دېسەم تېخى، باراي دېسەم ...

— بارمىساڭ قەتئىي بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى غىلمان.

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ قىزىق:

— ئەجەب گەپ قىلىدىكەنسىلەر غىلمان، — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇنىڭغا، — لەتىنى كۇندە سىلەردەكلەر ئەكېتىپ ئۆيدە توختاتمايدىغان بولدى، بۇگۇنچە رەنجىمىسىڭىز، بازاردىن يېڭى تار ئېلىپ كېلىۋىدىم، ئۆزۈم بىر چېلىپ باقاي دېگەن.

## كىچىك بالىلاردىن بىرسى قالدى

ئىككىنچى ئوغلۇم كۇيتۇنگە ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا مومىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— جېنىم بالام، ياخشى - يامان يوللارغا مېڭىپ قالما، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، كەيىپ - ساپادىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت. ياخشى ئوقۇپ ئوبدان ئادەملەردىن بول، — دەپ تۇرۇشىغا، كەنجى ئوغلۇم:

— موما ۋۇي، بىزدىن ئەنسىرىمىگىنە، — دېدى كۆزىنىڭ قىرىدا مېنى شەرەت قىلىپ قويۇپ، — بىزنىڭ ئۆيدە كىچىك بالىلاردىن بىرسىلا قالدى.

## «گۇلمەرەم» گە ئۇسسۇل ئويناش

بىر قىشلىقى لەتى ئۆگزىدە قار تازىلاۋاتاتتى. قولىدا ساپايى تۇتۇۋالغان بىر دىۋانە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ «گۇلمەرەم» گە توۋلىغىلى تۇردى.

— بۇ قانداق سەدىقە تىلەش تەقسىر؟ — دەپ سورىدى لەتى دىۋانىدىن.

www.uyghurkitap.com

دىن.

— قانداق دەيلا؟

— قانداق بولاتتى، شۇ تاپتا سىلىگە نان ئەچىقىپ بېرىدىغان جوتۇن ئۆيدە تۇرۇپ ئۇسسۇلغا تەگدى.

لەتىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان دىۋانە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

## كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم

ئۈرۈمچىدە يېشى يەتمىشتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ ياشلىقتىكى تەمەيدىن قالمىغان مەريەمخان دەپ بىر ئايال بار. ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ قويىدۇ. بىر ئولتۇرۇشتا كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشۋېدى، دۇتارنى تەكەللۇپ قىلمايلا قولىغا ئالدى «مەريەمخان ئاچام قېرىغان جېنىدا قايسى ناخشىنى ئېيتىپ بېرەر ئەمدى» دەپ تۇرۇشۇمىغا ناخشىنى باشلىۋەتتى:

«كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم،
تاڭلا كەلسەڭ بۇ جىرايىم يوق.»

## پىلىكنى ئۈزۈۋاتىمەن

بىر يىلى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد غۇلجىغا كەلگەندە غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزىدىكى ناسىر پاڭنىڭ بېغىدا چاي قىلىپ بەردى. چايدا لەتى ئالامەت ئېچىلىپ بەردى. ئىسمايىل ئەھمەد خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ھاراق تۇتماقچى بولۇپ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇ ئارىلىقتا قانداق بولغان بىرىنىڭ تاماكا ئوتى ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆرپىگە چۈشۈپ كېتىپ ئىچىدىكى پاختىسى تۇتەپ كۆيۈۋاتقانىنىڭ ئۈستىگىلا ئولتۇرۇپ سالدى - دە، بۇرۇلكىسىنىڭ بىر

پارچە يېرى كۆيۈپ كەتتى. لەتى سورۇنىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئوتنى ئاستا ئۆچۈرۈۋاتاتتى، شۇ ئارىلىقتا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ كۆزى ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە چۈشۈپ قىلىپ سوراپ قالدى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز ئۇكا ھوي، جىددىيلىشىپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى ئۇ چاندۇرماي، — بىرى يېنىڭىزغا بومبا كۆمۈپ قويغانىكەن، پىلىكىنى ئۆزۈۋاتىمەن.

## باغاق

مەيلى شەھەر ياكى يېزىدىن بولسۇن ھازىرغىچە سالى ئىككىمىزنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دەپ قارايدىغان، ئىسمىمىزنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدىغان، ھەتتا ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئادەملەر يەنىلا بار، بىر كۈنى ئۆيگە بىر باغاق كەلدى، قارىسام «ئىسمى» دېگەن يەرگە مۇنداق يېزىپ قويۇپتۇ:

«لەكى ـ سەكىلەرگە تەگسۇن»

## سۇ تۈگمەنگە ئۆگۈت بارماي

بىزنىڭ ئابدۇل دەپ بىر تۇغقىنىمىز بار. ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات جۇمە نامىزىغا بىرگە بېرىپ قالىمەن. ئىمامئاخۇنۇم مەسىلە ـ مەرۇپ قىلسىلا مىچىلداپ يىغلايدۇ ـ دە.

بىر كۈنى چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— نېمە بولدۇڭ ئابدۇلكا ھەي، ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمايدىغان بولدۇڭغۇ.

— قانداق قىلىسەن ئۇكام، باغرىمىز يۇمشاق ئادەم، ئۇ دۇنيانىڭ گېپى چىقسا يىغلاپ سالىدىكەنمىز.

ئابدۇلكامنىڭ چىشىغا تېخىمۇ بەكرەك تەگدىم:

— ئوچۇقىنى دەۋەرسەڭ بولمامدۇ، ھازىر ھەممە يەردە توك تۈگمەن بولۇپ كەتتى، سۇ تۈگمىنىڭگە ئۆگۈت بارماي شۇنىڭغا يىغلايسەن ھەرقا-

چان.

## كۆمۈر چۇشۇرۇۋالغان يىلان

لەتىلەرنىڭ سىغىپ ئىچىۋاتقان ناھايىتى سېمىز بىر سىغىن كالتە-سى بار ئىدى. بىر يىلى 3 ـ ئاي بولمايلا ئۇنىڭ بىر تونۇش مالچىسى كېلىپ: «تاغدا مېنىڭ ئۇنداق ياخشى قىشلىقىم بار، مۇنداق ياخشى قىشلىقىم بار، كالىڭنى ئۆزۈم بېقىپ بېرىمەن» دەپ كالىسىنى تاغقا ئاچىقىپ كەتتى. ئەكېتىپ ھەپتە ئۆتمەيلا تېرىسىنى يانچۇرۇپ كەلدى، بۇ ئىشتىن ھاڭ ـ تاڭ بولغان لەتى مالچىدىن سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— يىلان چېقىۋالدى.

— ئاق قار، كۆك مۇزدا نەنىڭ يىلىنىكەن ئۇ؟

— سەن ئۇقمايسەن، ھازىر يىلان تىرىلدى.

— مۇنداق دە، — دېدى لەتى كۈلۈپ كېتىپ، — قىشتا كۆمۈر چۇشۇرۇۋالغان يىلان بار دېگىنە.

كېيىن بۇ گەپ چارۋىچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ، ھېلىقى نائىنساپ مالچىنى قاتتىق ئاھانەتتە قويدى.

## چىگىردا تۇتۇلدى

كالتە ئىشتان يوق ئىچىمىزگە شارا بارا كىيىدىغان چاغلىرىمىز. مەن، سالى، كامىل ئۈچىمىز «ياشلار ئۆستىڭى» گە بېرىپ پات ـ پات چۆمۈلۈپ كېلەتتۇق. سالى كالامپايراق بولغاچقا ئىشتىنىنى ئېقىتىپ قوياتتى، بىر قېتىم سالى ئۇدا ئۈچ نۆۋەت ئىشتىنىنى ئېقىتىپ قويدى. بۇ ئىش رەھمەتلىك ئايالى ئارزۇگۈلگە ھار كەلگەن چېغى ئىككىسى تازا جەڭگە جېدەل قىلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قاپتىمەن، سالى دەيدۇ: «ئىشتانىنى ئەتەي ئېقىتىۋەتمىدىم» دەپ، ئارزۇگۈل ۋارقىرايدۇ: «باشقىلار-نىڭ ئاقماي سېنىڭلا ئاقامدۇ» دەپ، مەن ئارىدىكى كەيپىياتنى پەسەيـ-تىش، سالىنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھويلىغا توۋلىغان




www.uyghurkitap.com

پېتى كىرىپ كەلدىم:
— سالى ئاداش بولە، چاققان بول.
— نېمە بولدى؟
— خۇش خەۋەر بار، چاپىنىڭنى كىي.
— نېمە خۇش خەۋەر زادى؟ — دەپ چىرايى ئېچىلدى ئارزۇگۈلنىڭ.
— ئىشتان چېگرىدا تۇتۇلۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دانىشمەن ساراڭنىڭ كونا - يېڭى ئىشلىرى

نۆۋەتتە ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنماقچى بولغان قىزىقچىمىزنىڭ نامىشەرد-
پى رېشىت مۇھەممەت. لەقىمى ساراڭ. ئۇ 1957 - يىلى سۇيدۇڭ چىنى-
باغدا تۇغۇلغان. تۇرۇشلۇق ئورنى ئەسلىدىكى قادىر ھاجىنىڭ جاڭزىسى
(ھازىرقى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى)، كەسپى دېھقان. مەدەنىيەت سەۋىيىسى -
ھەي ... ي، مۇشۇ يېرى بىرئاز مۇرەككەپرەك. باغرى يۇمشاق مۇئەللىپمۇ
قىزىقچىمىزنىڭ خۇسۇسىيىتى ئارخىپىغا ياتىدىغان نازۇك نۇقتىغا كەل-
گەندە خېلى دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ساۋاتلىق دېيىلى دېسەك ئوقۇش
تارىخىنىڭ تايىنى يوق، ساۋات-



سىز دېيىلى دېسەك خەت ساۋاتى-
نى ئۆزى چىقىرىۋالغان. كىتاب
ئوقۇيالايدۇ، شېئىر - قوشاق
توقۇيالايدۇ، قاملاشتۇرۇپ رە-
سىم سىزالايدۇ. مۇنداق ئادەمنى
ساۋاتسىز دېگۈچىنىڭ ئەلۋەتتە
تىلى كۆيىدۇ - دە. يەنە تېخى
ئاشۇ قاغا پۇتى خەتلىرى بىلەن
«خەلقئارالىق كېلىشىمنامە»
لەرگە ئىمزا قويۇپ، بىر
چاغلاردا كەنت ئاھالىلەر كومى-
تېتىدا ھوقۇق تۇتقان، «ئە-

مەلدار» بولغان يەرلىرىمۇ بار. بۇنى بىز ماقالىمىزنىڭ مۇۋاپىق تاپقان جايلىرىدا سۆزلەپ بېرىمىز.

سۇيدۇڭلۇكلەر ئۇنى رېشىت سارالى دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇمۇ بۇنى كوممۇنانىڭ قوشقا ئۆگەنگەن ئۆكۈزىدەك ئانچە ئېغىر ئېلىپ-مۇ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ جاھان سارىڭىمۇ، جەمئىيەت سارىڭىمۇ، خوتۇن سارىڭىمۇ ... بۇ تەرىپىنى بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. ئىشقىلىپ «ساراڭ». قارىسىڭىز گەپ - سۆزى، ئىش - ھەرىكىتى، قىلىقلىرىغىچە «ساراڭ» غا، بىر تاسقام كىشىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا، پارىڭىنى ئاڭلاشقا ئامراق.

— رېشىتكا، سائىتىڭگە قارىسىڭا، نەچچە بولدىكىن؟

— بىردىن ئاتمىش مىنۇت ئۆتۈپتۇ.

— رېشىتكا كۆرۈنمەيسەنغۇ؟

— شەنبە - يەكشەنبە دەم ئالدۇق، باشقا كۈنلىرى بىكار.

— رېشىتكا، قورساق خويمۇ ئاچتى، ھەدىمىز ئۆيدە نېمە ئېتىۋاتىدىغاندۇ؟

— بىر بولسا ئۈزۈپ تاشلاپ مانتا ئېتىۋاتىدۇ، بىر بولسا گاڭپەنگە خېمىر يۇغۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرى مانا شۇنداق تاققا - تۇققا، ئاشۇ يەكپاي پاراڭلىرى بىلەن سىز ۋە بىزگە ئاتا قىلىدىغىنى ساپ ھەم ساغلام كۈلكە. ئۇنىڭ گەپلىرىگە باشقىلارغا قارىغاندا ھېسام قۇربان بەكرەك ئامراق. ئاغزىنى كالچايتىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ كۈلگەندە چىرايىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار بىر ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. ھېسامكام باشقىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئىسمىنى قوپال، كەمسىتىپ ئاتىماي، بېشىغا «ئابدۇ» سىنى قوشۇپ تولىمۇ سىلىق، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

— ئەمدى كۆپچىلىك، — دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ ئۇ سورۇنلاردا، — سۇيدۇڭدىن ئابدۇرېشىت ئىنىمىز داستىخىنىمىزغا داخىل بولۇپ قاپتۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ يەكپاي پاراڭلىرىدىن ئاڭلىساق قانداق دەيسىلەر؟

چاۋاكلار ئايىماي چېلىنىدۇ. ھەممىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەز-لىشىدۇ. قىسقا، قىزغىن چاۋاكتىن كېيىن سورۇن كەيپىياتى باشقىچە جانلىنىدۇ. قىزىقچىمىز چىرايىغا باشقىچە ئىپادە بەرمەي ئىلگىرى بول-غان ياكى بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتقاندەك شۇنداق تەبىئىي سۆزلەيدۇ.

— قارىساق، بىرمۇنچە بوغداينى ئوگوت ئېتىپ قويۇپتۇ، — دېگەن-دەك گەپلەر بىلەن قاپ بەلدىن باشلايدۇ ئۇ يەكپاي پاراڭلىرىنى، — تۇگ-مەنگە ئاپىرىمەن دەيدۇ، ئۇ يەرگە بارغان بىلەن ئېتىمىزدا قونىقى بارمۇ، يوق؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ كۆرۈپ، موزىيىنى بولسىمۇ سويۇپ سېتىپ، ئانىسىغا ھالقا، دادىسىغا موخوركا خالتىسى ئېلىپ بېرەمسەن، نىمە قىلساڭ قىل دېدىم. مەن باشتىلا دېگەن، خوتۇن كىشى دېگەن بىلىمسىز كېلىدۇ، يوتقان شېرىيمەن دەپ بىر غېرىچ يىڭنىنى قولىغا سانجىۋالىدى-غانلار كۆپ دەپ. بەشىنچى قەۋەتكە چىقتىم، چىقسام بىر موماي زا تاسقاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر تەشتەك گۈلنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ساقچىنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي. ئۇنى دېدۇق، بۇنى دې-دۇق، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر بولماي خوتۇن ئالماشتۇرۇپ باقاي قېنى، يە-نىلا مېنىڭكى ئاستا بولسا ئورنىغا باشقا ئاتنى سالارمىز دەپ قارىساق، ئارانلا ئۈچكە كىرگەن بالىكەن. خامانغا ئوت قويۇۋەتكىنى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس - دە. بېنزىن چېچىۋىدۇق، لاپلا قىلىپ ئوت ئۆچتى. تۇرە تۇر، تۇرە تۇر، ساقىلىغا مازغاپ سۈركىۋېلىپ رېستوراندا خاتىرجەم تاناسىغا تېگىپتۇ. يا ئۈچلۈك ئارىدا ئالغان بىلەن قولىغا تۈزۈككىنە چىقمىغان، تاشلاۋاتىمىز توشمايدۇ، تاشلاۋاتىمىز توشمايدۇ. ئاخىرى بولماي ئۇنىڭغا: «ساڭا بۇنى جىڭلاپلا ئۆتكۈزەيلى، سېسىقلىرى بولسا ئىلغىۋېتەرسەن» دېگەن يەرگىمۇ كەلدۇق. شۇ ئەمەسمۇ، بىر بالا بولغاندىكىن زەنجىرنى ئۈزۈپ نەگە باراتتى. بۆرە ئىت، قازاق ئىتى دەيسەن، ھېچقايسىسى ئەس-مەتخانىنىڭ ئاپشاركىلىرىغا يەتمەيدۇ - دە ...

«دونكىخوت دەۋرىنىڭ ساراڭغا بولغان ئېچىرقىشىدىن كېلىپ چىق-

قان ساراڭ»[1] رىشىت ساراڭ بولسا مۇھىت كىرىزىسىنىڭ ئاچچىق ـ
ئاچچىق تولغىقىدىن تۇغۇلغان ساراڭ.

تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان تەبىئەت ئەسلىي
بويسۇندۇرۇشقا ئەمەس، ياردەمگە، قوغداشقا موھتاج ئىدى. بىز ئۇنىڭغا
كۆپ ئازار بەردۇق. «بويسۇندۇرۇش» دىن ئىبارەت ساختا دەستەكنى كۆ-
تۈرۈپ چىقىپ باغلارنى، تاغلارنى، چىمەنلەرنى، گۈل ـ گىياھلارنى بۇز-
دۇق، ئوت قويۇپ كۆيدۈردۇق. باھار ئاپتىپىدا تاۋلىنىپ، دالا ـ قىرلارغا
زىننەت بېغىشلىغان قىياقلار كۆزلىرىمىزگە دۈشمەن بولۇپ كۆرۈندى.
نەپسى ـ خاھىشىمىز ئۈچۈن ھەممىنى بۇزۇشقا، ۋەيران قىلىشقا چىدى-
دۇق: بۇزغان، بۇلغىغانلىرىمىز چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكە تەبىئەت ياذ-
دۇرۇپ ئۆچ ئېلىشقا، ئوت ئاپتى، سۇ ئاپتى، قۇم ـ بوران ئاپتى، يەر
تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، ۋابا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە ئوخشاش ئاپەتلەر
ئارقىلىق ئۆچ ئېلىشقا ئۆتتى. زېمىنىنىڭ بىغۇبار بېتىگە ئايىماي ـ ئايد-
ماي چاچقان نىجاسەتلىرىمىزنى تەبىئەت ئاشلىقنىڭ، مېۋە ـ چېۋىنىڭ،
كۆكتاتنىڭ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ... ئىشقىلىپ ئىنسان ئىستېمال قى-
لىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ شەكلىدە ئاغزىمىزغا ئاتتى. ئاقىۋەت قانداق
بولدى؟ ئەقلىمىز، روھىمىز بۇلغاندى، نېرىپلىرىمىز كونتروللۇقىنى
يوقاتتى. نېمە قىلىپ، نېمە دەۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيدىغان ئالىجوقا ـ
ساراڭغا ئايلاندۇق. ئېرىشكىنىمىز تەنھالىق، چۆلنىڭ بوران قۇتراپ تۇر-
غان باياۋانى بولدى. «بارلىق زېھنىي كۈچىمىز ۋە قەلبىمىزنى ماددىي
پايدا ئېلىشقا ئاتىۋېتىپ، ٓتاقابىل تۇرۇش تەس بولغان يالغۇزلۇقنى قۇ-
چاقلاپ قالدۇق. ماھىيەتتە بىز ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى
ماسلىشىشچانلىقنى، يەنى مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئە-
زەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ماس ھالىتىنى يوقىتىپ قويدۇق.»[2]

ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالىساقلا ھەقىقەتكە يېقىنلىشالايمىز. رى-
شىت ساراڭ بىزگە مۇھىتنىڭ چالغىتىشى بىلەن بۇلغانغان زامانىمىز

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن.

② ئالېكساندىر سولژېنستىن. روسىيە پەيلاسوپى.

كىشىلىرىنىڭ روھىي ئالەمىدىكى ئالجىشنى يەكىپاي ھەرىكەتتە يەكىپاي پاراڭلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلاپ بەردى. ئۇنىڭ ئالجىشى بىزنىڭ ئالجىشىمىز، ئۇنىڭ مۇڭى بىزنىڭ مۇڭىمىز، ئۇنىڭ تەنھالىقى بىزنىڭ تەنھالىقىمىز ئىدى. بەزىدە تەنھالىق دېگەن بۇ نەرسىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بېسىم ئاستىدا زور ئېنېرگىيىلىك كۆچكە ئىگە ماگمىغا ئايلىنىپ ئىنسان قەلبىدىن غەيرىي نورمال ھالەتتە ئېتىلىپ چىقىدۇ. بىز بۇ خىل غەيرىي نورمال ھالەتنى «ئالجىش» دەپ چۈشەنسەكمۇ ياكى دانىشمەنلىكنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىدە قارار تېپىشى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىۋېرىدۇ.

شۇ چاغدىكى تەنھالىق باشقىلارنىڭ ئەمەس، دەل بىزنىڭ رېشىت سارائىنىڭ قەلبىدىن «ئون ئۈچىنچى مۇقام» شەكلىدە پارتلاپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاھاڭى كلاسسىك مۇزىكىمىز «ئون ئىككى مۇقام» دىكى «ناۋا» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمە ئاھاڭى. تېكىستى بولسا خەلقنىڭ شۇ ماكان، شۇ زاماندىكى قەلب ساداسى ئىدى. كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بۇ «مۇقام» سۇيدۇڭنىڭ تاشبۇلاق بىنەملىكىنىڭ يۈلتۈزلار كۆلۈپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلىرىنى باشقىچە لەرزىگە سالاتتى. ئورما ئوروپ، خامان تېپىپ، بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن چارچىغان جانلار بۇ «مۇقام» نىڭ قويۇق ھەجۋىي پۇراپ تۇرغان مۇڭلىرىغا چۆمۈلەتتى:

يېتىشىمىز ئايدالا، يېيىشىمىز جۆۋەندە بىلەن زاغرا،
ئىچىشىمىز قايناق سۇ، ئېلىشىمىزدىن بېرىشىمىز تولا.
يېتىشىمىز قاتتىق يەر، زادى ئېغىر ئالمىدۇق،
داغ سۇ ئىچسەكمۇ كۆندە، پەقەت تۇزسىز قالمىدۇق.
ئىشلەۋېرىپ گۆش - پۇڭغا، ئىچىمىز توشتى لىق مۇڭغا،
تاپقىنىمىز كېتەتتى، چاي - تۇز بىلەن ئوتۇنغا.
ئۇۋال بولدىغۇ ئۆيدە، بالىلار بىلەن خوتۇنغا،
يار دەردىڭ، بۇ شۇنداق ئالەم ...

ناخشىنىڭ ياڭراق ئاۋازى سەراتان ئايلىرىنىڭ ئىسسىق، نەمخۇش تاغ سەلكىنىدە تۆگە ئۆركىشىدەك ئېدىرلاردىن بىمالال ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. شۇ ئارىدا تۇن پەردىسى ئاستىدىكى بىنەملىكنىڭ قايسىبىر يەرلىرىدىن كىملەرنىڭدۇر:

— ياشاپ كەت ساراڭ، ھە ئەمدى مەرغۇللىرىدىن، — دەپ توۋلايتتى. قىزىقچىمىز كەينىدىن ئۇلاپلا «مەرغول» نى باشلىۋېتەتتى:

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
موزاي مىنسەممۇ ئوينايمەن.
سېنىڭ پەيلىڭ مۇشۇ بولسا،
ئاھ جېنىم،
تاڭ ئاتقۇچە توۋلايمەن،
زۇۋانىمنى يىغمايمەن.

— ئەمدى زۇۋانىڭنى يىغمىساڭ، — دەپ ۋارقىرايتتى ئەترەت باشلىقلىرى ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن ئۆتەر تېكىستى بەكرەك «سېرىق» لىشىپ كېتىۋاتقان «مۇقامى» دىن ئەنسىرەپ، — بىزگىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ بالا تېرىپ بېرىسەن بىكار، مۇشۇنداق توۋلاۋېرىپ بىراقلا «جىن - شاياتۇن» لار ئارىسىغا كېتىپ قالما يەنە.

— كەتسەكمۇ كېتىۋېرىمىزلا، — دەيتتى ئۇ يەنىلا گەپنى چاقچاققا بۇراپ، — بىز كەچمىگەن قايسى كېچىكلەر قالدى دەيسەن. ھەرقانچە بارساق ئۆزىمىزنىڭ مىرەكەلىرىنىڭ[1] يېنىغا بارىدىكەنمىزغۇ!

ھەر يىلى بىنەم ئورمىسى باشلىنىش ئالدىدا سۇرى ھەيۋەت ئەترەت باشلىقلىرى قولىدا ئورغاق بىلەن ئارا - گۇرجەك توختىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قېرى - ياش، ئەر - ئايال دېمەي سىيرىپ - سۈپۈرۈپ بىنەمگە ھەيدەپ ماڭاتتى. ياغاچ گۇگۇسۇنلۇك يارىيار ھارۋا، ئالدى تەرىپى پەس ئوروس ھارۋىسى، رېزىنكە چاقلىق ئىرگىلوچە ھارۋىلار

① مىرەكە — جىن - ئالۋاستىلار كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۈستىگە كەپلەپ بېسىلغان يۈك ۋە ئادەملەرنىڭ نۇرىسىدىن ئاتقۇ بىسى-مىدىن غىچىرلاپ كېتەتتى. تېۋىلغا ساپلىق قامچىلار ئاۋازى، پىرقىراپ قارسىلدىغان ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالاتتى. قازان — قوموش، يۆگەك — قاپ، ئاياللار ۋە ئاجىزلارنى باسقان هارۋىلار توغ — ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ئالدىدا، ئەرلەر بولسا ئارقىسىدىن پىيادە سەپ تارتىپ، بەئەينى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئۆتتۈرا تۈزلەڭلىككە جازا يۈرۈشى قىلغاندەك ئاجايىپ بىر داغدۇغا بىلەن تاشبۇلاققا قاراپ ئاقاتتى. باشقىلار ئورغاقلىرىنى بىد-لىكىگە سېلىپ ماڭسا، بىزنىڭ رېشىت ساراڭنىڭ قولىدا ئورغاق، قول-تۇقىدا ئاتىسى رەھمەتلىكتىن مىراس قالغان دۇتارى بولاتتى. يولدا ئۇچ-رىغان تونۇش — بىلىشلىرى ئۇنىڭ بۇ كۈلكىلىك هالىتىگە قاراپ هەيران بولاتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز رېشىت، دوزاخ چۆمۈچىنى ئېلىپ؟ — دەپ سو-رىغانلارغا ئۇ:

— تۆت قېرى بار يەردە خۇدا بىلەن رەسۇل، تۆت ياش بار يەردە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل، — دەپ قولىدىكى دۇتارنى تىرىڭشىتىپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى.

رېشىت ساراڭنىڭ بىر ئاغىنىسى ماڭا:

— ئۆزىڭىزمۇ پاراڭلىشىپ كۆرگەنسىز، رېشىتنىڭ گەپ — سۆزى، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىغا قاراپ هېچكىمنىڭ ساق دېگۈسى كەلمەيدۇ. سىز بىلەن بىر چىرايلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپلا تۇرۇپ هىجاراپ، تۇ-رۇپ يىغلاپ كېتىشلىرى، ئېسەرى بار ئادەمدەك چۈشىنىكسىز، قالايمىقان نەرسىلەرنى دەپ جۆيلۈشلىرى نېرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمنىڭ سىياقىنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە ئىككىنچى بىر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسى بار دېيىشكە توغرا كەلسە «ئالۋاي» دەپ ئىسىم قو-يۇۋالغان ئالا بوينىقى بار ئىدى. ئۇنى بوينىدىن قۇچاقلاپ بالىسىنى ئەر-كىلەتكەندەك سۆيۈپ تۇرۇپ چۈشۈۋالغان سۈرىتىنى كۆرسىڭىز كۈلۈپ كېتىسىز. «ئالۋاي» ئۆلگەندە مەخسۇس هازا ئېچىپ يىغلىغان ئىشلىرى، «ئالۋاي» نىڭ ئۆلۈمىگە ئاتاپ يازغان «تەزىيەنامە» سى، رەھمەتلىك

«ئالۋاي» نى يەرلىكىگە قويۇشقىچە بولغان جەريانىنى سۆزلەپ كەلسە بۇ
بىر ھېكايە. قېنى، بۇلارنى كەم نورمال ئادەمنىڭ قىلىقى دېيەلەيدۇ؟
بىراق مەن ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن قانداقتۇر بىر ماسلىقنىڭ،
بىر ئىچكى باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇ بىر «ساراڭ».
ساراڭ بولغاندىمۇ ئەقىللىق، دانىشمەن «ساراڭ». كىشىنىڭ زوقىنى، ھە-
ۋەسىنى كەلتۈرىدىغان ئوماق، چىرايلىق، سۆيۈملۈك «ساراڭ». ئۇ بار
يەردە كۈلكە بار، ئۇ بار يەردە تەبىئىيكى قىزىقچىلىق بار. كوممۇنا مەز-
گىلىدە بولۇپمۇ بىنەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەشنى ھەممىمىز ئارزۇ
قىلاتتۇق. ئۇ يېنىمىزدىلا بولسا ھارغاننى، ئاچقاننى، چارچىغاننى بىل-
مەيتتۇق. كۈنلىرىمىز خۇشال، مەنىلىك ئۆتەتتى، — دەيدۇ.

ئۇنىڭ ياشلىقىغا مەنسۇپ قارام، تەلۋە، قىزىقچىلىققا باي خاراك-
تېرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاشبۇلاقتىكى بىنەملىكنىڭ توپلىق يوللى-
رىدا، دېڭىز يۈزىدىن نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىلسىم زېمىننىڭ
ئەپسانىگە باي يانپاشلىرىدا، ئىسسىق - سوغۇقى جانغا پاتىدىغان خاماز-
لىرىدا قېپقالدى. ئۇ سۆزلەپ ھارمايتتى، چاقچاق قىلىپ ھارمايتتى،
قىزىقچىلىق قىلىپ ھارمايتتى. ئۇنىڭ گەمە ئۆيلەردە ئايلاپ يېتىپ نە
سۇ، نە مۇنچا كۆرمەي قۇرتلاپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ
بەرگەن چاقچاقلىق سۆز ئويۇنى ھېلىمۇ شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ يادىدا
تۇرۇپتۇ.

— جىنايەتچى پىت، — دەپ باشلايتتى ئۇ سۆز ئويۇنىنى، — 1974 -
يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دوۋسۇن ئۆلكىسىنىڭ كۇسار ناھىيىسىدە
تۇغۇلغان. جىنايەتچىنىڭ قىلمىشى ئېغىر، چىقىۋالغان يېرى يېغىر بول-
غانلىقتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ چىمدىپ قويۇش،
قاشلاپ قويۇش، تاتىلاپ قويۇش چارىلىرى كۆرۈلگەن. بىراق ئۇ توۋا قى-
لىشنى خالىماي گەدەنكەشلىك قىلىپ، سىركە، بۇرگە قاتارلىق ئۇز-
سۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ يانپاش، گەدەن، قولتۇق
قاتارلىق مۇھىم جايلىرىدا ئۆز مەيلىچە ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرغان ۋە
دەھشەتلىك مودۇر - چوقۇرلارنى پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ قىلمىشى ئېغىر،

ۋاستىسى قەبىھ، تەسىرى ئىنتايىن يامان بولۇپ، بۇنىڭغا [illegible] غەزىپى كۈچلۈك، تىرنىقىنىڭ نەشتىرى ئۆچلۈق بولغان[illegible] چى پىتقا تىرناق مەيدانىغا يالاپ ئاپىرىپ تارىسىدە ئېتىپ [illegible] مەزلۇم ۋە مەزلۇمەلەرگە يولۇققان هامان تىرىك تۇتۇۋېلىپ قايناق [illegible] بېسىش، مەشىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسى بېرىل دى ...

— ئۆلە، بېشىنى يەيدىغان سارالڭ، قۇرتلاپ كەتكەن بىز ئەمەس ئۆ-زۈڭ.

— ئۆ ئەمەس، ئۇلار.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرۈپ، هى، سەتنى بىلمەيدىغان قىلىن.

— داپ يۈز.

— لاۋزا.

— ها - ها - ها ...

— هى - هى - هى ...

ئايالالار قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئەرلەر بول-سا كالچاراپ، قېنىپ - قېنىپ كۈلۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ساپ، ساغلام كۈل-كىلىرى جىرالاردا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، تۈن پەردىسى ئاستىدىكى ئاسمىنى كەڭ جاهاندا يىراق - يىراقلارغا تارايدۇ.

*          *          *

قولۇمدا تىترەتمە دەپتەرنىڭ ئادەتتىكى ۋارىقى. ۋاراقنىڭ بىر يۈزد-ە چوققىدىكى قىيا تاش ئۈستىگە قونۇپ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ تۇرغان بۈركۈت. قىيانىڭ پەس تەرىپىدە بۈركۈتنىڭ ئوۋ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، قورقۇپ، توگۈلۈپ، جان ساقلاش كويىدا تۇرغان شادىپاچاق مايمۇن، ۋاراقنىڭ ئىككىنچى بېتىدە غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغان، بېشىغا راهبلىق تاجى كىيىپ، ئۈستىگە كاسايا

ئارتىۋالغان تاڭ سىڭ، شاگىرتلىرى سوْن ۋوْكوْك، جوْباجې، شياسىڭ. ئوْلارنىڭ سەپەردىكى قەدىناس ھەمراھى ئاق بوز ئات بولسا موْلايىم كۆز-لىرىنى ئىگىسىگە بېقىپ، تاڭ سىڭ بىلەن سوْن ۋوْكوْڭنىڭ موْرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ توْرغان ھالەتتە كۆزگە چېلىقىدوْ.

قىزىقچىمىز رېشىت موْھەممەت بىز بىلەن پاراڭلىشىپ توْرغانىنىڭ ئارىلىقىدا يوْقىرىقى ئىككى پارچە تېز سىزما رەسىمنى قېرىنداش بىلەن چاقماق تېزلىكىدە سىزىپ چىقىپ، ئالدىمىزغا تاشلاپ قويدى. كوْلوْپ كەتتوْق. ناۋادا، بوْ رەسىملەر كەسپىي مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرگەن بىر-رەرسىنىڭ قولىدىن چىققان بولسا ئىدى، موْنچىلىك ئەجەبلەنمىگەن بولاتتوْق. ئالدىمىزدا توْرغان بوْ كىشى باشلانغوْچ مەكتەپنىڭ ئوْچىنچى يىللىقىنى ئارانلا توْگەتكەن، يەنە كېلىپ ئىسمىنىموْ قاملاشتوْروْپ يازال-مايدىغان قارا قورساق دېھقان. شوْنداق ئىكەن، بوْ ئىشنى دىققىتىمىزنىڭ سىرتىدا قالدوْروْپ قويوْشنى خالىمىدوْق.

قىزىقچىمىزنىڭ ئارخىپىنى كۆرسەك، ئوْنىڭ ھايات تەجرىبىسىگە خېلىلا بايلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئوْ ھەۋەس ۋە جان بېقىشنىڭ توْرلوْك كوچىلىرىدا يوْروْپ باققان. ھەممىنى قىلىپ كۆنگەن. قايسىلا كېچىككە كىرمىسوْن، شوْ كېچىكنىڭ ناخشىسىنى قاملاشتوْروْپ توۋلىيالايدوْ. ئالايلوْق: ئاشپەزلىك، تۆموْرچىلىك، ياغاچچىلىق، ئەينەكچىلىك، موزدوْز-لوْق، ساتىراشلىق، تامچىلىق ... ۋەھاكازا. ئوْ ھېچقايسى كەسپتە ئوْستا كۆروْپ باقمىغان. رەسساملىق ئوْنىڭ كەسپى ئەمەس، ھەۋىسى. ئىچ پوْ-شوْقىنى چىقىرىدىغان ئەمەك. ئوْ بوْ ئىشنىموْ ئاشوْنداق بىر ھەۋەسنىڭ توْرتكىسىدە ئۆگىنىۋالغان. ئوْ سىزغان رەسىملەرنىڭ ئوبرازلىق، ئەينەن-لىكلىكى، ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سىزغاندا ئەڭ ئوْششاق، ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە دىققەت قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدوْ. بولوْپموْ ئوْ ھەجۋىي رەسىم ئارقىلىق كىشىلەرگە كوْلكە ئاتا قى-لىشنى چاقچاق ۋە قىزىقچىلىقنىڭ يەنە بىر تېتىتقوْسى قىلغان بولوْپ، ئاۋوْ بىر يىلى سوْيدوْڭلوْك كاتتا بىر بايۋەچچىنىڭ ئولتوْروْشىدا باش-قىلارغا گەپ بەرمەي چاقچاق قىلىۋاتقان توققوْزتارالىق توْداخوْن پاكارنىڭ

رەسىمنى شۇنداق كۆلكىلىك قىلىپ سىزىپ، سورۇنلاردىن قىسىپ چى-
قىرىۋەتكەن. تۇداخۇن ئۆزىمۇ رەسىمدىكى ئۆزىگە قاراپ ئىزىنى تېپىشلا
قالغاندى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە مەنسۇپ قىزىقارلىق ئىشلىرى خېلىلا بار-
ئـۇ كىشىگە شوئار توۋلاش، ئۇزۇندە يادلاشتىن باشقا ۋەزىپە بەرمەيدىغان
ھېلىقى يىللاردا كوچا بويلىرىدىكى دېھقان ئۆيلىرىنىڭ كەينى تاملىرىغا
شوئار يېزىش بىلەن ئـاۋارە بولۇپ يۈرگـەن چالا ئاكتىپلار ۋە ئېقىمغا
ماسلىشىپ شۆھرەت قازانغان نوچىلارنىڭ ھەجۋىي رەسىملىرىنى سى-
زىپ، تالاي كۈلكىگە قويغان ھەم مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك «جازا لاگېرى» غا
ئەكېتىلگىنى قىل قالغاندى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كونىلارنىڭ نە-
زىرىدىكى ئاشۇ «جىن ـ شاياتۇن» لار تـەبىئىيلا باشقىلارنىڭ تېمىدىن
ئۆز ئۆيىنىڭ تېمىغا كۆچۈپ چىقتى. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىش كەتمەيتتى.
ئۇچرىغانلا يەرگە رەسىم سىزىپ، سۈتتىن كىرگەن خۇيغا ئوخشاش ئادەت
بولۇپ قالغان بۇ ئوقەت ئۇنى جىم تۇرغۇزمايتتى. ئۇنىڭ قادىر ھاجىنىڭ
جاڭزىسىدىكى سوقما تاملىق قورۇسىغا بارسىڭىز ئۆيىنىڭ ئالدى ـ ئار-
قىسىدىكى تاملاردىن قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىدىكى تام رەسىملىرى ياكى ئىپ-
تىدائىي جەمئىيەتتىن تەۋەررۈك قالغان قىيا تاش تەسۋىرىي رەسىملىرد-
دەك ئاجايىپ بىر ھالنى كۆرىسىز. ئايالى بىچارىنىڭ چۈرىسىگە ھاۋارەڭ
سىنكا لېنتا تارتىپ چىرايلىق ئاقارتىپ قويغان تاملىرىغا ئادەملەر،
ھايۋانلار، ئۇچار قـۇشلارنىڭ ھەجۋىيلەشكەن ئوبرازىنى ئالا قويماي
قوندۇرۇپ بولغان. كۆرگەن كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستىماي قالمايدۇ.
ئايالى خالىدەم:

— قارىغە ئۇكام، بۇ تاملارنىڭ ئالۋاستىنىڭ ئۇۋىسىدەك تۇرغىنى-
نى. مەن ئاقارتىمەن، ئۇ رەسىم سىزىدۇ، مەن تازىلاپ زېرىكمىدىم، ئۇ
سىزىپ زېرىكمىدى. بىزنىڭ بۇ گۆردە تازىلاش، سىزىش دەۋر قىلىپ
تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ مەينەتتىنى پاكىزلاپ بولالمىدىم، — دەپ
بىرمۇنچە دادلاپ بەردى.

— سۆزلەۋېرىدۇ، — دەپ كۈلدى قىزىقچىمىز، — خوتۇن كىشى
دېگەن سېپى ئۆزىدىن ئەخمەق كېلىدۇ. بىرمۇنچە پۇلنى بۇزۇپ، بازاردىن

رەسىم (كۆرۈنۈش دېمەكچى) سېتىۋېلىپ تامغا چاپلايدۇ. مېنىڭ ھەقسىز سىزىپ بەرگىنىمنىڭ نېمە يامىنى باركەن. مەنغۇ قەدرىنى بىلمىسىمۇ سىزىۋېرىدىغانلاردىن. ئۆتكەن بىر يىلى چېچىمنى پاكىز چۈشۈرۈۋېتىپ، ئەينەكتىكى ئەكسىم بويىچە تامغا رەسىمىمنى سىزىپ باقتىم. مانا كارامەت، ئىلگىرى ئۆزۈمنى خېلى بىر ئىسكەتى بار ئىنسان دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. تامدىكى تۇرقۇمغا قاراپ، شۇ رېشىتىنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. سەتلىكىمنى شۇ چاغدا بىلدىم. تۇرۇپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈمنىڭ خۇشى كەتتى. تامدىكى بەتبەشىرە رېشىتىنى كۆرۈپ تازا كۈلۈپتىمەن. دۇنياغا ئىنسان تېرىسىنى كىيىپ چۈشۈپ، ئۆزىنى قالتىس «دانا» قالتىس «چىرايلىق» ساناپ يۈرگەن شۇنداقمۇ كىشىلەر بار. ئۇلار ئۈستىدىكى سىرلىق يېپىنچىلىرىنى سېلىۋېتىپ، تامغا ياكى ئەينەككە سۈرىتىنى چۈشۈرۈپ قاراپ باققان، كۈلۈپ باققان بولسا دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. ھەر كىمگە كۈلۈش لازىم بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈستىدىن بىر كۈلۈپ بېقىشى كېرەككەن.

قىزىقچىمىزنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن كۈلۈشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەس. ئۇ 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «تامدىن تارىشا چۈشكەن» دەك كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مەنسەپ تاجىنى كىيگەندىمۇ مانا شۇنداق كۈلگەندى. بۇ ھەقىقەتەن كۈلگۈدەك ئىش بولۇپ، بىلگەن ئادەم ئۇچۇن ئۈنچىۋالا قىلىپ كېتىشكە ئەرزىمەيدىغان، ئەمما مەنسەپ خۇمار نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆچ ـ ئاداۋەتكە، دۈشمەنلىشىشكە سېلىپ قويىدىغان «قۇرۇق ئۆستەڭ» نىڭ بۇ «مىراب» لىق قالپىقى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاسماندىن چۈشكەندەك توككىدە چۈشۈپ قالغانىدى. خەلق رايىنى سىناش، ئاۋاز بېرىش كۆرسەتكۈچىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ... دېگەنلەر ئۇنىڭغا ئۇخلاپ قويۇپ كۆرگەن چۈشكە ئوخشاش بىلىنىدى. كەنت خەلقى ئالقىش ياڭراتتى، ئۇ بولسا كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە خۇشاللىقتىن كۆرە، تېڭىرقاشتىن كېيىنكى تەئەججۇپ ۋە مەسخىرە ئالامەتلىرى كۆپرەك ئىدى. كۈلدى، ياقىسىنى تۇتۇپ كۈلدى. سايلام مەيدانىدىن چىقىۋېتىپمۇ، يولدا كېتىۋېتىپمۇ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كۈلدى. ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى

يوق كۆلكىسىدىن ئايالىنىڭ جەھلى قاتتى.

— ھوي ئادەموي، بۈگۈن ئەسكى تامنىڭ، كونا قارىغاچنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ نېمە سىزگە، نېمانچىلا تولا كۈلۈش بۇ؟

— تەبرىكلە خوتۇن، — دەپ يەنە كۈلدى ئۇ، — بۈگۈن كۈن مەغ-رىپتىن چىقتى. سۇيدۇڭدىكى مەشھۇر «ساراڭ» ئەمەلدار بولدى. «دادىسى ئاتمىغان توڭگۇزنى بالىسى ئاتتى.» توۋا، مەن ساراڭمىكىن دېسەم، كىشىلەر مەندىن ئۆتە ساراڭ بوپتۇ، ئالجىپتۇ. رەم ئاچىدىغان، پال سالىدىغان، جىن - پەرىلىرىنى يىغىۋېلىپ شامال دارىغانلارنى ئوقۇپ ھۈرۈيدىغان موللا پاتەمخاننىڭ بىر تاسقام نەۋرىسى، موللا مەريەمخاننىڭ «ساراڭ» بالىسىنى كەنت مۇدىرى سايلاپ قويدى. تېخى ئۇلار نېمە دېدى دېمەمسەن؟ «ساراڭنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق، ئۇنىڭ ئارتۇق يەرلىرى كۆپ، ئىجتىمائىي ئالاقىسى قويۇق، مۇشۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ كۆتكەن يېرىمىزدىن چىقالايدۇ» دېدى.

شۇنداق، ئۇلار خاتا قىلمىغانىدى.

ئادەملەر كۆپ ھاللاردا مەنپەئەت، توقۇنۇشنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ھوقۇق، مەنسەپ دېگەن شۇنداق نەرسە. نۆۋىتىدە ئۇ گاچىغا تىل، ياۋاشقا مۈڭگۈز چىقىرىدۇ. بىر چىشلەم لوقما ئۈچۈن ئىمانىنى بۇلغايدىغانلار بۇ جاھاندا ئاز دەيمىز. رەڭگىرويىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەتكە سادىق بولۇشى ناتايىن.

ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ بىر قېتىم مەلۇم بىر ئەھلى ئىلمىي كىشىنىڭ ساۋاب ھەققىدە توختىلىپ: «ساۋابنىڭ چوڭ - كىچىكى بولمايدۇ، ئېزىپ قالغان كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇش، كۆكلەۋاتقان دەرەخنىڭ هارام پۇتىقىنى ئېلىۋېتىش ساۋابلار جۈملىسىگە كىرىدۇ» دېگىنى ئېنىقلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ھەقىقەت دېگىنىمىزمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش قولۇڭدىن كەلمىگەن ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ پايدىسىغا تۆت ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويالىساڭ، مانا بۇ ھەقىقەت.

بىزنىڭ رىشىت سارالىق ھەر ھالدا پۇقرالار ئۇچۇن ئۆپكە قاقىدىغان، ئۇلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ھال - مۇڭىغا يېتىدىغانلاردىن چىقىپ قال-دى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە زېمىنىنىڭ ھارارىتى-نىڭ تىنىقلىرىدىن نەپەس ئالالىدى. بىردە ئوڭ، بىردە يەكپاي سۆزلەپ، بىردە قىزىقچىلىقى، بىردە «سارالىق» لىقىغا يۆلەپ، يۇقىرى - تۆۋەن چې-پىپ يۈرۈپ، ئۇلارغا ئاز - تولا بولسىمۇ ياخشى ئىش، ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرەلىدى. ئۇ مەنسەپ كۇرسىغا ئولتۇرۇپ ئىككىنچى يىلى سۇ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ «مىراب» لىرى ئۇيۇشتۇرغان سورۇننى مەشكە ئوت قالىغاندەك قىزىتىپ بېرىپ، بىر چاقچاق بىلەنلا دېھقانلار زېمىنىسىدىكى سەككىز مىڭ يۇەنلىك سۇ ھەققىنى ھېسابتىن كۆتۈرگۈزۈۋەتتى. تې-لېگراف ئىدارىسىدىكىلەرگە زەي سالماي پو ئېتىپ، مەھەللىگە تېلېفون لىنىيىسى تارتقۇزۇپ، لىنىيە ھەققى، تېلېفون ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى دېگەندەك بىر توقاي ھەقلەرنىمۇ «ساراڭغا سوت يوق» قائىدىسى بويىچە جىم - جىملا يوقاتتى. بازاردىن يىراق، قاتنىشى تەتۈر، ئاھالىسى نامرات، مالىيە ئەمەلىي كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بىر ئورۇنغا مۇنچىلىك ئىشنى قىلىپ بېرىشمۇ ئاسانغا توختىمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ كەنت مۇدىرى، كەنت ياچېيكا سېكرېتارى بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە يوقىتىش، ئۆچۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى يوقىتىپ ۋە ئۆچۈرۈپ، كۆكلىتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆكلەتتى. زېمىنغا باشقىلارغا قا-رىغاندا بىر تۈپ كۆچەتنى ئارتۇق قويۇپ، بىر تال گۈلنى ئارتۇق ئۆستۈ-رەلىدى. ھەر بىر چېچەككە تېگىشلىك مېھرىنى بېرەلىدى. نەزىرىمىزدى-كى بۇ بىر تاسقام «سارالىق» ھايات سەھنىسىدىكى بىر ئارتىس بولۇش سۇ-پىتى بىلەن خەلق ئالدىدا ھەقىقەتكە سادىق «ئەمەلدارنىڭ» ئېتىمىز - قىر-غا چىقسا زېمىنىنى، يەرنى سۆيگەن مېھنەتكەش دېھقانىنىڭ، سورۇنلارغا كىرسە ئەسلى - ۋەسلىدىن كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان خۇش چاقچاق قىزىقچىنىڭ، ئۆيدە بولسا ۋاپادار ئەر، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ئاتىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقالىدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئاڭلىسام، بالىلارغا بولغان تەربىيىڭىز ياخشىكەن. قىزىڭىز ئۇ-

رۇمچى تېخنىك ـ ئىشچىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، بەيتۇل ئوغلىمىز مەردان بۇ يىل (2004 ـ يىل) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ، — دەپ سورىسام، ئۇ:

— مەنغۇ ئوقۇمىغانلىقىمنىڭ ئەلىمىنى بەك كۆپ تارتقان. بىز بەش ئو-غۇل، ئۈچ قىز، سەككىز بالا. مەن بالىلارنىڭ تۆتىنچىسى. ئانام رەھمە-تىمۇ خېمىر يۇغارغانلىقىنىڭ ئارىلىقىدا بىردىن تۇغۇۋېرىپتىكەن. بىشى-مىزغا تاپساق ئۈچىمىزغا يوق. مەكتەپتە ئوقۇيالماي ساۋاتسىز قالدۇق. بالىلىرىمنى بىز قالغان كۈنگە قالمىسۇن دەپ، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئوقۇتتۇم. ئۇلار ئۇچۇن بىر ۋاخ تاماقنى كەم يەپ، بىر قۇر كىيىم-نى كەم كىيدىم. تاپقان ـ تەرگىنىمنى ئۇلارغا سالدىم. دېگەنبىلەن ناھە-يىلىك خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم بەش يۈز نومۇرلۇق يۇقىرى چەك بىلەن ناھىيە بويىچە تۆتىنچى بولۇپ، تۆت مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، ئالىي مەكتەپكە كەتتى. ھاردۇقۇمنى چىقار-دى، — دېدى.

بىز مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا رىشىت سازىنىڭ روھىي ئالىمىدىن سۆيۈملۈك، ئۇلۇغۋار ئاتىلارنىڭ سىيماسىنى، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە دانىشمەنلىكىنىڭ چاقناپ تۇرغان شولىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

شۇنداق، ئۇ ھەم «ساراڭ»، ھەم دانىشمەن ئاتا. ئۇنىڭدىكى «ساراڭ»لىق روھىمىزدىكى بۇزۇلۇش ۋە ئالجىشنىڭ رىشىت سازىنىڭ سۈرىتى، تەپەككۇرى، يەكپاي پاراڭ، يەكپاي چاقچاقلىرىدا قارار تېپىشى. ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئۆزگىچە يەكپاي پاراڭلىرى تۇرمۇشتىن ئېكرانغا يۆتكىلىپ، سىز بىلەن بىزنىڭ مەنىۋى كىرىزىس ئىچىدە چاڭقىغان يۈ-رەكلىرىمىزنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە. 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ياش ناخشىچى تاشمۇھەممەت باتۇرنىڭ ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسى-سى «ئېكران ئارامگاھى» سىنىغا ئېلىش مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا كېچىلىكىدە خەلق سەنئەتچىسى ئەبەيدۇللا موللام (رىشىت سازىنىڭ ھە-دىسىنىڭ ئوغلى) ئۇنىڭ يەكپاي پاراڭلىرىنى ئېكرانغا ئېلىپ چىقىپ، تاماشىبىنلارنىڭ تولىمۇ قىزغىن ئالقىشىغا كۆمۈلدى. مىكروفون ئالدىدا

ئەبەيدۇللا ئەمەس، گويا ئۇنىڭ سىياقىدىكى رېشىت ساراڭ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ياغاچنى ئۇ پەن زاۋۇتىغا ئاپارسام تىلمايمەن دەيدۇ، بۇنىڭغا ئاپاردىم ئوخشاشلا تىلمايمەن دەيدۇ. ئاخىر ئاچچىقىم كېلىپ: «زادى نېمە دېمەكچىسەن؟» دېسەم «سەن تارتقان چۆنەككە نوزەمبىللا سۇ چىقمىدى» دەيدۇ. «بۇنى ماڭا نېمىدەپ بېرىسەن، گېپىڭ بولسا سەنئەت ئۆمەككە بېرىپ دېمەمسەن، بىرەر تاۋۇز خام چىقىپ قالغانغا ئۆلەمتىڭ» دېۋىدىم، «ئۇنداق يېرى بولسا موزىيى ماڭا قالسۇن. ئەسلىي مەن بۇ يەرگە پاختا تەرگىلى كەلگەن، ئۆيۈڭدە كۆمۈر يوقلۇقىنى بىلمەپتىمەن» دەپ پەسكويىغا چۈشتى. بىر هارۋا ساماننى چۈشۈرۈۋېتىپ، يىگىرمە مېتىردەك كولىدۇق. يەنىلا سۇ دىدارى يوق. توۋا دەيمەن. باشتىلا قان سالسا ئوڭشىلىپ كېتىدىغان بالىتى - دە. بولمىسا يىگىرمە مو يەرنىڭ ھەممىسىگە چىلىغان سەي تېرىۋەتكەن ...

# رېشىت ساراڭ چاقچاقلىرى

## جىنازىمۇ ئېشىنمايدىكەن

رېشىت ساراڭنىڭ يېقىن بۇرادىرى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. رېشىت ساراڭ نامىزىغا قاتنىشىپتۇ. جامائەت مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە ئېلىپ مېڭىپتۇ. رېشىت ساراڭ بۇرادىرىنىڭ تاۋۇتىنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېلىش نىيىتىدە جىنازىغا يېقىنداپ بارىدىكەن. ئەمما جىنازا باشقىلاردىن ئاشمايدىكەن. يەنە بارىدىكەن، يەنە ئاشمايدىكەن، شۇ تەرىقىدە ئۇ ئون نەچچە رەت ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ، ئوخشاشلا تاۋۇتنىڭ تۇتقۇچىنى مۇرىسىگە ئالالماپتۇ. ئاخىر تاۋۇتنى كۆتۈرۈشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن رېشىت ساراڭ ئالىماننىڭ ئارقىسىدا پۇسۇرلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە كوتۇلداپ قاپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مۇشۇ كۈنلەردە ئۆز ئۆيۈڭدىن ئۆلۈم چىقمىسا، جىنازىسىغا ئاش-مايدىكەن ـ دە.

## سۈيدۈڭگە ئاپىرىپ قويساڭ

رىشىت ساراڭ تۇرۇۋاتقان يەر ناھىيە بازىرىدىن يىراق، تازىمۇ بىر چەتتە بولۇپ، ئاسانلىقچە قاتناش تاپقىلى بولمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ يولدا كېلىۋاتسا ئۇستىگە تولدۇرۇپ ئادەم بېسىۋالغان ئۈچ چاقلىق كىرا موتسىكلىتى ئالدىراش ئۆتۈپ قاپتۇ. رىشىت ساراڭ موتسىكلىت ئىگىسىگە قاراپ توۋلاپتۇ:

— هاي پالانچى، توختىسىڭا؟

— گېپىڭ بولسا قايتىپ كەلگەندە دە، — دەپ كېتىۋېرىپتۇ كىراكەش، — هازىر مېنىڭ ۋاقتىم قىس.

— توختا دەيمەن، توختا، — دەپ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، قوللىرىنى ئەررەڭ ـ سەررەڭ پۇلاڭلىتىپ ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلاپتۇ ئۇ، — ساڭا دېمىسەم بولمايدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى.

كىراكەش بالا ئامالسىز موتسىكلىتىنى بىرمۇنچە يەردىن كەينىگە ياندۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

— هە، نېمە گەپ رىشىتكا، هازىر دېمىسە بولمايدىغان؟

— ۋاقتىڭ بولسا، — دەپتۇ رىشىت ساراڭ جىددىي قىياپەتتە، — كېلەر يىلى روزى هېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى هەدەڭ ئىككىمىزنى سۈيدۈڭگە يەتكۈزۈپ قويغان بولساڭ.

## خالىدەنى كۆردۈڭلارمۇ

بىر كۈنى رىشىت ساراڭ ئايالىنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ناھىيە بازىرىغا ئويناتقىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مەھەللىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئايالىنىڭ دوستى ئۇچراپ قاپتۇ. ئايالى قائىدە بويىچە ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ دوستى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. خەيرىيەت، ئۇ ئىك-

كىسى سالام ـ سەھەت، ماڭغان ـ تۇرغاننىڭ گېپى بىلەن ئازراق ھايال بولۇپ قاپتۇ. رېشىت ساراڭ ئايالىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىدىن خەۋەرسىز ۋېلىسىپىتىنى ھەيدەپ كېتىۋېرىپتۇ. ناھىيە بازىرىغا يەتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا ئايالى يوق تۇرغان، ئۆتكەن ـ كەچكەندىن ئا ـ يالىنى سورىغىلى تۇرۇپتۇ:

— ھوي خالايىق، بىزنىڭ خالىدەنى كۆردۈڭلارمۇ؟

## بۇ ئۆزۈمنىڭ قېرىندىشى

ئاتالمىش دوپپىگەي ھەرىكىتىدە ھە دېسىلا كىشىلەرگە «ئوڭچى، مىللەتچى، ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپىقىنى كىيدۈرۈۋېرىپ «ئۇر ـ سوق» بىلەن نام قازانغان تازىمۇ قارا كۆڭۈل بىرەيلەن بار ئىكەن. جاھان ئوڭ ـ شىلىپ، ئىشلار ئىزىغا چۈشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن رېشىت ساراڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ناتونۇش ئادەمنىڭ ھىدىنى ئالغان ئىت تۇك ـ تۈكىنى يەپ قاۋاپ، ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئاڭ ـ غىچە رېشىت ساراڭ ئۆيدىن چىقىپ كەپتۇ ـ دە:

— ھاي جانۋار، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، — دەپ ئىتنىڭ ئالدىنى تو ـ ساپتۇ، — تونۇمايۋاتامسەن، بىلىپ قوي، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ قېرىندىشى.

ھېلىقى ئاداش رېشىت ساراڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە غىپپىدە كەينىگە يېنىپ كېتىپ قاپتۇ.

## ئۆزى يالغۇز يېتىشەلمەيدۇ

مەنسى يوق سورۇنلارغا تولا بېرىپ، كەيپى ئۇچقان رېشىت ساراڭ بىر كۈنى مەھەللە ياشلىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ:

— كەچۈرسىلەر ئۇكىلار، ئۆيدە مال ـ ۋاران بار، قارىمىساق بول ـ مايدۇ ـ دە، — دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ تۇرۇۋاپتۇ.

ھالالغا توخۇ، ھارامغا مۇشۈكى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىدىغان

ياشلاردىن بىرى رىشىت ساراڭنى كۆلكىگە قويۇش ئۈچۈن:

— قاچاندىن بېرى مال قىلىۋالدىڭ رىشىتكا، كۆرۈپ باقماق بولالامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولمايدىغان نەرى بار، — دەپتۇ رىشىت ساراڭ، — يۇرۇغلار ئىشەنمىسەڭلار باشلاپ باراي.

باللارنىڭ ئۆيلىگىنى توغرا چىقىپتۇ. ئۆيگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا نە مال، نە قورا ـ قوتان كۆرۈنمىگەن. ئۇلار كۈلۈشۈپتۇ. لېكىن رىشىت ساراڭ ئۆيلىمىغان يەردىن ئۇلارنى باشلاپ، خالىي جايغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇلۇڭدىكى يەشىككە سولاپ قويغان سېرىق تۈكنى تاشلىمىغان تۆت تال چۈجىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— قاراڭلار، مۇشۇ جانىۋارلارمۇ مالدە، ئۇلارغا يەم بەرمىسەك، سۇ بەرمىسەك بولمايدۇ. تېخى ئاستىنى قۇرۇقداپ، ئاپتاپقا ئاچىقىپ سالىدىغان گەپ. بىزنىڭ خالىدە ئۆزى يالغۇز مۇنچىۋالا ئىشلارغا يېتىشەلمەيدۇ.

## ئەمدى قويۇپ ...

بىزدە ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا ئۇدۇل تۇپراق بېشىغا چىقىپ قىرائەت ئوقۇيدىغان، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان ئادەت بار. لېكىن رىشىت ساراڭ مۇشۇ ئىشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا «ساراڭ» لىقىنى قىلىدىكەن. نامازنى ئۆتەيدىكەن ـ دە، ئۇدۇل ئۆيگە كېتىپ، ئىشىك ئالدىدا خاتىرجەم تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرىدىكەن. تۇپراق بېشىغا ماڭغانلار ئارىسىدىن ئۇمۇ قويۇپ: «رىشىتكا ھوي، داداڭنىڭ بېشىغا چىقىپ قويمامسەن؟» دەيدىكەن. بۇمۇ قويۇپ: «يۇرە رىشىتكا، داداڭنىڭ بېشىغا چىقىپ قوي» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بىر ھېيتتا تۇپراق بېشىغا ماڭغان جامائەت ئىچىدىن ياشتا چوڭراق بىرى:

— ھاي رىشىت، ئولتۇرۇپسەنغۇ بۇ يەردە؟ قانداق مۇسۇلمان سەن، قاچانغىچە داداڭنىڭ بېشىغا چىقمايسەن؟ — دەپ خېلىلا قاتتىق تەگكەنىكەن. رىشىت ساراڭ خۇشياقمىغان ھالدا دەپتۇ:

— ۋاي - ۋۇ ... ي، چىقساڭلار ئۆزۈڭلار چىقىپ كېلىڭلار! ئەمدى قوپۇپ رىشىت ساراڭ دادىسىنىڭ «بېشىغا چىقىپتۇ» دېگەن ئاھانەتنى مەن نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەي.

## بابلاش

بىكارغا هاراق، بىكارغا تاماق بولسا نەرقىنى سورىماي يەپ - ئىچىپلا يۈرىدىغان تازىمۇ بىزەڭ، قىلىن - قاتتىق بىر ئاداش بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ رىشىت ساراڭلار ئولتۇرغان سورۇندا يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. رىشىت ساراڭ ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر بابلاش ئۈچۈن سورۇن قىزىپ بىر يەرگە بارغاندا، غىپپىدە سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھەسەل قاچىسىغا قاچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى تولدۇرۇپ قاچىلاپ ئېلىپ كىرىپتۇ. قورسىقىغا ئامراق ھېلىقى ئاداش رىشىت ساراڭنىڭ قولىدىكى قاچىنى كۆرۈپ:

— قاچىدىكى نېمە ئۇ ئاداش؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ھەسەل، نىلقىنىڭ تاغ ھەسىلى. ئۇچراپ قېلىۋىدى، ئېلىۋالدىم. ھاراقنىڭ كەينىدىن ئىستېمال قىلىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن.

— ئۇنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

— ۋاھ، كەيپنى بېسىپ، ئاشقازاننى تازىلايدىغان بولسا ... سىناپ باقامسەن - يا؟

بىزەڭ ئاداش لىكلا قىلىپ ھۆل كېسەككە دەسسەپتۇ. ئۇ رىشىت ساراڭنىڭ قولىدىن «ھەسەل» نى ئېلىپ كۆتۈرۈپلا ئاغزىغا قۇيۇپتۇ. «ھەسەل» قىزىل ئۆڭگەچتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن سېزىپ قاپتۇ - دە، تىل ساپتۇ.

«ھوي سارىڭوي، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟» دېيىشى بىلەن تەڭ ئاغزىدىن مازغاپقا ئوخشاش شارچىلار ئېتىلىپ چىقىدىكەن. «ھۇ ئاناڭنى ...» دەپ ئاۋازنى كۆتۈرگەنسېرى شارچىلار تېخىمۇ يوغىنايدىكەن.

— ھۇ ئىگىچى - سىڭلىڭنى، يەتمىش - پۇشتۇڭنى ...

تىللىغانسېرى شارچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سوزۇلۇپ چىقى-

ۋېرىپتۇ. ئاخىر بولالماي قاپتۇ. سورۇندىن چىققان پېتى كۈندىن بېرى ئوقـ-
لىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ سورۇنلارغا خالىغانچە كىرمەيدىغان ئۆيگە سىمۇ
نەپسى يامانلىق قىلمايدىغان بوپتۇ.

## كېلىشتۈرۈش

بىر كۈنى بىر ساتىراش بىلەن پاينەكچاش گەپ تەگىشىپ قاپتۇ. سا-
تىراش:
— بېشىڭدىن چاچ تاپالماي بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىم. شۇڭا ماڭا
ئىككى كىشىلىك پۇل بېرىشىڭ كېرەك دەيدىكەن، — پاينەكچاش تەتۈر-
لۈك قىلىپ:
— ياق، مېنىڭ بېشىمدا كىچىك بالىنىڭ چېچىچىلىك چاچ بولمى-
سا، يېرىم باھا تۆلەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالىدىكەن.
شۇنداق دەپ تەگىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە رېشىت سالاڭ كېلىپ
قاپتۇ.
— ئۇستام، — دەپتۇ ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ساتىراشقا
چۈشەندۈرۈپ، — سىزنىڭ قىلغىنىڭىز ئادىل بولماپتۇ. ئىشنى لىللا
بولسۇن دېسىڭىز مۇنداق بولسۇن، ئەتىگەننىڭىياقى ئۇستىرىڭىزنى پاي-
نەكچاشنىڭ بېشىدا بىلەپ ئىتتىكلىتىۋاپسىز، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا
ئۇنىڭغا بىر بىلەينىڭ پۇلىنى تۆلىسىڭىز بولىدۇ.

## پو ئېتىش

بىر كۈنى رېشىت سالاڭ بىر ئاغىنىسى بىلەن قىر بېشىدا چېكى-
شىپ ئولتۇرۇپ پو ئېتىشىپ قاپتۇ.
— ھۆكۈمەتمۇ پۇل تېپىشنى بىلمەيدىكەن جۇمۇ ئاداش، — دەپتۇ
ئاغىنىسى، — شۇنچە نۇرغۇن تۆمۈر - تەرسەكنى بۇزۇپ تراكتور، كوم-
باين دېگەندەك نەرسىلەرنى ياساۋېرىدىكەن. ئالىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى

يوق توپا بېسىپ ياتقان. مەن بولسام قول سائىتى ياساپ ساتاتتىم.

— ئۇغۇ ئىچكىرىدىكى گەپ، — دەپتۇ رېشىت ساراڭ، — ئالدى-مىزدىكىلا گەپكە كېلەيلى. ئۈستەڭدىكى نۇرغۇن سۇلار بىكاردىن - بىكارغا دەرياغا قۇيۇلۇپ كېتىۋاتامدۇ، شۇنى ئويلىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ. ماڭا قويۇپ بەرسە ئەتكەنچاي ئېتىپ ساتاتتىم.

## بوزەك قىلغۇچە ...

ئامېرىكا - ئىراق ئۇرۇشى پارتلىغاندا مەھەللىدە غۇلغۇلا كۆپىيىپ كېتىپتۇ. ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىگەن رېشىت ساراڭ بىر كۈنى كوچا دوقمۇشىدا مۇشۇ خۇسۇستا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھېلىقى بوش دېگەن چاتاقچى يەنە ئىش تېرىغان ئوخشايدۇ. ئۇ-نىڭ زادى نېمە مۇددىئاسى باركىنە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ، — دەپتۇ ۋەزىيەتتىن ئاز - تولا خەۋە-رى بار بىرەيلەن رېشىت ساراڭغا چۈشەندۇرۇپ، — ماي تالىشىپ بول-مامدۇ.

— ھۇ نامەرد گۇيلار، — دەپ قايناپ قاپتۇ ئۇ، — كىچىككىنە دۆلەتنى بوزەك قىلغۇچە يۈز مو يەرگە زىغىر تېرىپ قويسىچۇ.

## يەكپاي پاراڭلاردىن ئارىيە

— ... ئېشىكىنى سوراپ ئىشلىتىپ تۇراي دېسەم، دوختۇرغا ئاپى-رىپ قان سالىمىز دېدى. قارىسام بىر ئوبدانلا بالىكەن. سەككىز كىلو قاننىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سېلىۋەتسە، ئۆپكە - ھېسىپىنى قۇيغىلى بولامدۇ دەيسىلەر؟ شۇنداق قىلىپ ئۇدۇللا ئاپاردۇق. توخۇسىنى ئىككى ئاتلاشتۇرمايلا تۇتۇۋالدىغان ئادەم تۈگمەنگە كېتىپ يوق، كىچىك بالىغا توكقا قولۇڭنى ئاپارما خەتەرلىك دەپ نەچچە دېدۇق بولمىسا. شۇ ئەمەس-

مۇ، بىر يېرىم كېسەك قىلىپ تام قويۇش ئۇچۇن ئۆتكۈزالالايتى. ئۇ-تىۋالغان بىلەن، لەڭمەننى ياخشى سوزغىلى بولمايدۇ ـ دە. ئۈستەرلىك دېدى، ئاپىرىپ بەردۇق. يانچۇقلۇق دېدى، يەنە ئاپىرىپ بەردۇق. كېيىن ئاڭلىساق بامدات نامىزىغا ئاچىقمىز دەپتۇ. زەنجىرچاق تراكتورغا كە-لەپ باسقان بىلەن يېلى چىقىپ كەتسە ئوخشاشلا ئاۋارىچىلىكقۇ. شۇنى ئويلاپ توشقانغا سامان، مۇشۇككە ھەلەپ، كالىغا سۆڭەك سالىمسام ئاچ قالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ يېنىپ كەلدىم.

## تېلېۋىزورغا ئېلان بېرىش

تېلېۋىزوردىكى ساپاسى يوق ئېلانلاردىن سەسكىنىپ كەتكەن رىشىت ساراڭ بىر كۈنى ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېلان بەرگىلى كەپتۇ.

— ئېلان ـ سەنئەتنى باشقىلارلا بەرمىسۇن، — دەپتۇ ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — مانا بىزلەرمۇ بېرەلەيمىز.

— نېمە ئېلان بەرمەكچىسىز رىشىتكا؟ — دەپ سوراپتۇ ئېلان تېكىستىنى يازىدىغان قىز.

— يېزىڭ، — دەپتۇ رىشىت ساراڭ قىزنىڭ بېشىدا تۇرۇۋېلىپ، — كۈڭۈلدىكىدەك ئورما ئوروش، خامان تېپىشنى ئۆگىنىمەن دېسىڭىز، قا-دىر ھاجىنىڭ قورۇقىدىكى رىشىت مۇھەممەت ئوغلىنى تېپىڭ. ئۆگىنىش مۇددىتى تەخمىنەن ئون بەش كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، قوشۇمچە قىر تار-تىش، ئېرىق چېپىش، قوناق ئوتاش، ئوغۇت بېرىش قاتارلىق كەسىپلەر ئۆگىتىلىدۇ. جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ئالدى بىلەن ئېتىـ-بارغا ئېلىنىدۇ. تاماق، ياتىقى ھەقسىز. كۈرسىمىزنىڭ ۋاقتى قىس، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆگىنىشكە ئالدىراڭ. ئۆگىنەلمىگەنلەرگە كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە ھەقسىز ئۆگىتىپ «ئىمتىھان» دىن ئۆتۈشكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىمىز.

# تۇرۇپ تۇراي دېگەن ئوخشايدۇ

رېشىت ساراڭ توخۇ بېقىپ باي بولۇش خىيالىغا كەپتۇ ـ دە، توخۇ فېرمىسىدىن يۈز دانە چۈجە سېتىۋاپتۇ. چۈجىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ ئايالىغا:

—— ئەتىگەن ـ ئاخشىمى قارايسەن، كۆزدە قولغا پۇل كىرگەندە بوينۇڭغا زەنجىر ئېسىپ قويىمەن، —— دەپتۇ.

ئايالى بىچارە خۇشاللىقىدا ئەتىسى چۈجىلەرگە دان بېرەي دەپ چىقسا، تەڭ يېرىمى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ھەيران بولۇپ يولدىشىنى چاقىرىپتۇ:

—— ھوي ئادىموي، قارىڭە بۇ ئالامەتلەرگە، مۇنۇ جانىۋارلىرىڭىز ھېلىتىنلا جايىنى تاپقىلى تۇرۇپتۇغۇ.

—— كېرەك يوق خوتۇن، —— دەپتۇ رېشىت ساراڭ چۈجىلەرگە قاراپ قويۇپ، —— كىچىكلىرى يېتىشىۋالغۇچە، چوڭلىرى تۇرۇپ تۇراي دېگەن ئوخشايدۇ.



# ئېگىرىڭنى سۆيۈۋال

رېشىت ساراڭنىڭ سۇيدۇڭ لەڭگەردە بىر كۆڭلى يېقىن ساقچى ئاغىنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ يېڭى ۋېلىسىپىتتىن بىرنى سېتىۋېلىش بازارغا مىنىپ چىقىشىغا، ئۇدۇلىدىن رېشىت ساراڭ چىقىپ كەپتۇ. كېلىپلا ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنى سوراپتۇ.

— نەگە؟

— ھېلى كېلىمەن.

ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ۋېلىسىپىتىنى بېرىپ قويۇپ «ساراڭ» لىقى يادىغا يېتىپتۇ ـ دە، ئىشەنچ قىلالماي:

— يوقاپ كەتمەسسەن ـ ھە؟ — دەپ ئەسكەرتىپتۇ.

— يوق ئىشنى يادىمغا سېلىپ ياخشى قىلدىڭ، — دەپتۇ رېشىت ساراڭ كۈلۈپ كېتىپ، — كەل، ۋېلىسىپىتىڭنىڭ ئېگىرىنى بولسىمۇ سۆيۈۋالغىنە؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— كېيىن ئۆزىنى كۆرەلمەي ئارماندا قالما دەيمەنغۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ساقچى ئاغىنىسى ئەلەمدە قاپتۇ.

# ھەقىقەتنى قوچاقلاپ

كامىل غوجائەخمەت سورۇنلاردا ئۆزىنى ئانچە بەك ئاشكارىلاپ كېتىشنى خالىمايدىغان سەمىمىي، كەمتەر، كىچىك پېئىل قىزىقچىلىرىمىزنىڭ بىرى. سىز ئۇنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ كۆرمىگەن بولسىڭىز ياشلىقتىكى تولۇق قاملاشقان ئىسكەتنى يوقىتىپ، بارغانچە تەتۈرىسىگە تەن قويۇپ سەمرىپ كەتكەن، كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئىككى يانغا چايقاپ ماڭىدىغان ئۇپىرىماس، خورىماس، لۆم - لۆم، بېجىرىم ئادەمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ماقالىمىزدا ئۇنىڭ بوي - بەستىگە يارىشا تەرەققىي قىلىۋاتقان كېلەڭسىز ھەرىكەتلىرى بىلەن يول يۈرگەندە ساناپ دەسسەپ، كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويىدىغان تەرەپلىرىنى ئېتىبارغا ئالماي تۇرىمىز.

مۇچەل ھەقىقىدىكى قىزىقارلىق رىسالىدە مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە 1952 - يىلى «بېلىق يىلى» غا توغرا كېلىدىكەن. خەلق ئىچىدە بېلىقنى بايلىق، رىزىق، خۇشاللىقنىڭ بەلگىسى دەيدىغان گەپ بار. بېلىق يىللىقلار ئومۇمەن قىزغىن،



ئوچۇق - يورۇق، خۇش چاقچاق، پائالىيەتچان، ئاق كۆڭۈل، بىغەم، ھاياتى كۈچكە باي كېلەرمىش. «سوغا يۇلتۇز تۈركۈمى» گە تەۋە كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق. گەپ ئەگىتىپ قىزىقچىلىق قىلىشقا، كىشىلەرنى

كۆلدۈرۈپ، كۆڭۈلنى ئۇتۇشقا ماھىر؛ تۇرمۇشنى، تەبىئەتنى، ئادەملەرنى كۆزىتىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، كۈچلۈك ئىجادچانلىقتا ئۈلگە بولۇش، شۇنىڭدەك ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇش بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دېيىلگەن. بېلىق يىلىدىكى «سوغا يۇلتۇز تۈركۈمى» گە تەۋە قىزىقچىمىزنىڭ ھېلىقى كېلەڭسىز ھەرىكەتلىرىنىڭ قارشى تەرەپتىكى يېقىملىق سۈپەتلەر سىز بىلەن بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

كامىل غوجائەخمەتنى ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ لەتىپىچىلىك تۈرىگە قوشقان مۇناسىپ تۆھپىسى بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ھەجىمى قىسقا، ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك، تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارغا يېتەرلىك زوق، تەربىيە ئاتا قىلالايدۇ.

چاقچاقتا ئەقلىي مۇلۇك ھوقۇقى دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس. كىمنىڭ چاقچىقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سورۇنغا كىم بۇرۇن كۆتۈرۈپ چىقسا شۇنىڭ نامىدا بولۇۋېرىدۇ. قىزىقچىمىزنىڭ ھەرىكەتتىكى سۇسلۇقى، دەرىجىدىن تاشقىرى ئەزمىلىكى ھەم تېز كۆڭۈللۈكى بىلەن نۇرغۇن لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنىڭ مۇلۇك ھوقۇقى ئۆزىگە تەۋە بولماي باشقىلارنىڭ تىلى، باشقىلارنىڭ نامى بىلەن جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرۈشى بۇنىڭ بىر دەلىلى. تېخى ئۆزىنى قىزىقچىلارنىڭ بىرى ساناپ سەھنىلەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا لەتىپە سۆزلەپ يۈرىدىغان بىرەيلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ تىللا تۆكۈلىدىغان دەرىخى قىلىۋالغان. ئۇ ئوچۇقلا قىلىپ: «كامىلكام لەتىپە ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، مەن ئۇنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى توپ ۋە پارچە باھادا سېتىپ تۇرىمەن» دەيدۇ. تەبىئىيتىدىن سوغۇق قان يارالغان قىزىقچىمىز بۇ ئىشلارغا كۆلۈپلا قويىدۇ.

مەن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن: «كامىل غۇلجىدا تۇنجى بولۇپ چاقچاقنىڭ لەتىپىچىلىك تۈرىنى كۆتۈرۈپ چىققان» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ غەلىتىلىك ھېس قىلدىم. بۇ گەپكە تازا ئىشەنچىم بولمىسىمۇ يەنىلا سوراپ باققۇم كەلدى:

— تەمىنلىگەن دېگەن بولسىمۇ ياق دېمىگەن بولاتتىم، — دەپ ھەق گەپنى قىلدى ئۇ، — كۆتۈرۈپ چىقتى دېگىنى بەكلا چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدە لەتىپىچىلىك يېڭى تۇر ئەمەس. بالىلىق چاغلىرىمىزدا بوۋىلىرىمىزدىن تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن قىزىقچىلىرىمىزنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان. ھېسام قۇربان چاقچاقلىرىنىڭ لەتىپە تۇسىنى ئېلىپ كېتىشى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەتتۇ. ئەمدى قويۇپ بۇ تۆھپىنى ئۆزۈمنىڭ قىلغۇالسام، بىرىنچىدىن ئامانەتكە خىيانەت قىلغان، ئىككىنچىدىن كەچۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىققا يول قويغان، ئۈچىنچىدىن ئاتىلار روھىنى ئۇرغان بولمامدىمەن.

كامىل غوجائەخمەتنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكى مېنى تولىمۇ قايىل قىلدى. شۆھرەتكە ئىنتىلمەيدىغان كىم بار؟ ئىنسان تەبىئىتىدىن ئالغاندا كۆپىنچە ئادەم مۇمكىن بار ئۆز ھاياتىنى بېزەپ كۆرسىتىش تەرىپىدە بولىدۇ. قىزىقچىمىز ئۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تىپىغا ياتمايدىغان، كۆڭلىدە نېمە بولسا ئۇدۇللا دەۋېتىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزى تەبىئىيكى دادىسى خۇسۇسىدىكى قىزىقشىمىزنى قوزغايدۇ. بۇ يىل يەتمىش بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان غوجائەخمەت ئاكا مائارىپ، بىرلىك سەپ سىستېمىسىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىدىكى زىيالىيلىرىدىن بولۇپ، مەھەللىسى، بۇرادەرلىرى ئارىسىدا خېلى نامى بار پاراڭچى، قىزىقچى كىشى ئىدى. ماددىي تۇرمۇشقا قارىغاندا مەنىۋى دۇنياسىنى توق تۇتۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۆزى ئەدەبىياتقا قىزىقاتتى. پەيزى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا ئاز ـ تولا بىر نەرسىلەرنى يېزىپمۇ قوياتتى. «ئىلى گېزىتى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرناللىرىدا غوجائەخمەت ئەزىم نامى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ دەم ئېلىشقا چىقىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئائىلە ئارخىپى، بەشكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ تەزكىرىسى، جېلىلىيۇزى بازىرىنىڭ ئەسلىي تارىخى توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ جېلىلىيۇزى بازىرىنىڭ ئەسلىي تارىخى توغرىسىدا

www.uyghurkitap.com

يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىدىن بۇ بازارنىڭ يۈزبېگى بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئۆتمۈشى ھەققىدە يامان ئەمەس ئۇچۇرلارنى كۆرۈلەيتتى. غوجائەخمەت ئاكىسىنىڭ بۇرۇندىنلا شەھەردىكى ئاتاقلىق چاقچاقچى، ناخشىچى، سازەندىلەر بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ھېسام قۇربان، ئابدۇرېھىم ئىمىن، روزى ئـابدۇۋەلىلەر ئـۇنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ئىدى. ئۇلارنى پات ـ پات چاقىرىپ، سورۇن تۈزۈپ، قىشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۈنلىرى، يازنىڭ چىرايلىق ئايلىرىنى ناخشا، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزەتتى. قىزىقچىمىزنىڭ ھېسام قۇربان بىلەن تونۇشۇشى ئۆز ئۆيىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى تېخى سىرىق تۈكىنى تاشلىمىغان كامىلنىڭ باللىق يۈرىكىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

— بىر ئىش زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ، — دەيدۇ كامىل غوجائەخمەت شۇ چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن بىر قىتىملىق ئولتۇرۇشنى ئەسلەپ، — ھېسامكامنىڭ تۇرپانىيۈزى يېزىسىدا ئىدىيە ئۆزگەرتىشتە تۇرۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى. قىش چىللىسى باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام ھېسامكام بىلەن شەھەردىكى بىرقانچە بۇرادەرلىرىنى ئۆيگە چاقىرىپ چاي قىلىپ بەردى. چاي كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن شۇنداق قىزىدىكى شامدىن كېيىنلا باشلىغان ئولتۇرۇش تاڭ ئاتارغا ئۇلىشىپ كەتتى. ئۇ كۈنى ھېسامكامنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزى يۇمۇلدى. كىملەردۇر ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپ چاقچاقنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ بېرەتتى. ھېسامكام ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى نۆۋەت بىلەن ئوخشاتتى. بىزنىڭ نەبىكام دەيدىغان بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان، شۇ كۈنى چايدا ئۇمۇ بار ئىدى. بىر چاغدا قانداق بولدى چاقچاق ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە توختاپ قالدى، ھېسامكام نەبىكامنىڭ بىر پارچە سەنسەن تېرىنى كالپۇكى ئۈستىگە يېپىشتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆتمەك بۇرۇتىنى ھارۋىنىڭ چاقىنى مايلايدىغان ياغلىغۇر (پەلكۈچ) غا ئوخشىتىپ شۇنداق كەلتۈردىكى ئاپىرىن، ئۆي ئىچىدىن قىيقاس چىقىرىۋەتتى. تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۆزگىرىپ كەل دېسە

تۇرپانيۈزىنىڭ مۇنچىسىغا ئوت قويۇۋېتىپ خىيالىدا يوق چاقچاق بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىپ يۈرۈۋاتقان، ئۆمرىدە ھارۋا باشقۇرۇپ باقمىغان زامانىمىزدىكى بۇ مەشھۇر خوجا نەسرىدىننىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق دېتاللارغىچە دىققەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇرۇت بىلەن ياغلىغۇر نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر ئوبرازلىق، نەقەدەر جايىدا ئوخشىتىش بۇ. پۈتۈن بىر كېچىلىك ئولتۇرۇشتا ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغىنى ئاشۇ چاقچاق بولدى. بۇ مېنىڭ شۇ يېشىمغىچە ئاڭلىغان ھەم بالىلىق قەلبىمنى ھاياجانغا سالغان ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ چاقچىقى ئىدى.

— بىرىنچىسىمۇ بارمۇ تېخى؟ — دەپ كوچىلاپ سورىدىم مەن.

— بولمامدىغان، بولغاندىمۇ كىشىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان، قانچە ئاڭلىسا شۇنچە يېڭى، شۇنچە جەلپ قىلارلىق دەڭە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ سىدىق بۆگەن، تۇرسۇنكام تاز، پالۋانكام، ھاجى كالا دەيدىغان قالتىس خەلق قىزىقچىلىرى ئۆتكەن. سالى، لەتىلەر بىلەن پادا بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدىلا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى پات - پات ئاڭلاپ قالىدىغان، توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ گېپى بولاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ھەممىدىن بەك ئېقىپ يۈرىدىغىنى سىدىق بۆگەننىڭ چاقچاقلىرى ئىدى. ئۇ كىشىمۇ ماڭا ئوخشاش پۇل، مال - دۇنيانى دوست تۇتماي كۆڭۈل ئىزدەپ، ئويۇن - كۈلكە قوغلىشىپ ئۆتكەن كەمبەغەل كىشى بولسا كېرەك. بىر كۈنى پۇلدىن قىسىلىپ تۇرسۇنكام تازدىن شۇ زامانىنىڭ ھېسابىدا ئون يارماق قەرز ئېلىپ تۇرغانىكەن. پۇلنى ۋاقتىدا بېرەلمەي بىرئاز سۆرەپ قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرسۇنكام سىدىق بۆگەننى يولدا ئۇچرىتىپ قېلىپ قەرزىنىڭ گېپىنى قىلغانىكەن، سىدىق بۆگەن: «سەت بولدى ئۇكا، ۋاقتىم تەگمەي ئاپىرىپ بېرەلمىدىم، يېنىمغا سېلىۋالماپتىمەن، كەچقۇرۇن ئۆيگە دىككىدە بارسىڭا، بېرىۋېتەي» دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. تۇرسۇنكام كەچكە تارتىپ ئۇنىڭ ئۆيگە بېرىپتۇ.

سىدىق بوۋەن ئۇ كەلگۈچە ئون يارماقلىق پۇتۇن پۇلىنى ئەتەي بىر يارماق، بىر يارماقتىن پارچىلاپ تەق قىلىپ قويۇپتۇ ــ دەپ. تۇرسۇنكام كېلىشىگە ئۆزرىسىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپتۇ. تۇرسۇنكام پارچە پۇل بولسىمۇ ئالغىنىغا خۇش بولۇپ قايتاي دەپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا سىدىق بوۋەن: «نەگە ئالدىرايسەن ئوكا هوي، بارىمەن دېسەڭ يەنە شۇ ئۆي، ئۇنىڭدىن بىر دەم ــ يېرىمدەم دۇتار ــ پۇتار چېلىپ، هال ــ مۇڭ قىلىشىپ ئولتۇرمايلىمۇ ــ هە، مەن چالىمەن دۇتارنى، هەدەڭ چالىدۇ دۇتارنى ...ئا، كېتەر جاهاننىڭ كارى» دەپ تۇتۇۋاپتۇ. تۇرسۇنكام ئۆي ئىگىسىنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلىۋاتقان تەكەللۇپىنى رەت قىلىشقا كۆڭلى بارماي ئولتۇرۇپتۇ. سىدىق بوۋەن دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، راسا سازلاپ چالغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ بىسمىللىسىغا ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا چېلىپ، قىزىنى ئۇسسۇلغا تارتىپتۇ. قىزى ئۇسسۇل ئويناپ بىر يەرلىرىگە كەلگەندە سىدىق بوۋەن تۇرسۇنكامغا: «قارىسىڭا تۇرسۇن، قىزىمنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۆرۈم ــ چۆرۈملىرىنىڭ يوقمۇ ــ هە» دەپ قويىدىكەن. تۇرسۇنكام خىجىل بولغىنىدىن بىر يارماق تاشلاپ قويىدىكەن. بىر ــ ئىككى پەدىدىن كېيىن دۇتارنى ئايالى قولىغا ئالىدىكەن. ئۇمۇ تازا پەيزى بىلەن چېلىۋاتقاندا سىدىق بوۋەن يەنە: «ۋاھ، ۋاھ، هەدەڭمۇ قالتىس مۇڭى بار خوتۇن جۇمۇ، سېنى كەپتۇ دەپ بارىنى تۆكۈۋەتتا، بىرەر يارماق ئۆرۈپ قويسىڭا ئەمدى» دەيدىكەن ــ دە، ئۇنىڭغىمۇ بىر يارماق تاشلايدىكەن. شۇ قاتاردا بۇ نېسىۋىدىن ئۆزىمۇ قۇرۇق قالماپتۇ. قىزلىرى، ئوغۇللىرى بولۇپ هەممىسى بىر يارماقتىن ئۆرۈم ئېلىپ، تۇرسۇنكامنىڭ يانچۇقىنى بىردەمدىلا قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. قەرز بەرگەن پۇلنى ئالغىلى كەلگەن تۇرسۇنكام دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئەلەم بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەسلىدە سىدىق بوۋەن بۇ كىشىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن شۇ كۈنى باشقا بىرسىدىن ئون يارماق پۇلنى بىر كۈنلۈك ئۆتنە ئېلىپ تۇرغانىكەن. ئەتىسى ئۇ كىشىنىڭمۇ قەرزىنى قايتۇرۇپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپتۇ.

قارىماققا، بۇ بىر ئادەتتىكى چاقچاق، بىراق ئۇنىڭ تەكتىگە



www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇنغان تويۇنغان كۆلكە، پەلسەپىۋى ھېكمەتنىڭ ۋەزنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭە. مەن بۇ چاقچاقنى قەلبىمدە زىكرى قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا قىرىق يىلدىن ئاشتى. قىرىق يىل ئاز ۋاقىتمۇ، قىرىق يىلدا دەرەخلەر قىرىق قېتىم غازاڭ تاشلايدۇ. قىرىق يىل ئاۋۋالقى غازاڭ ئاستىدا قېلىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىشلار ئازمۇ، لېكىن تارىخ ئادەتتىكى بىر چاقچاقنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى كۆمۈۋېتەلمىدى. شەخسەن مېنىڭ قەلبىمدە شۇنداق. ھەر قېتىم شۇ چاقچاق يادىمغا يەتسە بىر قېتىم كۈلىمەن. بىر قېتىم ھۇزۇرلىنىمەن. تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن، ۋاژىلداپ قايناپ تۇرغان يېرىدىن ئېلىنغان چاقچاق خام قايماقتەك تاتلىق، ئەتكەنچايدەك سىڭىشلىق بولىدىكەن. قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ، يۈز يىلدىن كېيىنمۇ تەمى تىلدىن كەتمەيدىكەن.

— كېتەمدىغان، — دەپ كۈلدى قىزىقچىمىزنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ گېپىگە لوقما تاشلاپ، — ئۆمۈر يار بېرىدىغانلا ئىش بولسا ھېلىغۇ يۈز يىلكەن، مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ بىكارغا يەپ، بىكارغا كېكىرىپ كەلگەن ئويۇن - تاماشىنىڭ تەمى ئەلۋەتتە ئېغىزدىن كەتمەيدۇ - دە.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا ئاچچىق تەنە بار ئىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ بولدۇم. ئەرلىرى ئۇستىدىن ۋايساش ئومۇمەن قىزىقچىلىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت. بۇ ۋايساشلاردىن رەنجىشكە، پالان - پۇستان دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت باشقىلارغا قارىغاندا كامىل غوجائەخمەتنىڭ ئايالىدا ئۆز ئىپادىسىنى بەكرەك تاپقاندەك قىلاتتى. تۇرمۇشقا، ئائىلىسىگە سادىق، تۇرقىدىن تولىمۇ تۈز، ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان سەھرا چىراي بۇ ئايال مۇئەللىپكە ئېرى ئۈستىدىن يېتەرلىك دادلاپ بېرىشكە ئۈلگۈردى.

— بۇ باغۇ قاراڭ ئۇكام، چاقچاقنىڭ، ئويۇن - كۈلكىنىڭ گېپى چىقسا يەۋاتقان ئېشىنى، ئۇخلاۋاتقان ئۇيقۇسىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئابدال بىر نېمە، ھېلىقى سالى، لەتىلەرمۇ شۇ، ھەممىسى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە كۆن تولۇپ يوقاپ كېتىدۇ. نەدە دانلاپ، نەلەردە ئۇنلەپ يۈرگىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۈزۈ- ماكان، بالىۋاقا ماڭا قېلىۋاتقان، جاپاسىنى ئاز تارتمىدىم بۇ بايقۇشنىڭ. تۇرقۇمدىن كۆرۈۋاتقانسىز، چېچىمغا، چىرايىمغا قاراپ ھېچكىم مېنى شەھەرلىك دېمەيدۇ. مۇشۇ ئۆينىڭ كاكىلچىلىقىنى، ئالتە بالىنى باقىمەن دەپ يېشىمدىن بۇرۇن قېرىپ بولدۇم. يازسىڭىز مۇشۇلارنىمۇ يېزىپ قويۇڭ. سالى دېگەن يور كۆتەك چاقچىقىدا تازا دەۋاپتىغۇ، بىر پۇتىغا بوتەي، بىر پۇتىغا چوخەي كىيىپ، ئۇستىگە بىر يېڭى يوق چاپاننى سېپىۋېلىپ تونۇر بېشىدا نان ياقىدىغان، «ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا، دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق» دەيدىغان ناخشىلار ئەمدى بىزگە ياراشمايدىغان بولۇپ قالغان ھېلىقى خوتۇن مەن بولىمەن. ھەممىسىنى يېزىڭ. چاي بەرگەن، نان بەرگىنىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بولۇپ قالار ئۇكام. ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ، ياخشى ئويناپ يۈرگەن بولساقمۇ مۇنچىۋالا قېرىپ كەتمەس ئىدۇق. سىز بىلمەيسىز، كامىلنىڭ شوپۇرلۇق قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى. چوڭ ماشىنىمۇ، كىچىك ماشىنىمۇ ھەيدىدى. باشقا شوپۇرلار بولسا ئاللىقاچان ئىشىك ـ بوسۇغىسىنى ئالتۇندىن قىلىپ بولاتتى. ئاشۇ «ئالتۇن» لاركەنغۇ كىشىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان. بىراق بىزنىڭ چىشقاق توقلا، بىر سىڭار سۇڭگۇچ كالىمىزدىن باشقا ھېچ نەرسىمىز يوق. ھەممىسى چاقچاق بىلەن ئويۇن ـ كۈلكىنىڭ كۆتىگە كىرىپ كەتتى. بايقۇشنىڭ ئاخشاملىرى مەست كەلسە ھاتەمدەك سېخىي بولۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. مەن قاينايمەن، ئىچىپ كەپسەن دەپ، بالىلار خۇشال بولىدۇ، دادام مەست كەلسە پۇل تارقىتىدۇ دەپ. مۇشۇنداق بولىۋەرسە سىدىق بۆگەندەك خەقنىڭ ئۆرۈمىگە قالىدىغۇ ئاخىر.

— ھى ـ ھى ـ ھى ...، — دەپ ھىجايدى قىزىقچىمىز، — مۇشۇ كۈنلەردە ساقچىدىنىمۇ ئەمەس، خوتۇن كىشىنىڭ قاپىقىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم جۇمۇ ئۇكا. قارا ئۇنىڭ تۇرىنى، ئەمدى ... ھەدەڭنىڭ دېگەنلىرىنىڭغۇ خاتاسى يوق. قارارى يوق ئويۇن، ئاخىرى چىقماس

كۇلكە ـ چاقچاق بىزنى نۇرغۇن كىچىكلەرگە سىلىۋەتتى. ساڭا دىسەم، ئولتۇرساق ـ قوپساق چاقچاقنىڭلا گىپىنى قىلىدىغان، ئاخشاملىرى چۈشىسەكمۇ چاقچاق چۈشەپ قوپىدىغان چاغلىرىمىز بولغان. شۇ ئارىدا ھەدەڭ ماڭا خېلى قاتتىق دىكتاتورا يۈرگۈزۈپ باقتى. كۆزمۇ باغلاندى. دەرۋازىنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ پىقىرنى شەرەپ بىلەن «مىرزى قاماق» قا ئېلىۋالاتتى. كۇندۈزى ئىدارىنىڭ، كېچىسى ھەدەڭنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىناتتىم. «ھۆرلۈك»، «ئەركىنلىك» دەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرەك ئۇچۇن يەنە ئامال ـ چارە تېپىلىپ تۇرىدىكەن. چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتىدىغان چاغدا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالاتتىم. مېنىڭ ئۇخلىغىنىمنى كۆرۈپ خوتۇنۇممۇ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسەتتە يوتقاندىن مىسىسقىدە سوغۇرۇلۇپ چىقاتتىم. كىيىملىرىمنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ، پەلتويۇمنىڭ ئورنىغا خوتۇننىڭ پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇرۇشلارغا تىكىۋېتەتتىم ـ دە، تاڭ ئاتارغا يېقىن يەنە تىۋىش چىقارماي كىرىۋالاتتىم. كۇنلەر ھەم ئايلار ئۆتۈپ خوتۇننىڭ قاتتىق ـ يىرىك دىكتاتورىسى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن ئاخىر مېنى «تۇتقۇن» لۇقتىن بوشاتتى. مانا خىيمۇ ئوبدان ھۆرلۇككە چىقىپ قالدۇق. ھازىرقىدەك چېچىلىپ قالغان چاغلاردا تاماكامنى چېكىپ، دىمىغىمدا ناخشامنى غىڭشىپ ئولتۇرىۋېرىمەن. جاۋۇلداپ ـ جاۋۇلداپ توختاپ قالىدۇ. بايا قىلغان گەپلىرىنى توغرا چۈشىنەرسەن. رادىئو ئىستانسىسى قۇتقۇزۇش بېرىدىغاندەك ھالىنى ئېيتىپلا كەتتى.

بىز كۇلۇشتۇق. قىزىقچىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى ئەسلىمە بىلەن ئائىلىنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىققان سالقىن كەيپىيات دەقىقە ئىچىدە كۇلكىگە ئالماشتى. چاقچاقچىلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق بولىدۇ. ئائىلىنىڭ كەيپىيات جەھەتتىكى بۇزۇلغان ھاۋاسىنى قىزىقچىلىرىمىز ئۆزلىرى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

كامىل غوجائەخمەت سالى، لەتىلەرگە قارىغاندا تۇرمۇشتا ئانچە بەك چېقىلىپ كەتمىگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كونەس ناھىيىلىك پولات زاۋۇتى، غۇلجا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن بولۇپ، ئۆمرى شوپۇرلۇق بىلەن ئۆتكەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ قولى رۇدا، ئۆزى چاقچاقتا. ماشىنىسىنىڭ چاقى نە ـ نەلەرگە ئىز قالدۇرمىسۇن ئۇنىڭ تىلى چۇچۇك ئاغزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ئىنى يەردىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئەستىلىكلەرنى قالدۇرۇپ كېلىۋەردى.

پەرھات، قۇرۋان، رىشىت، مۇھەممەتجان ... بۇلار كامىل غوجائەخمەتنىڭ كۇنەس ناھىيىلىك پولات زاۋۇتىدا توققۇز يىل بىرگە ئىشلىگەن بۇرادەرلىرى. قىزىقچىمىز 1981 ـ يىلى خىزمىتىنى غۇلجا ناھىيىسىگە يۆتكەپ كېلىدىغان چاغدا ئۇلار ئۇنى كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قالغانىدى. ئارىدىن ئون ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇرادەرلىرى ئۇنى بىر كۇنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. «ساڭا بەكلا ئۆگىنىپ قاپتۇقكەن» دەپ يازىدۇ ئۇلار بىر قېتىم كامىلغا يازغان خېتىدە، «سەن كەتكەندىن بېرى بۇ يەرنىڭ پەركايى ئۇچتى. پىغانىمىز ئۆرلەپ تۇرغان ياكى ئېغىر ئەمگەكتىن چارچىغان چاغلىرىمىزدا چاقچاقلىرىڭنى ئاڭلاپ خويمۇ يېنىكلەپ قالاتتۇق. خوتۇن ئۆيدە لەڭمەن ئەتمىسە ئاغزىمىزغا تاماق تېتىمىغاندەك، ھازىر ھېچ نەرسە تېتىمايدىغانلا بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەر سېنىڭ قىزىق ـ قىزىق پاراڭلىرىڭ بىلەن ئاۋات بولۇپ كەپتىكەن. كۇلكە ـ چاقچاق بولمىغان يەردە ھاياتمۇ ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدىغان ئوخشايدۇ. چاي، توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلار بولسا سېنىڭ يوقلۇقۇڭ تېخىمۇ بەك بىلىنىپ كېتىدۇ. <كامىل مۇنداق دېگەن> دەپ چاقچاقلىرىڭنى دائىم سۆزلەپ تۇرىمىز. تاغدىن ماشىنا بىلەن كوكۇس، رۇدا توشۇغان چاغلىرىمىز ھېلىمۇ ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ. يىراقتىكى ئاقباش چوققىلاردىن رۇدا بىلەن كوكۇسنى ئەمەس، سېنىڭ كۇلكە ـ چاقچاقلىرىڭنى بېسىپ كېلەتتۇق. كىشىلەرنىڭ رەڭگىروويى بىز توشۇغان كوكۇسلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان شۇ يىللاردا ھاياتقا بولغان ئۇمىد، ياشاشقا بولغان ئىشەنچىمىزنى كۇلكە ـ چاقچاقلىرىڭدىن تېپىپ كەلگەن. كۇن بويى ھاشارغا ئىشلىگەندەك ئىشلىسەكمۇ نە چارچىغان، نە

زېرىككەننى ھېس قىلمايتتۇق. سەن بار يەردە <ھاشار> ئەمەس، توي قايىنايتتى. كىملەرنىڭدۇر يۇرۇش - تۇرۇشى، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىكى مۇقامغا چۈشمىگەن يەرلىرىنى سېزىپ قالساڭ ئەتىسىلا ئۇنى مىڭ ياڭزا تۇرلەندۇرۇپ، نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، ھېسام قۇربان چاقچاقلىرىغا ئوخشاش ئاجايىپ قىزىق لەتىپە - چاقچاقلارنى توقۇپ چىقاتتىڭ. بىزنىڭ بۇ يەردىن ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇچۇپ كەتكەن نۇرغۇن <قۇش> لارنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. لېكىن سېنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدۇق ...»

شۇنداق، قىزىقچىمىزنىڭ لەتىپە توقۇش ماھارىتىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئۇ يالغۇز لەتىپە - چاقچاق توقۇش ماھىرىلا بولماستىن نۆۋەتتە يەنە قاملاشتۇرۇپ لاپ توقۇشنىڭمۇ ئۇستىسى. باللار يازغۇچىسى توختاش بەكرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «ئابدۇلكامنىڭ لاپلىرى» دەسلەپتە كامىل غوجائەخمەتنىڭ ئېغىزىدىن تارالغان. توختاش بەكرى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «لاپلارنىڭ يازما ئەدەبىياتقا سوڭدىشىپ چىقىشىدا كامىلنىڭ تۆھپىسى چوڭ. ئۇ ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. مەن ئۇ سۆزلەپ بەرگەن لاپلارنىڭ بەلگىلىك بەدىئىي ھەم ئېستېتىك قىممىتىنى ھېس قىلىپ قەلەمگە ئالدىم» دەيدۇ.

مەن قىزىقچىمىزنىڭ كۆلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتكەن ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ بىر دوستى ماڭا ئەقىل ئىشارىسىگە ياتىدىغان قىزىق بىر قىستۇرمىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ بىرقانچە بۇرادىرىمىز بىلەن قورغاسقا بارغان چاغدا تاسادىپىي يولۇقتۇرۇپ قالغان ئىش ئىدى، — دېدى ئۇ مۇئەللىپكە كۈلكىلىك قىلىپ، — ناھىيە بازىرىغا بېرىپلا گېلىمىز قىچىشتى. ئۆپكىمىزنى بېسىش ئۈچۈن خالىي بىر ئاشخانىغا چۆكۈپ قالدۇق. قورۇمىلارنى كەلتۈرۈپ، قىچىشقان يېرىمىزگە بىرەر - يېرىم رومكىدىن ئۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا لەپلا قىلىپ، تۇرىدىن ئۇرۇشخۇمارلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، ياپما قاپاق، تەتۈر ئۇستىخان، مەيدىلىرى ئوچۇق، ئۇستۈېشى

تولىمۇ ئاۋارە بىر ئاداش ئاشخانىدا پەيدا بولۇپ قالدى. گەپ سۆزىدىن ساق ياكى ئىچىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ئاداشنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇپ، بىز ئولتۇرغان شىرەگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىپىك يېقىندىلا تۇرمىدىن مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى، يىراق ـ يېقىندا پالان ـ پۇستان نوچىلار بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى نوچىلىقتىن تەمەيىنىڭ بارلىقىنى پەش قىلىپ، بىزگە قوقاق سالغىلى تۇردى. ئۇنىڭچە بولغاندا بىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ھېچ بولمىسا نوچىلىقىنىڭ ھۆرمىتىگە بولسىمۇ داستىخانغا تەكلىپ قىلىشىمىز، بىكارغا تاماق، بىكارغا ھاراق بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. جەمئىيەتتە جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان شۇنداق كىشىلەر بار، يۈزىنى ئابدۇخالىقنىڭ چەمدەك قىلىپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ، باشقىلارنىڭ ئولتۇرۇشى، ئويۇن ـ كۆلكىسىگە شېرىك بولۇۋالىدىغان. تۇرۇپ جۇدۇنۇم قورۇدى. مەن ئەمەس، سىز بولسىڭىزمۇ شۇنداق ھېسسىياتقا كېلەتتىڭىز. مۇشۇ يېشىمغىچە كۆپ ئىشلارغا ئارىلىشىپ، تالاي قازانلاردا قاينىغاچقا ھازىرقىدەك ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل ئۆڭگەچتىن ئۆتۈپ بولغان بىرقانچە رومكا ھاراق شەيتىنىمنى دەيدەيگە سېلىپ تۇراتتى. ئورنۇمدىن قوپۇپ، داپ يۈز نوچىغا بىرنەرسە دەي دەپ تۇرۇشۇمغا كامىل: «ئۆزۈڭنى بېسىۋال، بۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن» دېگەن مەنىدە پۇشىمىنى تارتىپ قويدى، جىم بولدۇم. ھېلىقى ئاداش يەنە مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئۆزى تونۇيدىغان قايسىبىر نوچى، قايسىبىر گاڭگۇڭلارنىڭ كۆكسىنى ساتقىلى تۇرۇۋىدى، كامىل قوپۇپ:

— ئادىشوي، سەن دەۋاتقان ئۇ نوچىلار، مەن تونۇيدىغان نوچىلارنىڭ تەرتىگە سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن، — دەپ سالدى.

— سەن ... سەن قايسى نوچىلارنى تونۇيسەن؟

— قادىر پالتا دەپ ئاڭلىغانمىدىڭ، — دېدى كامىل ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، — مانا ئۇ مېنىڭ جانجىگەر ئاغىنەم بولىدۇ. پالان دېگەننىڭ كاللىسىنى چانايدۇ. نۇرغۇن نوچىلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتىپ،

خوتۇن ـ بالاۋاقىسىنى ئۆزى بېقىپ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋىرىڭ يوقكەن ـ دە.

ــ ھە، يەنىچۇ؟

ــ ئىسمايىل قالىماق، ئازاد كالون، ھوشۇر پاتقاق ...

ــ ئۇلار قانداق نوچىلار؟

ــ كاللا بىلەن مۇش، پەشۋا بىلەن تەتۈر چىرماق، كۆزۈڭنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆزۈڭنى كارىۋاتتا، ھالىڭنى سەكراتتا كۆرىسەن.

نوچى كامىلنىڭ خاتىرجەم تۇرقىدىن ئاسان بوزەك قىلغىلى بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، بايىقى ھەيۋىلىرى يۇمشاپ، تىلىنى چاينىغان پېتى نەگىدۇر كېتىپ قالدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىز بىر قانچىمىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدۇق. ئەسلىي كامىل دېگەن نوچىلار بىز بىلىدىغان جېلىلىيۇزلىك كىشىلەر بولۇپ، قادىر پالتا دېگىنى موزدوز پالتاخۇننىڭ بالىسى، ئىسمايىل قالىماق، ئازاد كالون دېگەنلەرمۇ بۇخشاشلا ئۆمرىدە خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ باقمىغان، قويدەك ياۋاش، قوزىدەك مۇلايىم ئادەملەر ئىدى. شۇ كۈنى كامىل ئاغىنىمىز بۇ ئىشنى قوۋاق بىلەن چاقچاققا يۆلەپ ھەل قىلمىغان بولسا ئېھتىمال كاللا موللاق بولۇشۇپ، بىرىمىزنىڭ قاپىقى يېرىلغان، يەنە بىرىمىزنىڭ تۇمشۇقى قانىغان، ئىش چىگىشا چىقسا بىر مەيدان قانلىق جېدەلگە سەۋەبچى بولۇپ قالغانمۇ بولاتتۇق.

چاقچاقنىڭ تۈرى كۆپ. قىزىقچىمىزنىڭ يۇقىرىقى چاقچىقى چاقچاقنىڭ قايسى تۈرگە چۈشىدۇ، بۇنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرمايمىز. كۈلكە چاقچاقنىڭ جېنى، ئۇنىڭدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈلكىلەر كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈپ، نېرۋىلىرىمىزنى سەگىتسە، ئاچچىق تەنە، زەھەردەك كىنايىلەر مىجەز ۋە خاراكتېرىمىزدىكى تەبىئىتىمىزگە يات ئىللەتلەرگە ئەجەللىك قامچا ئۇرالايدۇ. ئادەتتىكى بىر چاقچاق دەماللىققا ئاڭلىغاندا بىزگە ئانچە تەسىر قىلمىغاندەك بىلىنگىنى بىلەن ئۇ مىكرو تىپلىق بومبىغا ئوخشاش زور ئېنېرگىيىلىك كۈچ بىلەن روھىي

ئالىمىمىزدە پارتلاش ھاسىل قىلغان چېغىدا، ئۇنىڭدىن چاچراپ چىققان ھەربىر ئوت يالقۇنى ئېڭىمىزدە زىلزىلە پەيدا قىلىپ، يىقىتۇرۇپ قويغان ئۆزىمىزنى تېپىپ بېرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن چاقچاقنى ھەقىقەتەن تولىمۇ يېقىن دەپ ئېيتالايمىز. ھەقىقەت بولسا دوستويېۋسكى ئېيتقانلىرىدەك: «نىكراسوپتىن بەلەن، پۇشكىندىن يۇقىرى، روسىيىدىن ئۇلۇغ ۋە بارلىق كۆركەملىكتۇر» ئاشۇ ئۇلۇغلۇق ۋە كۆركەملىكنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەينەكلەرنىڭ بىرى خەلق قىزىقچىلىرى. ئۇلار «چاقچاقتىن قېچىشنىڭ ھەقىقەتتىن قېچىش» (تۇرگېنېۋ) لىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇش بېسىمى، تاپا - تەنىلەرگە قارىماي ھەقىقەتكە ئەگىشىش، ھەقىقەت ئىزدەش بىلەن ئاۋارە. بىزنىڭ ئېغىر كارۋىنىمىز كامىل غوجائەخمەتمۇ ھەم شۇ. ئۇنىڭ «چاقچاقسىز ئۆتكەن كۈنۈمنى، تۈزى يوق ئاشتەك بەتتام ھېس قىلىمەن» دېيىشى ھەقىقەتكە سادىقلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنداقتا بىلىق يىلىدىكى «سوغا يۇلتۇز تۇركۇمى» گە تەۋە قىزىقچىمىز، ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز دەۋاتقان ھەقىقەتكە قانچىلىك دەرىجىدە ياندىشالىدى؟ تۆۋەندە بۇنىمۇ كۆرۈپ باقايلى.

# كامىل غوجائەخمەت چاقچاقلىرى

## ئون مىڭلا بولۇپ كەتسۇن

دادام قىزىق ئادەم. بىزگە شىرەم توغقان كېلىدىغان بىرسى مەھەللىمىزدىكى مەلۇم بىرسىدىن بەش مىڭ سوم ئۆتنە ئېلىپ تۇرغانىكەن. پۇلنى قايتۇرىدىغان چاغدا قەرزدىن تېنىۋاپتۇ. قەرز ئىگىسى ئۇنداق دېسىمۇ «ھۆججىتىڭ بارمۇ؟» دەيدىكەن. مۇنداق دېسىمۇ «ھۆججىتىڭ بارمۇ؟» دەيدىكەن. ھېلىقى كىشى ئاچچىقىدا:

— خەپ، خۇدايىمغا قويدۇمغۇ. تاڭلا قىيامەتتە كېكىردىكىڭنى

سىقىپ تۇرۇپ ئالمايدىغان بولسام، — دېيىشىگە دادام قەرز ئىگىسىگە دەپتۇ:

— ھامىنى كېيىن ئالغاندىكىن يەنە بەش مىڭنى بېرىپ تۇرسىڭىز ئەمدى، ئون مىڭلا بولۇپ كەتسۇن.

## ئانىسىغا چىدىماي

بىر يىلى سالى بىرقانچە تۇياق قويىنى لەتىلەرنىڭ چارۋىسىغا قوشۇپ قويۇپ، ئۆيىگە ئەكەتمەي تۇرۇۋالدى. باشقىلارنىڭ مېلىنى بىكارغا بېقىپ چىدىمىغان لەتى بىر كۈنى كامىلنىڭ ئالدىغا ھال ئېيتىپ كەلدى.

— قارىسىڭىز ئاداش، سالى دېگەن تازىمۇ قېلىن بىرنېمىكەن. قويىنى مەن باقىمەن. ئۆسۈمىنى ئۇ يەيدۇ. نەچچە يىل بولدى، يا كۈتەك ھەققىنى بىلمىسە، يا ئۆزىنى سوراپ ئېلىپ كەتمىسە، قانداق قىلسام بولار؟

— چوڭ قويدىن بىرنى سوي ـ دە، گېلىڭغا ئۇر، — دەپ مەسلىھەت بەردى كامىل.

— سوراپ قالسا نېمە دەيمەن؟

— ئېغىلغا مەش قويغان، ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ قالدى دېمەمسەن.

بۇ چارە ھەر ھالدا ئۇنۇم بەردى. لەتى سالىنىڭ ياراق بىر قويىنى ئىس ئېلىپ كەتتى دېگەن باھانە بىلەن سويۇپ يەۋالدى. ئەتىيازغا چىققاندا لەتى سالىنىڭ يەنە بىر قوزىسىنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى قازانغا سېلىپ، سالى بىلەن كامىلنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. سالى لەتىنىڭ ئۆيىگە بېرىپلا قوزىسىنىڭ تېرىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ئەمدى بۇ جانىۋارغا نېمە بوپتۇ؟

لەتى گەپكە ئاغزىنى ئۈمەللەپ بولغۇچە كامىل جاۋاب بەردى:

— ئانىسىغا چىدىماي ئۆلۈۋاپتۇ.

# جەرىمانە

كامىل تۇنجى قېتىم ئۇرۇمچىگە بارغاندا چوڭ ھوجىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن تۈكۈرۈپ سېلىپ، تازىلىق ئىشچىسى تەرىپىدىن بەش يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. جەرىمانە ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ ھەمراھى بىلەن يەنە بىر كوچا ئاتلاپلا بىرقانچە كىشىنىڭ يول ئۈستىدە تاۋۇز يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ھەمراھى ئۇرۇمچىدىكى قايسىبىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىۋەنلىكىنى قىلاتتى. ئۇ ھەمراھىنىڭ ئىش ئورنىغا چىققاندا تاقىۋالىدىغان قىزىل يەڭ بەلگىسىنى ئېلىپ شاققىدە يېڭىگە تاقىدى ـ دە، تازىلىق ئىشچىسى قىياپىتىدە تاۋۇز يەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟

— ئەمدى ... بۇ ... بۇ ...

— ھەممىنى ئاپىرىپ تازىلىق ساندۇقىغا سېلىڭلار.

ئۇلار تاۋۇز شاپاقلىرىنى پاكىز تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، كامىل بايا تازىلىق ئىشچىسى قالدۇرۇپ كەتكەن يانچۇقىدىكى بەش يۈەنلىك جەرىمانە تالۇنىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ئەسلى ھەربىرىڭلارغا ئايرىم جەرىمانە قويسام بولاتتى. خەير، يىراق جايدىن كەلگەندەك تۇرىسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭلار.

يىراق يۇرتتىن كەلگەن بىچارىلەر غورا قاپاق، تەتۈر ئۈستىخان تازىلىق ئىشچىسىنىڭ ھەر ھالدا ئۆزلىرىگە ئېتىبار بىلەن جەرىمانە قويغىنىدىن خۇش بولۇپ، بەش يۈەن پۇلنى تارتىشمايلا چىقىرىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ كامىل ئۆزى تۆلىگەن بەش يۈەن پۇلىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى.

# تەرەت قىلىپ قويسەن

2001 ـ يىلى غۇلجىدىن ئون بىر نەپەر چاقچاقچى قۇربان ھېيتلىق

ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە باردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە توققۇزتارالىق چاقچاقچى تۇداخۇن پاكارمۇ بار ئىدى. بىر ئەتىگەنلىكى تۇداخۇن كاملىنىڭ كالىچىنى سوّرەپ سىرتقا مېڭىۋىدى، كامىل ئالدىنى توسىۋالدى.

— كالاچنى سوّرەپ نەگە ماڭدىڭ؟

— ئوبورنىغا.

— قوي، — دېدى كامىل كالاچقا ئېسىلىپ، — ئىچىگە تەرەت قىلىپ قويىسەن.

## كوّۋرۈككە قارايدىكەنسىز ـ دە

بىر كۈنى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئىشلەيدىغان بىر مۇھەررىر ئۆزى يالغۇز ھاۋا يېگەچ دەريا بويىغا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ كوّۋرۈك ئۈستىنى تاماشا قىلىۋېتىپ ياشانغان بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ. ياشانغان كىشى:

— تونۇشۇپ قالايلى ئىنىم، نەدە ئىشلەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇھەررىر «ژۇرنال» دېگەن گەپنى ئەسكەرتىپ يۈرمىسەممۇ چۈشىنىدىغۇ دېگەن خىيال بىلەن:

— «ئىلى دەرياسى» دا، — دېگەنىكەن، ھېلىقى كىشى چۈشەنگەن مەندە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ:

— ھە، كوّۋرۈككە قارايدىكەنسىز ـ دە.

## ھەزىل چاقچاققا ھەزىل جاۋاب

دورداي كالپۇك بىر شائىر روزا ھېيتلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەزمىسىدە كامىل غوجائەخمەتكە شېئىرىي چاقچاق قىلدى، ئۇ:

كامىلكاملار چاقچاقنى ئوبدان قىلغاچ ئەزەلدىن،
ھەۋەس قىلىپ چوڭ ـ كىچىك، ئارمىنىنى يەيدىكەن.

تۇرقى يوغان كېلەڭسىز بولغاچقىمۇ كامىلكام،
ئۇنى يەنە بەزىلەر گۆشلۈك توخۇ دەيدىكەن.

دەپ كەلتۇرۇشىگە، كامىل كەينىدىنلا تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرىي چاقچاق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدى:

زامانلاردا كىيىدىغان،
ياراشقاچقا تەلپىكى.
نەلەردىمۇ ئوخشىغان،
بۇ شائىرنىڭ كالپۇكى.

## تامچە ئۆتۈۋاتىدۇ

بىر سورۇندا نائۇستا بىر سازەندە مەنمەنچىلىك قىلىپ دۇتارنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇ سازنى چالا تەڭشەپلا قالايمىقان چالغىلى تۇرۇۋېدى، ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەن بىرەيلەن تەنە قىلغان تەلەپپۇزدا يېنىدىكى ئاغىنىسىدىن سورىدى:

— ما ئاداش نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— دۇتار چېلىۋاتىدىغۇ.

— ياق، ياق، — دەپ تولۇقلىما بەردى كامىل ئۇنىڭ جاۋابىغا، — دۇتار چالمىدى، ئۆيدىن تامچە ئۆتۈۋاتىدۇ.

## دانا تەدبىر

چوڭ يول ياقىسىدىكى ئائىلىلەرگە ئىشىك ئالدىنى كۆكەرتىپ قويۇش ھەققىدە تولا ۋەز ئېيتىپ، گېپىنى يېگۈزەلمىگەن ئاساسىي قاتلام كادىرى، بىر كۈنى كامىلدىن مەسلىھەت سورىدى.

— كۆچەت تىكىش دېسەم ھەممىسلا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرىدۇ.

تولا سۆزلەپ زېرىكتىم، بۇلارغا ياخشىراق چارەڭ بارمۇ كامىل.

— بولمامدىغان، — دېدى كامىل ئويلىنىپ تۇرمايلا.

— قانداق چارە؟

— گېزىت، ماڭا بىر پارچە گېزىت تېپىپ بەر.

— گېزىتنى نېمە قىلىسەن؟

— كېرىكى بار، جاۋابىنى ھەپتىگە قالماي كۆرىسەن.

ئاساسىي قاتلام كادىرى كامىلنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى چۈشىنەلمەي سومكىسىدىن ۋاقتى ئۆتكەن بىر پارچە گېزىتنى چىقىرىپ بەردى. كامىل كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىغا توغرىلاپ، گېزىتتىن مۇھىم بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقان قىياپەتتە چوڭ كوچىنى بويلاپ ماڭدى. شۇ ئارىدا دوقمۇش بېقىپ ئولتۇرغانلاردىن بىرقانچىسى كامىلنى كۆرۈپ سورىدى:

— گېزىتكە نېمانچىۋالا چاپلىشىۋالغۇلۇق كامىلجان، ياخشى بىر نەرسە تېپىۋالدۇقمۇ - يا؟

شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان كامىل:

— ۋاي، تېخى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، — دەپ گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈردى، — ھۆكۈمەت كېلەر يىلى مۇشۇ يولنى كېڭەيتىپ ياسىغۇدەكقۇ. مانا گېزىتكىمۇ خەۋىرىنى بېسىپتۇ.

— ھە، ھە، — دېيىشىپ كامىلنىڭ يېنىغا ئولاشتى ئۇلار، — خەت تونۇغاندىكىن ئوقۇغىنە، نېمىلەرنى دېدىكىن.

— يول بىر ھەسسە كېڭەيتىلىپ ياسىلىدىكەن. ئۆيى چېقىلىدىغانلارغا دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە پۇل بەرگۈدەك. ياخشى يېرى، ئىشىك ئالدىدا كۆچىتى بولسا، چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي تۈپ بېشىغا يۈز تەڭگىدىن پۇل سانايدىكەن.

شۇ گەپ بولۇپ ئەتىسىلا بۇ خەۋەر ھەممە ئائىلىگە تارالدى. ئۇلار تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان داغدۇغا بىلەن ئىشىك ئالدىلىرىنى چاناپ، قىر سوقۇپ، تۈزلەپ، ھەپتە - ئون كۈنگە قالماي كۆچەت دېگەننى رەت - رېتى بىلەن قويۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يېلى چىقىپ كەتكەن

كامىللارنىڭ بىر قېلىن ـ قاتتىق قوشنىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېقىندىن ياساتقان بىر هارۋىسى بولۇپ، دائىم كامىللارنىڭ ئىشىكىنى ئىشلىتەتتى. بىر كۈنى كامىلغا هارۋا كېرەك بولۇپ قېلىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، قوشنىسى:


— خاپا بولمىساڭ قوشنام، هارۋىنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەن، — دەپ ئەتەي بەرگىلى ئۇنىمىدى.

كامىل بۇ ئىشنى كۆڭلىگە سىلىپ قويۇپ، ئۇندىمەي يېنىپ چىقتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپلا قوشنىسى يەنە كامىللارنىڭ ئىشىكىنى سوراپ كىرىپ قالدى. كامىل:

— بېرىپ تۇرسامغۇ بولاتتى، بۇزۇلۇپ قالدى، — دېدى.

— ئىشىكمۇ بۇزۇلۇپ قالامدۇ قوشنام، — دەپ مۇغەمبەر كۈلكىسىنى كۈلدى قوشنىسى، — قانداقسىگە ئەمدى؟


— يېلى چىقىپ كەتكەن.



# مىجىت قانجۇقنىڭ «كۆك تايىقى»

«مىجىت قانجۇقنىڭ كۆك تايىقى» دا «قانجۇق» لەقىمى بىلەن نام قازىنىپ كېلىۋاتقان چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ بىرى مىجىت ئابدۇراخمان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمىز.

مۇشۇ چاقچاقچىلارمۇ قىزىق، لەقىمى بىلەن قوشۇپ ئاتىمىسا تونۇغىلى بولمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەقەملەرنىڭ سەتلىكىچۇ تېخى. «دىۋانە»، «ئېشەك»، «قانجۇق». توۋا دېدىم، شۇمۇ لەقەم بولىدىمۇ ئەمدى، «ئاسمان» دېسە، «قاسقان» دىن چۈشكەندەك. مەن بىلىدىغان ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ئىچىدە «دىۋانە» لەقەملىكتىن ئۈچى، «ئېشەك» لەقەملىكتىن



www.uyghurkitap.com

ئىككىسى بار ئىكەن. دىۋانىنىغۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز، ھازىرقى دىۋانىلەر تىلەپ تۇرۇپمۇ يەيدۇ، سورالا تۇرۇپمۇ يەيدۇ، بۇلاپ تۇرۇپمۇ يەۋېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ھەممىسى ئوخشاشلا دىۋانە، «ئېشەك» كە كەلسەك ھەر ھالدا بۇ ھايۋاننىڭ ئۆزى ھارام بولغان بىلەن كۈچى ھالال، جىق ئىشلاردا ئىشلىتىپ پايدىلانغىلى بولىدۇ. قانجۇق دېگىنى نېمىسى ئەمدى، يا ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغىلى بولمىسا، يا گۆشى بىلەن تۈكىدىن.

مىجىت ئابدۇراخمان كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

— ئۇنچىلىك كەمسۇندۇرۇپ كەتمەڭ ئۇكا، مەن بۇ لەقەمنى تىلەپ يۈرۈپ تەستە تاپقان جۇمۇ. «قانجۇق» نى ئىشلەتكىلى بولمىغان بىلەن يات ئادەملەرنى كۆرسە ھېچ بولمىسا قاۋاپ بېرىشكە يارايدۇ. ئېزىپ - تېزىپ كىرىپ قالىدىغان «ئېشەك» بىلەن «دىۋانە» لەر بوسۇغىمىزغا تاپ باسالمايدۇ.

— بولدىلا مىجىتكا، «قانجۇق» نى ماختىسىڭىز «ئېشەك» كە «مۆڭگۈز» چىقارغاندەك غەلىتە تۇيۇلىدىكەن. تايغان بىلەن ئاپشاركىنى قويۇپ تۇرايلى، سىز دەۋاتقان ئاشۇ قانجۇقنىڭ چەت ئەللىكلەر نان چايناپ باقىدىغان «خور - خور»چىلىك ئەتىۋارى بولسا كاشكى.

— «خور - خور»نىڭ گېپى مۇشۇ يەردىلا قالسۇن ئۇكا، — دەپ كۈلدى ئۇ، — سورۇندىكى «خىزىر» لار ئاڭلىسا ئەمدى بۇ لەقەمنىمۇ قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— سىز بىلمەيسىز، مەن تولا لەقەم ئېلىپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئادەم. مۇشۇ يېشىمغىچە تۆت قېتىم لەقەم ئاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچى بىر - بىرىدىن پاجىئەلىك لەقەملەر.

— قانداق بولۇپ؟

— كىچىكىمدە ساز چېلىشقا ھەۋەس قىلاتتىم، ئۆيىمىزدە تۆت ئەۋلاد ئاتىمىزدىن قالغان بىر تەۋەررۇك تەمبۇر بولىدىغان، بالىلىق چاغلىرىمدا تەمبۇر چېلىشنى ئۆگىنىمەن دەپ «مىجىت تەمبۇر» ئاتىلىپ

قالدىم. مەن ئەخمەق شۇنداق چىرايلىق لەقەمگە تېرىكىپ يۈرۈپتىمەن. كېيىن خۇدا ئۇرغاندەك ئۇنىڭدىنمۇ رەسۋاسى چاپلاشتى. كىيىم ـ كېچەكنى پاكىز، رەتلىك كىيىپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى كۆرسەم باشقىچە زوقۇم كېلەتتى. كۆپىنچە ئادەم ئۆزىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئۇستىۋېشىنى ئوڭشاپ، بارنى قاملاشتۇرۇپ كىيىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەدەنىيەتقۇ. ئاياغلىرىنى ساتراچنىڭ كاپلىغۇچىدەك پارقىرىتىپ، بۇرۇلكىسىدىن پىچاق بىسى قىر چىقىرىپ، ئۇستىگە چاڭ، ياقىسىغا كىر قوندۇرماي يۈرىدىغان ئادەملەرمۇ سىزدەك، بىزدەك ئادەملەرغۇ ـ ھە. مېنىڭ ئاشۇنداق يۈرۈشۈم مەيدىسىنى ئېچىپ، لۈكچەك مىجەز يۈرىدىغان بۇرادەرلىرىمگە غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ بىلمىدىم «مىجىت سەتەڭ» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇۋالدى. ئويلاپ باقسام بۇنىڭ خاراكتېرى بەكلا مۇرەككەپ لەقەمكەن. «ئاپلا» دېدىم ئىچىمدە، تېرىكىشنىڭ ئورنى يوق، تېرىكسەملا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى يارىتقان ئىگەم مېنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا بوزەك بولۇپ قالمىسۇن دەپ زۇۋانىمدىن ئېيتىپ قويۇپتىكەن. لەقىمىمنى تىلغا ئېلىپ بەكرەك ئەزۋەيلەپ كەتسە چاقچاق بىلەن شېخىغا ئۇرۇپ تۇرىمەن. شۇنداقتىمۇ مۇمكىن بولسا مۇشۇ لەقەمدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم، مەندىن كېيىن ئەۋلادلىرىمغا مىراس بولۇپ قالمىسا دېگەننى ئويلايتتىم. شۇنداق لەقەملەر بولىدۇ، ئويلاپ كەلسەڭ قان بېسىم بولۇپ كېتىسەن، سېنىڭ قان بېسىمى، يۈرەك ئاغرىقى بولۇپ كېتىشىڭ بىلەن خەقنىڭ نېمە ئىشى. لەقەمنىڭ ئۆزى چاقچاق، بىزمۇ بۇرادەرلەرگە نۇرغۇن ئېغىر ـ يېنىك چاقچاقلارنى قىلغان. ئاتىنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدىشى كېرەكقۇ ئاخىر. تېخى بەزىدە ئوغۇل بالىلىقىڭغا ئېلىپ چىداپ بەرسەڭ كەينى ـ كەينىدىن تېپىك يەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك يېرى يوق. چاقچاقچىلارنىڭ لۇغىتىدە «ئەجەبلىنىش» دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا «سەتەڭ» لىكىمگە قارىماي، كوچا ـ كوي، بەزمە ـ باراۋەت دېمەي، كىمنى كۆرسەم كۇلدۇرۇپ، چاقچاق قىلىپ ئېتىشۋېرىدىغان ئادىتىمگە بېقىپ «نايناق» دېگەن يەنە بىر لەقەمنى

ئالغاندىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم. «سەتەڭ» نىڭ سىرتىدىكى تارتىپ بولالمايۋاتقان چاغدا «نايناق» نىڭ كېلىپ قوشۇلغىنى پىقىرغۇ قانچىلىك ئەلەم قىلمىسۇن. «سەتەڭ» + «نايناق» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ماتېماتىكىلىق تەڭلىمىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قانچىلىك قىيىنغا توختىمىسۇن. ھەممىسى چاقچاق، ھەممىسى ھەقىقەت ئىدى. خەيرىيەت، يۇقىرىقى لەقەملەردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماي تولغاق ئازابىنى تارتىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، شەھەرنىڭ ئالتە شوئار مەھەللىسىدىكى بىر تويىنىڭ مەسلىھەت چاي ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىپ قالدىم. مېنىڭ شەھەر ئاتلاپ مۇنداق ئولتۇرۇشلارغا تۇنجى قاتنىشىشىم ئىدى. ئولتۇرۇشتا ھېسامكام، ئىبراھىمكام دىۋانە، ساتتاركام قورۇق، يەنە ماڭا ئوخشاش يېڭىدىن بۇ سەپكە قېتىلىۋاتقان بىرمۇنچە بالا چاقچاقچىلارمۇ بار ئىدى. چاقچاق دېگەن شۇنداق نەرسە، خۇرۇچىڭىز كېلىپ قالسا شۇنداق ئېچىلىپ كېتىسىزكى قويۇۋېرىڭ، سىزگە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ. چاقچاقنىڭ نەلىرىڭىزدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ سەزمەي قالىسىز. خۇرۇچىڭىز كەلمىسە تىلىڭىز گاچىغا ئوخشاپ قالىسىز ـ دە، بىر ئېغىز زۇۋان سۈرەلمەيسىز. بۇمۇ خۇددى ئىلھام كەلمىسە شائىرلار شېئىر يازالمىغانغا ئوخشاشلا ئىش. شۇڭا ئاغزىدا قىلىچى بار چاقچاقچىلارمۇ ھەرقانداق سورۇندا مۇتلەق ئۇتۇپ چىقىمەن دېيەلمەيدۇ. شۇ كۈنى قانداق بولغان بىلمىدىم، كەيپىم باشقىچە ئېچىلىپ، سورۇن ئاياغلاشقۇچە ھېچكىمگە گەپ بەرمەپتىمەن. چاقچاقنىمۇ قىلدىم، سورۇننىمۇ قىزىتتىم. بىراق ئاخىرىغا كەلگەندە ھېسامكام يەنىلا ئۆزىنىڭ جاھانگىرلىكىنى قىلدى. ئىبراھىمكام ماڭا قاراپ: «نەدىن كەلگەن سەھرالىق بۇ، ھەممىمىزگە تېتىپلا كەتتىغۇ» دېۋىدى، ھېسامكام قويۇپ: «نەدىن كېلەتتى، بۇ دېگەن جىلىلىيۈزىنىڭ قانجۇقى، قانجۇق دېگەننى ئىت تالىمايدۇ، ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىڭلار» دەپ بىر ئېغىز چاقچاق بىلەن يىغىشتۇرغان. ئەتىسى بۇ گەپنى مەن بىلەن شەھەرگە بىللە كىرگەن بۇرادەرلىرىم جىلىلىيۈزىگە يەتكۈزۈپ چىقىپتۇ. سالى، لەتى، كامىللارغا بولۇپ بەردى. ئۇ خەقنىڭ

قۇلىقىغا يەتكەن ئىش نېمە بولماقچىدى، سورۇن ـ سورۇندا سۆرەپ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئېزىپ ئىچۈرۈپ، بوسۇغا بېقىشقا يارايدىغان بۇ تۆت پۇتلۇق ھايۋاننى قازاقنىڭ ئەن تامغىسىدەك يەلكەمگە ئۆچۈرگۈسىز قىلىپ بېسىۋەتتى. كۈلكىلىك يېرى، خۇددى مەن ئىت فېرمىسى ئېچىۋالغاندەك نەلەردىندۇر تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ «قانجۇق بولسىمۇ مەيلىتى» دېيىشىپ، ئىت سوراپ كىرىپ كەلگەن ئىشلىرىنى سۆزلەپ كەلسەم جىق گەپ. ئىت تېرىسىدىن ئىشلەنگەن تىزلىق بىلەن بەلدەككە ھاجەتمەنلەرمۇ، بەل ـ پۇتلىرى ئۇزۇن مەزگىل ئاغرىپ، ئۆزىنى ئىت تېرىسىگە ئېلىپ بېقىش نىيىتى بارلارمۇ سوكۇلداپ ئالدىمغا كېلەتتى. قىش چىللىسى باشلانغاندا خەنزۇ بۇرادەرلەر ئىت گۆشى يېيىشكە ئامراق كېلىدىكەن. شۇنداقلارنى تۆت كۈندە بىر يولغا سېلىپ، ئالدىراش بولۇپ كەتكەن چاغلىرىممۇ بولغان. خېرىدارلىرىمنى كۆرۈپ مۇشۇنداق بىر ئەتىۋارلىق ھايۋاننىڭ ئۆزۈمگە لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغىنىدىن خۇشال بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ بۇ لەقىمىم ئاۋۋالقى لەقەملىرىمنى بىراقلا يەۋەتتى. يىگىرمە يىلدىن ئېشىپتۇ، ئۆزۈممۇ مۇشۇ لەقەمگە كۆنۈپ قاپتىمەن. ئەمدى باھاسىغا چىقسىمۇ ساتمايمەن.

چاقچاق — تۇرمۇشنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى كومېدىيىلىك تۈستە قارار تېپىشى. تۇرمۇش سىر ـ ھېكمەتلەرگە باي كېلىدۇ. ئاشۇ سىر ـ ھېكمەتكە باي تۇرمۇشنى تويۇنغان كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇپ، روھىي ئالىمىمىزدە مەنىۋى زىلزىلە پەيدا قىلالايدىغان كىشىلەر — خەلق قىزىقچىلىرى. مىجىت ئابدۇراخماننىڭ پاجىئەلىك لەقەملىرىدىن باشلانغان سۆھبىتىمىز مېنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئۇنى ئوبدانراق چۈشىنىپ بېقىش ئىستىكىمنى ئويغاتتى. بىز بۇ ئائىلىنىڭ ئۆتمۇشىگە سەپەر قىلغان چېغىمىزدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ياركەنت دېگەن يېرىدە قىزىقچىمىزنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئىلگىرىكى قوشقار بوۋا، قوشقار موملىرى بىلەن ئۇچرىشىمىز. قولىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان ئانا جەمەتىدىكىلەر ئىككى دۇنيانىڭ ھالال ـ ھارام، گۇناھ ـ ساۋاب، دوزاخ ۋە جەننەتلىرى ھەققىدە توختىماي ۋەز ئېيتسا، نەقىشلىك

تەمبۇرىنى مۇڭلۇق كۈيلەرگە تەڭكەش قىلىپ، ھايات ۋە تەبىئەتتىن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىپ ئولتۇرغان بوۋىلىرىمىز بىزنى بەزمە ـ باراۋەت قايىنىمىغا باشلاپ كىرىدۇ. قانچە ئەۋلاد كىشىلىرىنى چىرايلىق ئۆزىتىپ، ئۇزاق ـ ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن تەۋەررۈك تەمبۇر ھازىرمۇ قىزىقچىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكى تامنىڭ تۆرىدە ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. قىزىقچىمىز ماڭا:

— جەمەتىمىز توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ئانچە جىق ئەمەس. بىزنىڭ تۆت ئەۋلاد كىشىلىرىمىز غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدا ئۆتكەن. مەن 1956 ـ يىلى پەنجىمدە تۇغۇلغان. ئاڭلىسام ئائىلىمىز سەنئەتتىمۇ، قىزىقچىلىقتىمۇ بار ئىكەن. دادامنىڭ دادىسى ئاخۇن ئۇستا (ئابدۇكېرىم) دېگەن بوۋىمىز ئۆز زامانىسىدا بوۋىسىدىن قالغان تەۋەررۈك تەمبۇرنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئاتلىق چېلەك، ئۆسەك، ياركەنتلەرگىچە بېرىپ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلىرىنى ساز، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن قىزىتىپ بېرىپ كېلەتتىكەن. كېيىن بۇ ئۇدۇم دادامغا قاپتۇ. دادام ھۆكۈمەت يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە يېزا تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىغا قاتنىشىپ، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ كەمبەغەل ـ دېھقانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان زۇلۇملىرى تەسۋىرلەنگەن قىسقا پەردىلىك درامىلاردا رول ئېلىپ چىققان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋاملار پەنجىمدە زېمىندار ئۆتكەن كىشىلەر بولغاچقىمۇ بىر قېتىم دادام ئاشۇنداق بىر ئويۇندا شاڭيۇنىڭ رولىغا چىقىپ بەكلا قاملاشتۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، تۆۋەندە ئولتۇرغان تاماشىبىنلار «شاڭيۇ دېگەنمۇ شۇنداق زالىم بولامدۇ» دېيىشىپ، ئۈستۈېشىغا شاپاق ئېتىپ، تازا قىيىنغانىكەن، — دېدى.

بىز بۇنىڭلىق بىلەن مىجىت ئابدۇراخماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەنئەت ۋە قىزىقچىلىقنىڭ خۇرۇچىنى ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇدۇمىغا باغلاپ خۇلاسە چىقىرىشقا يەنىلا ئاجىزلىق قىلىمىز. بۇ يەردە «تەسىر» دېگەن گەپ بەك مۇھىم. ئۇنى يېنىكلىك بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسەك ماھىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن بولىمىز. «تەسىر» سىرتقى مۇھىتنىڭ

قەلبلەرنى ھاياجانغا سېلىشىدىن كېلىدۇ. قىزىقچىمىز بۇ ھەقتە توختالغاندا تۇرغان قارىم، راخمان دېگەن كىشىلەرنىڭ نامىنى سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

— تۇرغان قارىم كىم؟ راخمان دېگىنىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئۇستازىم دېسەم ئاشۇرۇۋەتكەن بولىمەن، — دېدى ئۇ، — يۈرىكىمگە تۈنجى بولۇپ چاقچاقنىڭ، قىزىقچىلىقنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرغان كىشىلەر شۇلار. مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ئائىلىمىز ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەن چاغلار ئىدى. مەھەللىمىزدە تۇرغان قارىم دەپ ئىككى كۆزى ئەما بىر كىشى بولىدىغان، ئاغزىدا دۇتار چېلىپ قىزىقچىلىق قىلسا ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. چۆچەك، رىۋايەت، تېپىشماقلارغا، خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتىشقا شۇنداق ئۇستا ئىدى. پاراڭ قىلسا ھەر ئىككى گېپىنىڭ بىرىگە قاپىيىداش، يۇمۇرلۇق گەپلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ كىشىنى تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. تۇرغان قارىمنى ئابدۇرېھىم ساتىراش دېگەن كىشىنىڭ دۇكىنى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئاچىقىپ قوياتتى. ئۆتكەن - كەچكەنلەر قارىمنى گەپكە سېلىپ پارىڭىنى ئاڭلايتتى. بەزىدە كىچىك باللارمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئولىشىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم، مەكتەپكە بارسا ئۇزۇندە يادلاش، كوچىغا چىقسا شوئار توۋلاشتىن باشقىنى كۆرگىلى بولمايدىغان شۇ يىللاردا قارىمنىڭ قىزىق - قىزىق پاراڭلىرى، چۆچەك - رىۋايەتلىرى، قاپىيە ئوينىتىپ كۈلدۈرۈشلىرى ماڭا باشقىچە تەسىر قىلاتتى. كەچتە تاماق ئۇستىدە ئولتۇرغان ياكى ئۇخلاش ئۈچۈن ياستۇققا باش قويغان چاغلاردا ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى يادىمغا يېتىپ كۈلۈپ كېتەتتىم. مۇنداق چاغدا ئاپام: «قارىمنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ مۇنۇ جۇۋاينىمەككە» دەپ تىللاپ كېتەتتى. كېيىن قارىم بىلەن قوشۇلۇپ راخمان ئاتلىق يەنە بىر كىشىنىڭ جىنى چاپلىشىۋېدى، ئاپام دادامغا ئاچچىقلاپ: «قارىڭە ئابدۇراخمان، ما بىر نېمىڭىز ساراڭ بوپتۇ، ئوغۇللارنىڭ چوڭى دەپ مەيلىگە قويۇپ بەرسەك نەدە قاملاشمىغان

يەرلەرگە بېرىپ كۆلىدىغان قىلىقنى چىقىرىۋالدى. سىمونىڭ بىر جايلاردا تەمبۇرنى قولتۇقىمىزغا قىستۇرۇپ جىق كۆلگەنگە ئۇرۇۋېرىپ كۆلمەيتتىڭىز، ئوبدانراق باشقۇرۇپ قويۇڭ، بولمىسا تولا كۈلۈپ ئاغزىدىن نېنى چۈشۈپ قالىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالمىسۇن» دەپ رەسمىي كايىيدىغان بولدى.

ماڭا راخمانكامنىڭ جىنى، قارىكامنىڭ جىنىدىنمۇ بەكرەك چاپلاشقاندى. راخمانكام پەنجىملىك كىشى بولۇپ، شۇ زامانلاردا ئاغزىدا قىلچى بار چاقچاقچىلاردىن ئىدى. قانداق كىشىلەرنى ئاغزىدا قىلچى بار چاقچاقچىلار دەيمىز؟ ئىنكاسى پەۋقۇلئاددە تېز، ھەر ئېغىز گېپىدىن گۇپۇلدەپ كۆلكە پۇراپ تۇرىدىغان، بىر قىلغان چاقچىقىنى ئىككىنچى ياندۇرۇپ قىلمايدىغان كىشىلەر. مۇنداق كىشىلەر ئوقنى نىشانغا دەل جايىدا ئاتالايدۇ. ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكى، تېز ئاتارلىقى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلالايدۇ. راخمانكام مانا شۇنداق چاقچاقچىلاردىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ چاقچىقىنى پەنجىمدىكى چوڭ ئاپامنىڭ (دادامنىڭ ھەدىسى) ئابدۇقېيۇم دەيدىغان ئوغلىنىڭ تويىغا بارغاندا ئاڭلىغاندىم. بىر ئەمەس، ئۈچ كۈن ئۇدا ئاڭلىدىم، ئۈچ كۈن كۈلدۈم، ئۈچ كۈن مەست بولدۇم. چاقچاقنىڭ كىشىنى مەست قىلالايدىغان بۇ خىل سېھرىي كارامىتىنىڭ بارلىقىنى تۇنجى بولۇپ شۇ يەردە كۆردۈم. شۇ كۈنلەردە ئۇخلىساممۇ، ئويغانساممۇ چاقچاق چۈشەيدىغان بولۇپ قالغاندىم. دادام ئاپامغا: «بالىنى پەنجىمگە بارمىسۇن دىسەم ئۇنىمىدىڭ، ئابدۇقېيۇمنىڭ تويىغا قاتنىشىپ ياخشى قىلدىمۇ، ھېلىقى راخمان كاسكىنىڭ جىنىنى چاپلاشتۇرۇپ كەپتۇ، ھازىر ئۇنىڭ كاللىسى جايىدا ئەمەس. ئولتۇرسا ـ قوپسا ئويۇن ـ كۆلكىنىڭ كويىدا يۈرىدىغان بولدى. قىلغان ئىشى ساپ چالا، تراكتور زەندىكى ئىشىدىنمۇ چاتاق چىقىپتۇ، چاتقىنى خاتا ئۇلاپ (تراكتورنىڭ جازا يەپتۇ، ئاڭلىسام كىسەك قۇيۇشقا چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ، بەۋاقتان نېنىدىن ئايرىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ قايناپ يۈردى.

— جازا يېگىنىڭىز راستمۇ؟

— راست بولمامتى ئەمىسە، يىغىپ كەلگەندە يەنىلا شۇ «جىن» نىڭ

ۋەسۋەسىسى. «جىن» ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدىكەن. ناھىيە بازىرىدا يۈرۈپ ھەپتىلەپ ئۆيگە كىرمىگەن چاغلىرىمنى ئويلىسام تۇرۇپ كۈلىمەن. نەزىرىمدىكى بۇ سۆيۈملۈك «جىن» لار مۇھەببەت قويغانسېرى چاپلاشقىلى تۇردى. شۇ كۈنلەردە بۇرادەرلەر ئارىسىدا «مەشرەپ» ئۇيۇشتۇرۇۋالغاندۇق. «مەشرەپ» نىڭ تۈگەنچىسىگە تۇرپانىيۈزىنىڭ مۇنچىسىدا ئىشلەۋاتقان ھېسامكامىمۇ قاتنىشىپ قالدى. ھېسامكامنىڭ ئارىمىزغا كىرىشى سورۇنغا تېخىمۇ جان كىرگۈزدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر، ئىلمىي، ھازىر جاۋاب چاقچاقلىرى، چاقچاق ئەخلاقى، قائىدىلىرى ھەققىدە بەرگەن ۋەز - نەسىھەتلىرى ماڭا نىسبەتەن بىر «ئالىي مەكتەپ» بولدى. ئاشۇ «ئالىي مەكتەپ» تە زامانىمىزدىكى بۇ مەشھۇر غوجا نەسىرىدىنىنىڭ «جىنى» چاپلاشتى. ئۇ «جىن» بۇ «جىن» لارنىڭ چاپلىشىشى بىلەن ئاخىر بېرىپ مەنمۇ رەسمىي «جىنكەش» كە ئايلاندىم.

قىزىقچىمىزنىڭ، چاقچاقنىڭ تەبىئىتىگە بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا مەستىلىكىم كەلدى. دەر ھەقىقەت چاقچاق دېگەن ئوت ئىسسىق نەرسە. ئۇنىڭ تەپتىگە ئۆز زامانىسىدا ئىران شاھلىرىمۇ، بۇخارا ئەمىرلىرىمۇ، ئىستامبۇل سۇلتانلىرىمۇ، خۇراسان ۋالىيلىرىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەن. پۇل بىلەن ھوقۇق قايسى دەرىجىدە گاچىغا تىل، ياۋاشقا مۈڭگۈز چىقارمىسۇن. چاقچاق ئادەم بەدىنىدىكى ئوشۇقچە ئۆسمىگە ئوخشاش ئاشۇ «تىل» بىلەن «مۈڭگۈز» لەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۇ خۇشامەتچىلەرنىڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ بەرگەن سالاملىرىغا، مۇغەمبەرلەرنىڭ ساختا كۈلكىلىرىگە، مەنمەنچىلەرنىڭ غادايغان قىياپىتىگە، ساختىپەزلەرنىڭ ئەۋرىشىم تىللىرىغا، غالچىلارنىڭ پۈكلىنىپ تۇرغان ئاياغلىرىغا، تەمەخورلارنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىگە، پىتنىخورلارنىڭ كۆكسىگە، مەمەدان - پوچىلارنىڭ ئاچ بىقىنىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلغان قامچا. بۇ قامچا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىز «زەققۇم» دەرىخى ۋەقەسى بىلەن بېھىشتىن قوغلانغان چاغدا ئۇلار بىلەن بىللە بېھىشتىن چىققان. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشى «كۆك تاياق». ئاتىلارنىڭ «بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق، يۈگۈرتىدۇ يالاڭ ئاياغ» دېگەن

تەمسىلى ئېھتىمال شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك.

مىجىت ئابدۇراخمانىنىڭ «كۆك تايىقى» قايسىبىر يىلى جىلنىڭ ناھىيىسىگە بارغاندا ئويلىمىغان يەردىن مەلۇم بىر مەنمەنچىنىڭ بېشىغا تېگىپ كېتىپ قالدى. تەگكەندىمۇ جىلىلا قاتتىق تەگدى. بۇ قانداقتۇر ئېھتىياتسىزلىقتىن بولۇپ قالىدىغان «تېگىپ كېتىش» كە ئوخشاشمايتتى. ئەسلىدە قىزىقچىنىڭ «تەگكۈزۈش» خىيالى يوق ئىدى. لىللا گەپنى قىلغاندا بېھىشتىن چىققان «كۆك تاياق» نىڭ «تېگىپ كېتىشى» گە قارشى تەرەپ ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالدى. بۇنى ھېچكىمدىن كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا قىزىقچىمىز ماشىنىغا كۆمۈر بېسىپ جىڭ بازىرىغا ئېلىپ بارغانىدى. بورتالادىن كۆمۈر چىقمايتتى. بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ تەرەپلەرنىڭ ئادەملىرى قىشلىق يېقىلغۇسىنى غۇلجىنىڭ پىلىچى خاڭلىرىدىن ئېلىپ باراتتى. جىڭ بازىرىدا كۆمۈرنىڭ نەرقى ــ ناۋاسىدىن خەۋەردار قىزىقچىمىز شۇنداق بىر پۇرسەتتە ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالدى. ئۆتۈشنىغۇ ئۆتتى، بىراق ھېلىقى نەس باسقان خاڭجاڭلار توپا ئارىلاش كۆمۈرنى ماشىنىغا ئايىماي ئۇسسۇۋەتكەچكە قىزىقچىمىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. خېرىدار كېلەتتىيۇ، كۆمۈرنىڭ ھالىغا قاراپلا ئەگىپ ــ ئەگىپ كېتىپ قالاتتى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. تىنىمسىز چىقىپ تۇرىدىغان تاغ شامىلى، كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈك ھەرىسىدەك چاقىدىغان قارا سوغۇق ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. تەلكە تاغلىرىدىن ئېشىپ، ئۇزۇن ــ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن بىر شوپۇر ئۈچۈن مۇشۇنداق يەر، مۇشۇنداق ئەھۋالدا تونەپ قېلىش بىر ئازاب ئىدى. قىزىقچىمىزنى مۇڭ باستى، خىيال بىلەن مۇڭ مۇنداق يەردە كىشىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشى بولۇپ قالىدۇ. خىيال بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇيدۇ، خىيال بىلەن تەسەللى تاپىدۇ. قىزىقچىمىز باللىق چاغلىرىدا دادىسىدىن بۇ يوللار ھەققىدە ئۇرغۇنلىغان گۈزەل قىسسىلەرنى ئاڭلىغان. 1864 ــ يىلى سۇلتان ئەلاخان باشچىلىقىدىكى ئىلى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى مۇشۇ يەرلەردە ئات چاپتۇرۇپ ماڭغان. كېيىنچۇ؟ ... كېيىن تۇرمۇشىنىڭ دەردى بېسىلغان

ئىغىر ھارۋىلارنى سۆرىگەن سودا كارۋانلىرى، سەيسىگە تۇتۇلۇپ ئۇرۇمچى، قۇمۇللارغا لەڭ بىسىپ ماڭغان تارانچى ھارۋىلىرىمۇ مۇشۇ يول، مۇشۇ ئۆتەڭلەردىن ئۆتكەن.

چىتەيدىن چىقىپ چۆلدە،
پەنجىملىك ئىلەم قالدى.
ئاتاقلىق نىزام گۆدەك،
ئاغزىغا ئىمان سالدى.

ئۆتەڭ ئۆتىمىز ئاتلاپ،
بەلگە پوتىنى باغلاپ.
قۇرۇپ كەتكەن پوپۇشنى،
ھارۋا يىغىدا ياغلاپ.

قانچىلىغان ئىلەملەرنىڭ غېرىبانە قەبرىلىرى مۇشۇ ئۇزۇن يوللاردا، يۇلغۇن قىزارغان داللاردا قالدى. بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن ئۇلار شۇ زامانلارنىڭ ئىلغار قاتناش قورالى بولغان ياغاچ گۇگۇسۇنلۇك تارانچى ھارۋىلىرى بىلەن «ھارۋىكەش ناخشىلىرى» نى ياراتتى. بۇ تارىخنىڭ قىسمەتلەرگە يۇغۇرۇپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن گۈزەل كۆرۈنۈشلىرى ئىدى. كۆرۈنۈشلەر زامان ۋە ماكان ئاتلاپ ئىكران يۆتكىدى. ئىكراندا تولۇق قورالانغان مۇنتىزىم قوشۇن يەنە بىر بۇيۇك ناخشىنى «ئەركىنلىك ناخشىسى» نى توۋلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەلكە، سايراملاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئارشاڭغا يېتىپ كەلدى. ئارشاڭنىڭ چىۋىرتا دىگەن يېرىدىكى بۆكە ئامبال جاڭزىسىغا كەلگەندە ئويلىمىغان يەردىن غېنى باتۇرغا ئوق تەگدى. نەپەسلەر كېسىلدى، كۆزلەر تورلاشتى. مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە جېنىنى ئالقىنىغا ئالغان بىر باھادىر ئەزىمەت ئاتتىن غۇلاپ چۈشكەن غېنى باتۇرنى ئىگەرنىڭ ئالدىغا ئىلىپ، تاراسلاپ يىغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن يۇلۇپ

چىقىپ كەتتى.

— مويدىن، مويدىن ئوغرى ...

ھەممە ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. ھايات بىلەن مامات كۈچ سىنىشىۋاتقان مەيداندىن «باتۇرلۇق ناخشىسى» نى توۋلاپ چىقىپ كېلىۋاتقان مويدىننىڭ ئوغرى ئىسىملىك بۇ ئەزىمەت بىزنىڭ قىزىقچىمىزنىڭ چوڭ دادىسى (ئاپىسىنىڭ ئاكىسى) ئىدى. قىزىقچىمىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تاتلىققىنە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان بوم، قوپال ئاۋازدىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

— كۆمۈرچى، كۆمۈرۈڭنى ساتامسەن دەۋاتىمەن.

قىزىقچىنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بوي، تولۇققىنە كەلگەن، ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىق بىر يىگىت سۆڭگىچىنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئېگىرىدىن ئالماي، بىر پۇتىنى يەرگە تىرىگەن پېتى غادىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تولىمۇ تەكەببۇر قىياپىتى كۆپنى كۆرگەن قىزىقچىمىزنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. ئۇنى ئاز دەپ كىشىنى كەمسىتكەندەك سورىغان سوئالى نىرۋىسىغا سەل ـ پەلگىنە ئەمەس، خېلىلا قاتتىق تەگدى. ئەسلى قائىدە بويىچە «كۆمۈرۈڭ نەچچە پۇل؟» دەپ سورىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، شۇنچە ئۇزاقتىن كۆمۈر دېگەننى ساتماي، كۆرگەزمىگە قويغىلى ئەكەلمەيدۇ ـ دە.

قىزىقچىمىز ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى بىلەتتى. كۆمۈرگە باھا قويدى. نېرى تات، بېرى تات بىلەن كۆمۈرنىڭ باھاسى بەش يۈز يەتمىش يۈەنگە پۈتۈلدى. خېرىدار ۋېلىسىپىت بىلەن ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. كۆمۈرنى چۈشۈرۈۋېتىپ قايتىپ كېتىشكە ئالدىراپ تۇرغان قىزىقچىمىز ئەپلەشمىگەن كاشىلىغا يولۇقتى. كۆمۈرنى ئەتە چۈشۈرۈۋالىدىغان، «كۆمۈرچى» بۈگۈنچە شۇ ئۆيدە يېتىپ قالىدىغان بولدى. بۇنىڭدا خېرىدارنىڭ رايىغا باقماي بولمىدى. خېرىدار يىگىتنىڭ بارمىسا بولمايدىغان مەسلىھەت چاي ئولتۇرۇشى بولغاچقا «كۆمۈرچى» دىن بۇرۇن ئالدىراپ تۇراتتى. مەيلى قانداق بولمىسۇن كۆمۈرنىڭ سېتىلىپ كەتكىنى

جاھان ئىش بولدى. بىر چىنە چايدىن كېيىن خەۋەردار يىگىتنىڭ ياشىنىپ قالغان دادىسى تويغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ:

— تۇرغان بالام، مۇنۇ ئادىشىڭنىمۇ تويغا بىللە ئالغاچ كەتسەڭ بولغانىكەن، ئۆيدە يالغۇز قېلىپ زېرىكىپ قالمىسۇن، — دەپ قالدى.

تۇرغان تەرىنى تۇردى. «كۆمۈرچى» مىز كۇلۇمسىرەپ قويدى. ئۇ ئۇنىڭ قاپاق تۇرۇشلىرى، تورۇڭ - تورۇڭ گەپ قىلىشلىرىغا «كۆنۈپ» قالغانىدى. بىر ئاخشاملىق رىزقى مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەنىكەن. «كۆنمەي» ئامال يوق ئىدى.

— بارامسەن ھەي «كۆمۈرچى»؟

— باراي، — دېدى «كۆمۈرچى» مۇ نېزىقاپ تۇرمايلا. ئۇنىڭ جىڭ تەرەپلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتى بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ تۇرغان ئاغىنىسىنىڭ مەسلىھەت چاي ئولتۇرۇشىغا ئۈستىۋېشىدىن گۇپۇلدەپ بېنزىن پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان مۇنۇ «رېمونتچى قاسماق»، مەينەت «كۆمۈرچى» نى ئامالسىز ئېلىپ باردى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدۇ. سەن بىراۋنىڭ كۆڭلىگە بىلىپ - بىلمەي ئازار بېرىپ قويساڭ، ئۆزۈڭنىڭ خاتا قىلغانلىقىڭنى بىلگەن چېغىڭدا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىسەن. كېچىكىش كۆپ ئادەملەرنى پۇشايمانغا، ۋىجدان ئازابىغا ئېلىپ بارىدۇ. يولدا ئۇچرىغان سەييا‍ھ، جۇلدۇر كېيىمدىن دەرۋىش ياكى مىسكىن چىراي مۇساپىر كىم بىلىدۇ بۇ زېمىننىڭ ئۆزىگە لايىق ئەزىزلىرىمۇ، «چالما» دەپ كۆزگە ئىلمىغاننى «ئالما» دەپ ئەتىۋار بىلىدىغان ئىشلار تولا ئۇچرايدىغۇ بۇ جاھاندا.

«كۆمۈرچى» مىز داخىل بولغان جىڭنىڭ سورۇنى باشلاندى. سورۇندا ناخشىچى، سازەندىلەر قاتارىدا ئانچە - مۇنچە پاراڭلىرى بىلەن مۇشۇ يەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىنى قىزىتىپ كېلىۋاتقان جىڭلىق ئىككى يىگىتمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھە دېگەندە ھېچكىمگە گەپ بەرمەي ئۇنى - بۇنى ئوخشاتتى. چاقچاقلىرىنىڭ تەم - خۇرۇچى ھەر ھالدا يامان ئەمەس

ئىدى. بىر چاغدا چاقچاقچى يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئىشتىنىنىڭ يوشۇرغىنىدا ئولتۇرغان يوچۇن مېھمان ــ «كۆمۈرچى» گە چۈشىنى شۇنداق بولغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان «كۆمۈرچى» مۇ ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇلارغا قارشى «ئۇرۇش ھالىتى» گە ئۆتۈپ بولغانىدى. جىڭلىقتىكى چاقچاقچىلار بىرنەچچە ئېغىز چاقچىقىنى قىلا ـ قىلمايلا قارشى تەرەپنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. قايتۇرما ھۇجۇم ئۇلار كۈتمىگەن، ھېس قىلمىغان يەردىن باشلاندى. «كۆمۈرچى» ئۇلارنىڭ بىرىنى پار قازانغا، يەنە بىرىنى دۇشقا ئوخشىتىپ، ئۆزى ئەكەلگەن كۆمۈرلەرنى پار قازانغا قالاپ، دۇشقا ئىسسىق سۇ كەلتۈرۈپ، سورۇندىكى باللارنى بىر باشتىن يۇيۇپ ـ تاراپ چىقتى. ئاخىرىدا قالغانلىرىنى «پەيشەنبىلىك» پائالىيەت بىلەن ئولتۇرۇشقا كېچىكىپ قالغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى «مۇنچىدا» ئۈچىرەتتە تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۈچىرەتتە تۇرغانلار مۇنچىنىڭ سۇيىنى تەڭشىيەلمەي قايناق سۇدا ئالدىراپ غۇسۇل ـ تاھارەت قىلىپ سۆڭگىچىنى، جامبۇ ـ جاۋەنلىرىنى كۆيدۈرۈۋېلىپ، مۇنچىدىن چىچاڭشىغان پېتى چىقىپ كېتىشتى. كۆرۈمسىز «كۆمۈرچى» نىڭ «تۇلۇمدىن توقماق چىققان» دەك لوڭگىدە پەيدا بولۇشى، پىلىموتتەك ئوت ئېچىشلىرىدىن ئېسىنى يوقاتقان جىڭلىق چاقچاقچى يىگىتلەر بىردەمدىلا نەگىدۇر غايىب بولدى. سورۇنغا قايتىدىن جان كىردى. سورۇن ئەھلى «كۆمۈرچى» نى كۆتۈر ـ كۆتۈر بىلەن تۆرگە ئېلىپ چىقتى. ئەمدىلىكتە «كۆمۈرچى» تۆرگە ئۆتۈپ، تۇرغان پەستە قالغانىدى. بىر ـ ئىككى پەدە سازدىن كېيىن چاقچاق يەنە باشلاندى. «كۆمۈرچى» ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى يەنە بىر باشتىن سىيرىپ ئوخشاتقىلى تۇردى. چاقچاق نۆۋىتى تۇرغانغا ئۆتكەندە بەكرەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ تاشمايماق پۇتلىرى، ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن ۋېلىسىپىت پىدالىنى تېپىپ پاسون چىقىرىپ مېڭىشلىرى، پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەر دەسسەپ قىزلارغا ئىسقىرتىشلىرى، سەت، قوپال ئاۋاز بىلەن «كۆمۈرچى» دەپ سەتلەشلىرى، چىمچىلاق بارمىقى بىلەن قۇلاقلىرىنى پات ـ پات كولاپ قويۇشلىرىغا ئوخشاش غەلىتە قىلىقلىرىنى ئاجايىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلمىي، ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك تىللار بىلەن چاقچاققا يۆگەپ ئوخشىتىپ، ئۆي ئىچىدىن قىيقاس چىقىرىۋەتتى. «كۆمۈرچى» گە ئويلىماي شىلتىڭ ئېتىپ قويغان تۇرغانغا يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بىلىندى. كىملەردۇر «كۆمۈرچى» دىن سورايتتى:

— تۇرغان، پاھ، بۇ چاقچاقچىمىز كىم بولىدۇ؟

«كۆمۈرچى» دىن بۇرۇن تۇرغان جاۋاب بەردى:

— بۇ بىزنىڭ تۇغقان، غۇلجىدىن كەلگەن، ھېسامكاملار بىلەن تام قوشنا.

كۆرۈڭ ما تېتىقسىزلىقنى، باياتىندىن بېرى كۆمۈرۈڭ توپىكەن دەپ بىرمۇنچە غەلۋە قىلغان، تا سورۇنغا كەلگۈچە نامۇ نىشانىنى سوراپ قويۇشقىمۇ رايى بارمىغان مۇنۇ بايقۇشقا ئەمدى قوپۇپ تۇغقان چىقىپ قالغىنى، يەنە كېلىپ ھېسامكاملار بىلەن تام قوشنا بولۇپ قېلىشىدەك بىمەنە گەپلەر قىزىقچىمىزغا بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. قىزىقچىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جىڭلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى بولۇۋاتقان چاقچاقلاردىن ھەقىقىي ئىشنى سېزىپ بولغانىدى. ئۇ قايناپ قالدى. سورۇن ئاياغلىشىپ قايتىدىغان چاغدا قىزىقچىمىزنى چەتكە تارتىپ:

— يۇرۇڭ، خارلىقتا قالغان ئادەم بارمۇ بۇ يەردە، ياتىمەن دېسىڭىز ياتاق، يەيمەن دېسىڭىز تاماقىڭىز تەييار، كۆمۈرىڭىزگە ئۆزۈم خېرىدار بولىمەن، — دەپ ئۇنىمىغانغا قويماي ئېلىپ ماڭدى.

— ياق، ياق كۆمۈرنى ئۆزۈم ئالىمەن، توپا بولسىمۇ قالاۋېرىمەن. بۇ دېگەن بىزنىڭ تۇغقان تۇرسا ...

تۇرغانىنىڭ ئاۋازى تۈن بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى. قىزىقچىمىز ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغۇچە كىملەردۇر بېرىپ ماشىنا بىلەن كۆمۈرنى ياندۇرۇپ كەلدى. چاقچاقنىڭ — «كۆك تاياق» نىڭ كۈچى شۇ يەردە بىر ئەسقاتتى. مېھمانخانا دىرېكتورىمۇ ئوغۇل بالىچىلىقى بار يىگىتلەردىنكەن. ئۇ يەتتە يۈز يۈەن پۇلنى قىزىقچىمىزنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، كۆمۈرنى ئۆزى چۈشۈرۈۋالدى. ئۇلار شۇ كۈنى كېچىچە، ئەتىسى

بىر كۈن قىزىقچىمىزنى ئويناتتى. قىزىقچىمىزمۇ ئۇلارغا ئايلىنىپ-ئايىماي ئېچىلىپ بەردى.

بۇ يوللار قىزىقچىمىزغا نىسبەتەن ئالغاندا ئانچە ناتونۇشمۇ ئەمەس. قىزىقچىمىز «كۆك تايىقى» دىن قاس چىقىرىپ بۇ يوللاردا كۆپ ماڭغان. ئۇ مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە بەزمە ـ باراۋەتلەرنى قىزىتقىلى پات ـ پات بېرىپ تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاقساقاللىرى سادىر يۈرتىنىڭ قىزىقچىلىرىغا تولىمۇ ئامراق، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى خۇسۇسىي پائالىيەتلەر بولۇپ قالسا ئۇلارنى چاقىرماي قالمايدۇ. ئۇلارمۇ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ھەرقانچە مۇھىم ئىشى بولسا تاشلاپ قويۇپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى ئۇلار ئۈچۈن قوغۇنلۇقنىڭ يولى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلارنى جىلىلىيۈزى بازىرىدا، غۇلجا كوچىلىرىدا ئۇچراتسىڭىز، كەچتە ئۈرۈمچىدىكى قايسىبىر رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا كىشىلەرنى كۈلكە قوينىغا بۆلەۋاتقان ھالەتتە كۆرىسىز.

— تەرجىمە چاقچىقىڭىزغا ئاپىرىن ئىنىم. بىزمۇ سەھنىلەردە سۆز قىلغان، يىغىنلاردا دوكلات بەرگەن، كاتىپ تەييارلاپ بەرگەن دوكلاتنى ئوقۇپ تۈگەتكۈچە نەچچە يەردە تىلىمىزنى چايناۋاتتۇق. ساناپ چىقتىم، سىز بىر يەردىمۇ تېنىمەي، بىر يەردىمۇ دۇدۇقلاپ قويماي، نەق ئىككى يۈز سەكسەن تۆت قېتىم چاقچاق قىلدىڭىز. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان قارا كۆزلەرنى ئىككى يۈز سەكسەن تۆت قېتىم ئوخشىتىپ، ئىككى يۈز سەكسەن تۆت قېتىم كۈلدۈردىڭىز. مەن ئاڭلىغان، ئامېرىكا ئاق سارايىنىڭ «مەڭگۈلۈك مېھمان» دەپ بىر مېھمىنىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان. مەخسۇس داچىسى، ماشىنىسى، كۈتكۈچىسى بار. بۇ مېھمان ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرى يىغىلغان سورۇنلارغا تەكلىپ بىلەن كېلىپ، بىرقانچە ئېغىز چاقچىقى بىلەن سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىپىسى تۈگەيدىكەن. بۇ كىشى ئاقسارايىنىڭ مەڭگۈلۈك مېھمىنىكەن. غەربلىكلەر بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ بەرگەن كىشىنى مەڭگۈلۈك مېھمان

قاتارىدا كۆرگەن يەردە، بىز سىلەرنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرسەك ئەرزىگۈدەك.

مانا بۇ، 1998 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر توينىڭ يىغىلىشىدا كۆپنى كۆرگەن بىر ئاقساقالنىڭ خالىس نىيەت بىلەن قىزىقچىمىزغا ئېيتقان يۈرەك سۆزلىرى. ئۇ كىشى ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك يۈرەك سۆزلىرى، ھۆرمەت ـ ئېھتىرامى، ياخشى تىلەكلىرى پۈتۈلگەن خاس خاتىرىنى قىزىقچىمىزغا كۆڭۈل سوۋغىسى ئورنىدا بېرىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نەرسە نۆۋىتىدە بىر دەستە گۈل، بىر رومكا ھاراق، بىر ئېغىز گەپ بىلەنمۇ ئالەمشۇمۇل ھۆرمەت ۋە قايىللىقنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەنە شۇ ئاددىيغىنە خاتىرىگە ئاشۇ ھۆرمەتلىك ئاقساقالنىڭ كۆڭلى ـــ ئالەمشۇمۇل كۆڭلى پۈتۈلگەنىدى. شۇ قېتىم قىزىقچىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سادىر يۈرتىنىڭ چاقچاقچىلىرى «ئىبلان ـ سەنئەت» ئورنىدىكى قىسقا ـ قىسقا سورۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا سەككىز كۈن ئىچىدە ئون يەتتە چوڭ ئولتۇرۇشنى تۈگىتىپ، ئاجايىپ قىزىق، ئىجادىي چاقچاقلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا چۆمۈلدى. شۇ سورۇنلارنىڭ بىرىدە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئىسمى ئېسىمىزدىن چىقىپ قالغان ياش خەتىپى قىزىقچىمىزنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلكىدىن يۇمۇلغان كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، كۆپچىلىككە سۆزلەيدۇ:

ـــ «ئەززىھكو بىزوققىر روھ» بۇ دېگىنى كۈلكە جان ئوزۇقى دېمەكلىكتۇر. دەر ھەقىقەت، ئەبۇ ھۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس شەرىپتىمۇ مال بايلىقىدىن روھىي بايلىقنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.① ئىسلام پەلسەپىسى كۈلكىنىڭ سالامەتلىككە بولغان شىپالىق تەرەپلىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ھە، چەتكە قاقمايدۇ. بۇگۈن غۇلجا

---

① «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» 135 ـ بەت.

چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ كاللام سەگىپ، ئىچ قارنىم بورۇپلا قالدى. ئىلگىرى مەن غۇلجىلىقلار بىر يەرگە يىغىلىپ قىنىقاس چېقىشىپ كۈلۈشسە ئەجەب بىمەنە كۈلكىسىنى كۈلۈۋېرىدىغان خەقكەن دەپ خاتا چۈشىنىپ كەپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام، غۇلجا چاقچاقلىرى تولىمۇ ئىلمىنىڭ ئاساسى بار بىر سەنئەتكەن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سەنئەتنى كەمسىتكەن، خاتا چۈشەنگەن، هاقارەت قىلغانلارنى كۆرسەم چوقۇم رەددىيە بېرىمەن.

بىر كۈنى سىرتتىن كەلگەن بىر بۇرادىرىم مەندىن:

— ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى تونۇشتۇرۇلغان يۇرۇشلۇك ماقالىلىرىڭىزنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇلار سىز ماختىغاندەك بولسا ھەقىقەتەن گەپ كەتمەيدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭمۇ سورۇنلارغا كىرىپ ئىچىلالماي قالىدىغان چاغلىرى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بۇرادىرىمگە رەھمەت. ئۇ بۇ گەپنى ياخشى سورىغانىدى. قىزىقچىلىرىمىزغا ئورتاق بۇ نازۇك نۇقتىنى ئۆزۈم كۆرگەن بىر كۆرۈنۈشكە باغلاپ تۇرۇپ مەزكۇر ماقالىگە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق تاپتىم. مەن بۇرادىرىمگە:

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇ ئەمەسمۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئەمەس -دە. باشقۇرۇش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويسا كۈتكەن نەرسىنى خاتاسىز چىقىرىپ بېرىۋېرىدىغان. ئايرىم چاغلاردا سورۇننىڭ كەيپىياتى چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدۇ. 2003 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «غۇلجىدا مەشرەپ» نى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىگە كەلدى. جاپپار قاسىم، ئىسھاق باستى، تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن ئاپتورلۇقىدىكى بۇ تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمدە ئىلى خەلق قىزىقچىلىرىغا مۇناسىپ ئورۇن بېرىلگەنىدى. چاقچاقچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە «مەشرەپ» تىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرى «ئوغۇز سۈت»لۇك رولىنى ئويناپ كەلگەچكە،

فىلىم ئاپتورلىرى «مەشرەپ» نىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە بۇ كۆرۈنۈشنى قىستۇرغانىدى. ئەپسۇس، بۇ كۆرۈنۈش كۆڭۈلدىكىدەك چىقماي قالدى. بۇ ئىشنى قىزىقچىلىرىمىزغا دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايتتى. سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ سىنغا ئېلىش ئۇسۇلىدىكى سەۋەنلىك ئۇلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. شۇ كۈنى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپى بويىچە غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ دەريا بويىدىكى شىپاڭدا چاقچاقچىلارغا ئايرىم سورۇن ھازىرلاپ بېرىلدى. مىجىت ئابدۇراخماننىڭ ھاياتى، پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرگەن ماقالە مۇئەللىپى تاسادىپىي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرىنى نەق مەيداندىن ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن خېلىلا كاتتا تەييارلىق بىلەن ئۇ يەرگە بارغانىدى. بىراق چاقچاقچىلار كۆڭۈلدىكىدەك ئېچىلالمىدى. ئاز - تولىدىن ئىجادىي لەتىپىلىرىنى سۆزلەشتى. بۇنى ئېچىلدى دېگىلى بولمايتتى. باشقا چاغلاردا سوتكىلاپ چاقچاق قىلىپ ئاغزى تالمايدىغان بۇ «گەپ زاۋۇتلىرى» شۇ كۈنى تىل تەگكەندەك بوغۇلۇپ، سىقىلىپ، تۇنجۇقۇپ قالدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي. كاككۇك بىلەن بۇلبۇل تەبىئەتنىڭ ئەركىلىرى، ئۇلارنى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىپ قەپەسكە سولىۋالساق، ئېنىقكى ياقا يىرتىپ سايراشتىن قالىدۇ. گەرچە، ئۇلارنى ئالتۇن قەپەسكە ئېلىپ، ئالتۇن قاچىدا دان بەرگەن ھالەتتىمۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئېلى خەلق چاقچاقچىلىرىمۇ تەبىئەتكە ئۆگەنگەن ئەركىن قۇش. ئۇلار ئەزەلدىن ئەركىن سايراپ، ئەركىن قانات قېقىپ ئۆگىنىپ قالغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى مۇشۇ يەرگە خاس مۇھىت، مۇشۇ يەرگە خاس تەبىئەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ھەرقانداق شەكىلدىكى رامكا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى يەملەپ، قانىتىنى بوغۇپ قويۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. مۇبادا سىز ۋاقىت ۋە سۆز قىلىش ئەركىنلىكىگە بېخىللىق قىلماي، مەجبۇرىيەت تۈسىنى ئالغان «ئاقسۆڭەك» لەرچە سورۇن كەيپىياتى بىلەن ئۇلارنىڭ پۇت - قولى، ھېسسىيات ھەم تەپەككۇرىنى

چۈشەپ قويمىسىڭىزلا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىن، ئازادە، خاتىرجەم تۇتۇپ، سىز كۈتكەن پەدە، سىز كۈتكەن مۇقامدا كۈن ـ تولۇق سايراپ بېرەلەيدۇ. پەقەت ئۇلار بىلەن بىللە كۈلۈپ، بىللە ئولتۇرۇپ چىدىسىڭىزلا.

خەيرلىك تىلەش كېرەكقۇ ـ ھە، كىمگە؟ ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرىغا، بىز بۇ يەردە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن شۇنداق دېيەلەيمىز — ياشىسۇن ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى، ياشىسۇن ئۇلارنىڭ «كۆك تايىقى».

# مىجىت ئابدۇراخمان چاقچاقلىرى

## مېنىڭ ئۆيۈم قەيەردە

ئابدۇرېھىم دەپ كۆنگە ئىچىپ مەستلا يۈرىدىغان بىرى مەھەللىمىزگە كۆچۈپ كەلدى. بىر كۈنى بۇرادەرلەر بىلەن دوقمۇشتا تۇرساق ئابدۇرېھىمكام غىق مەست ئالدىمىزغا كېلىپ بىزدىن:

— ئۇ ... ئۇكىلىرىم، مەشەگە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇ كىشى ئۆزىڭىز ئەمەسمۇ.

ئابدۇرېھىمكام ئۆزىنى تازا دەڭسەپ تۇرۇپ كېتىپ دېدى:

— شۇ ... شۇ ئابدۇرېھىمنى مەن دەپ تۇرايلى، ئۇنداقتا مېنىڭ ئۆيۈم قەيەردە؟

## قىرائەت ئاھاڭىدا

نۇراخۇن ئىسىملىك بىر تۇڭگان كىشى بار ئىدى. ھەر يىلى قوغۇن ـ تاۋۇز تېرەتتى. بىر يىلى تاۋۇز پىششىقىغا يېقىن نۇراخۇننىڭ يەتتە ياشقا

كىرىپ قالغان ئوغلى سوۇدا ئېقىپ توگەپ كەتتى. نوۇراخوۇن بالىسىنىڭ يەتتە نەزىرسىگە تەييارلىق قىلىپ يۇرگەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە مىجىت بۇرادەرلىرىگە ئۇنىڭ تاۋۇزنى ئوغرىلاش ئۇستىدە مەسلىھەت بەردى:

— قانداق ئوغرىلايمىز؟ — دەپ سوراشتى بۇرادەرلىرى.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دېدى مىجىت ئۇلارغا، — بىز ئىككى توپقا بۆلۈنىمىز. بىر توپىمىز قوغۇنلۇق ياقىسىدىكى قوناقلىقتا ماراپ تۇرىمىز. مەن قالغان توپنى باشلاپ پەتىگە بارغان سىياقتا كەپىگە كىرىمەن، پەتە قىلىشتىن بۇرۇن هال ـ ئەهۋال سورىغان بولۇپ يازلىق، كۇزلۇك قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ قايسى تەرەپكە تېرىلغانلىقىنى سورىۋالىمەن، ئاندىن ئۇنى قىرائەت ئاهاڭىغا سېلىپ ئۇنلۇك ئوقۇپ بېرىمەن، سىلەر خاتىرجەم ئوغرىلايسىلەر.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نوۇراخۇننىڭ نەزىرگە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۇچۇن بازارغا كەتكەن، ئايالىنىڭ يالغۇز قالغان ۋاقتىغا توغرىلاپ قوغۇنلۇققا باردى. مىجىت كېلىشىۋالغان بويىچە تۆت ـ بەشنى باشلاپ كەپىگە كىردى. ھەممىنى بىر قۇر سورىۋالغاندىن كېيىن قىرائەتنى باشلىۋەتتى. ئۇ «سۇرە پاتىھە» دىن كېيىن ئاۋازىنى تېخىمۇ بەكرەك كۆتۈرۈپ ھەم سۇۋاپ، قىرائەتنى داۋاملاشتۇردى:

— تا ... ۋۇز دېگەن جانىۋارنىڭ سول تەرىپى يازلىق، ئوڭ تەرىپى كۇزلۇك. شەكەرى پەشمەتنى تارتسا كۆڭلۈك ئېلىۋال خىلىلاپ، سوڭى كۇزلۇك، ئوڭى يازلىق ... لىق ... لىق ... لىق ... سۇبھانەرەببىكە رەببىل ئىززەتى يەسفون ...

## سىلەرنىڭ باشلىقڭلار بولىمەن

مىجىت ئائىلىسىنى شەھەرگە يۆتكەپ جېلىلىيۇزىگە قاتناپ ئىشلەۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ناھىيىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ ئالتە دىۋانە بىلەن بىر ماشىنىغا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلدى ـ دە، ئۇلاردىن سورىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— نەگە مېڭىشىڭلار؟
— جىلىلىيۈزىگە تىجارەتكە.
— مەندىن چاققان چىقىپسىلەرغۇ؟
— قانداق دەيلا؟
— جىلىلىيۈزىدە سالى ساۋۇت دەيدىغان بىر بايۋەچچە بار ئىدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى بىزگە ئوخشاش ساھىللارغا ئالدىغا ئەللىك سوم، كەينىگە يىگىرمە سومدىن سەدىقە تارقىتىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. بۈگۈن ئۈچ ياڭزا ياسىنىپ، ئۈچ قېتىم سەدىقە ئالاي دېگەن نىيەتتە كېتىۋاتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالتە دىۋانە تەڭلا:

— خاپا بولمىسىلا بىزمۇ بىرگە بارغان بولساق، — دەپ سالدى.

مىجىت ئۇلارغا:

— بوپتۇ، كۆپنىڭ ھۆرمىتى ب-ولسۇن. بۈگۈنچە مەن باشقا يەرگە باراي، سىلەر سالى بايۋەچچىنىڭ ئ-ۆيىگە بېرىڭلار، — دېدى-دە، چاقچاقچى سالىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى.

خەيرىيەت، ھېلىقى ئالتە تىلەمچى غايىبتىن كەلگەن نېسىۋىسىنىڭ خۇشاللىقىدا سالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئالدىراپ قاقتى. ئۇلارنى كۆرۈپ ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولغان سالى كۈلۈپ كېتىپ دىۋانىلەرگە دېدى:

— تەقسىرلىرىم، سىلەرگە گەپ ئېيتىپ بەرگەن ئادەم خاتا دەپ قويۇپتۇ، ئەسلىدە مەن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار بولىمەن، بولسا سىلەر ماڭا مائاش بەرسەڭلار بولىدۇ.

## قۇشلارنىڭ لامزەللىسى

مەھەللىمىزدە پالتاخۇن دەپ تازىمۇ قىزىق گەپ قىلىدىغان بىر كىشى بار. پالتاخۇنكامنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۈچىلىسى ئەرگە تېگىپ تەگكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا تاماق يېگىلى كىرسەك، كەنجى قىزى چاي قۇيۇپ قالدى. بىز پالتاخۇنكامدىن:

— بۇ قىزىڭىز ...؟ — دەپ سوراپ تۇرۇشىمىزغا، پالتاخۇنكام قىزنى باشقا ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ سۆزلەپ قالدى:

— قىز بالا دېگەننىڭ ئىنساپىنى بەرمىسە بىر زەمبىل گۆشكەن ئۇكىلىرىم. چوڭ قىزىم ئارزۇگۇلنى بىلىسىلەر، پاقلاندەك چوڭ بولۇپ قانات - قۇيرۇقى خويمۇ بەلەن يېتىلگەن چاغدا بۇركۇت دەپ بىر قۇشى باركەن خۇدايىمنىڭ، كاپلا قىلىپ قاماللاپ ئېلىپ كەتتى. شۇ يوقاپ كەتكەنچە تۆت - بەش يىلدىن كېيىن چۇجىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ شۇنداق زوقۇمنى كەلتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. چۆرۈلمىسىنى كىيىمىسەممۇ خۇش بولۇپ قالدىم. ئوتتۇرانچى قىزىم گۇلبېلىقمۇ شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولغان، بېلىقتەك پىلتىڭلاپ تازا قۇرامىغا يەتكەندە ھېلىقى سا دەيدىغان لاتا قۇش ئېلىپ كەتتى. چاپان - چۆرۈننى پۇلاڭلىتىپ يۇرۇپ مىڭ تەستە ئۇنىڭمۇ ئۆيىنى ئۆي قىلىۋالدۇق. كەنجى قىزىم ھازىر سىلەرگە چاي قۇيغان تۇخان شۇ، قۇشلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن لامزەللىسى قاغىكەن، بىچارە قىزىمنى ياڭاقنى ئېلىپ قاچقاندەك ئاقچىپ، ئاپىرىپ چېقىپ بېقىپ، ئىچىدىن شاكال چىقىپ قالغان چېغى ئەكېلىپ قورۇغا توككىدە تاشلاپ قويدى.

## قىزىقكەنسىز باشلىق

كومۇنا مەزگىللىرىدە ھە دېسىلا قەرز سۇيلەشنىڭ گېپى بولىۋېرىپ دېھقانلارنى ئارامىدا قويمىدى. بىر كۇنى ئەترەت باشلىقلىرى دېھقانلارنى يىغىۋېلىپ يەنە قەرزنىڭ گېپىنى قىلىۋېدى، ئىچى پۇشۇپ كەتكەن دېھقاندىن بىرى باشقىلار ئاڭلىمىغۇدەك پەس ئۇندە قوپۇپ غودۇڭشىدى:

— بۇ ئەترەت باشلىقى دېگەن خەقمۇ «بەر» دىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. قەرزنى پۇل بولسا تۆلە، بولمىسا ئانىسىنىڭ ئېمىنى تۆلەمدۇ كىشى.

بۇ گەپنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ قالغان مۇخپۇلكام دەرھال قولىنى كۆتۇردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— كادىر ئەپەندىم، تۇرسۇنمەھەممەت ياخشى دەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە تامامەن قوشۇلىمەن.

— ھە، ئۇ نېمە گەپلەرنى قىلدى؟

— ۋە بەزى گەپلەرنى دېگىلى بولىدۇ، ۋە بەزى گەپلەرنى دېگىلى بولمايدۇ ـ دە.

— يا ... ئەمدى شۇنداق بولسىمۇ دەپ باقمامسىز، ئاڭلاپ باقىلى.

— قىزىقكەنسىز، باشلىق ئەپەندىم، — دەپتۇ مۇخپۇلكام، — ئۇنى دەيدىغان مۇخپۇل موت ـ موت ئەمەس ـ دە.

## ئاسمانغا قارايدۇ

جاغىستايلىقلارمۇ قىزىق، ياماچاڭنى (تالالىق زىغىر زاۋۇتى) ھاماچاڭ قويۇۋاپتۇ. ئۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىقى يامغۇرغا قاراشلىق بولغاچقا دېھقانلار تۇنجى رەت تالالىق زىغىر تېرىپ، ئاغزى ـ بۇرنىغا كەلگۈچە تويۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلاردىن بىرى ئېتىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ دېھقانلاردىن سوراپتۇ:

— نېمە تەردىڭلارۇي؟

— نېمە تېرەتتۇق، كادىر ئەپەندىم، — دەپتۇ تالالىق زىغىر تېرىپ ھوسۇلىنىڭ تايىنى يوق كەيپى ئۇچۇپ تۇرغان دېھقاندىن بىرى، — مۇنۇ ھاماچاڭ دېگەن ساختىپەز يارما تەرگۈزۈپ قويۇپ ئىگە بولماي يۈرمەمدۇ مانا.

— يارمىنى يۇلماپسىلەرغۇ؟

— قانداق يۇلغۇلۇق بۇنى. تازىنىڭ بېشىدا قېتىپ قالغان چاچتەك تارتىپ قويساڭ ھەممە يەر چىرقىراپ تۇرسا.


— مۇشۇنچىۋالا يەر نەگە قارايدۇ؟ — دەپ كوچىلاپ سوراپتۇ كادىر.

— نەگە قارايتتى، — دەپتۇ دېھقان پەرۋاسىزلا، — نەچچە ئاي بولدى يامغۇر ياغمىغىلى، ئاسمانغا قارىمامدۇ.

# ئەلگە باھار، ساڭا كەلدى كۈز

ئون قەدەھ ئىچكۈچە قاچار چوڭلىرى،
قالىدۇ سورۇندا ئۈششاق ـ توڭلىرى.
گېلىڭنى سىقىدۇ تەتۈر ـ سوڭلىرى،
بەكمۇ تەس سورۇندا ئىچمەي ئولتۇرۇش.①

بۇ بىر رەڭ ۋە پەردازلاردىن خالىي، تۈز، ئۇدۇللا يېزىلغان ئادەتتىكى شېئىر. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى بىز مەڭگۈ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت. كەپتەرۋازلارنىڭ شۇنداق بىر پەلسەپىسى بار. ئۇلار «بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ مېھرى بار» دېگەن ئەقىدىگە بەكرەك ئىشىنىدۇ. ھاراقتىچۇ؟ ئۇنىڭدا قانچە قىز، قانچە سەتەڭنىڭ مېھرى بار؟ ئىچەرمەنلەرنى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ قىرىقنىڭ قۇيرۇقىغا يەنە بىر نۆلنى ئۇلۇۋېلىشتىن يانمايدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ بىر لەززىتى خوتۇن، يەنە بىر لەززىتى ھاراق. بۇ يەردە ھاراق بىلەن ئايال يەنىلا ئوڭ تاناسىپ چىقىپ قالدى. ھاراق شۇ دەرىجىدە مېھرى ئىسسىق نەرسىمۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. دانالار ھېكمەتلىرىدە ھاراقنىڭ زىيىنى كۆپ سۆزلەنگەن. ساماۋى كىتابلاردىمۇ



① توختاخۇن مەرۇپنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىدىن.

بۇ خىل سۇيۇقلۇق ھارامىلار جۈملىسىدىن سانىلىپ، ئۇنى ئېغىزغا ئېلىش مۇتلەق چەكلىنىدۇ. ھاراقكەشلەر بولسا ئۇنىڭ [illegible] ئەشياسىغا بېقىپ «كەيپى ھارام، ئۆزى ھالال» دېگەن چىرايلىق پەشۋانى بېرىشىدۇ.

چىرايلىقمىش تېخى، ھاراق سورۇنلىرىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ «چىرايلىقلىرى قۇرۇسۇن» دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. شۇ ئەمەسمۇ، ھاراق دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ئىچكەن ئادەم مەست بولىدۇ. بىرىم ئوت، بىرىم ساراڭ بولىدۇ. بىرىم ئىنسان، بىرىم ھايۋان بولىدۇ. «كۆكۆل» دەپ تۇتقان رومكىلىرى، ياخشى تىلەك ـ ئارزۇلىرى ۋەيران بولىدۇ. خۇشخۇيلىرى ناخشا توۋلاپ، تەتۈرلىرى مۇشت كۆتۈرىدۇ. بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە جىم تۇرغان بۇ سۇيۇقلۇق قورساققا، ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. گاچىغا تىل، ياۋاشقا مۈڭگۈز، قورقۇنچاققا شىر يۈرىكى ئاتا قىلىدۇ. چاتاق مانا شۇ يەردىن چىقىدۇ. كەيپلىكتە، مەست ـ ئەلەسچىلىكتە نېمىلەر بولمىغان. قانچىلىغان كىشىلەر ئاشۇ ئاچچىق، قىرتاق سۇيۇقلۇقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان. ئۇچراش سەۋەبى ئوخشاش بولمىسىمۇ بىر زامانلاردا پۈتكۈل ياۋروپانى ئۆزىنىڭ ياقۇت كۆزلۈك، ئالتۇن دەستىلىك قىلىچى ئاستىدا تىترەتكەن «تەڭرى قامچىسى» ئاتىللا، چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مەشھۇر كۈرەش قەھرىمانى زىخرۇللام نادىرۇپلار ئاشۇ ھاراقنىڭ كاساپىتىگە كەتكەنلەر ئىدى. بىرى «سەتەڭلەر ھېلىسى» گە دەسسەپ خۇشاللىقتىن ئىچىپ سالغان، يەنە بىرى ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغان، ئۈچىنچى بىرى قەلبىدىكى دەرد ـ ھەسرىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئىچكەن ... ھازىرچۇ؟ ھازىرغۇ ئىچكەنگە سوت يوق، چەككەنگە سوت يوق، ئوينىغانغا سوت يوق بولۇپ كەتتى. ئىچى پۇشسىمۇ ئىچىۋاتقان، پىغانى تۇتسىمۇ، گېلى قىچىشسىمۇ ئىچىۋاتقان، ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ ئىچىۋاتقان. ئايىغى چىقماس ئىچىشلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن تالاپەتلىرىنى بەزىدە تەسەۋۋۇر قىلىشقا سىغدۇرالمايمۇ قالىمىز. تېخى «سالامەتلىك ئۈچۈن!» دەپ قەدەھ سوقۇشتۇرۇشلىرىمىزچۇ؟ ھازىرغىچە

خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كەچتە ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە پىچاق يېگەن سەۋەب بىلەن يىگىرمە ئىككى كىشى كىرىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يارىلانغان. ھەممىسى ئۇيغۇر، ھەممىسى مەست ... 2000 ـ يىلى ئۆكتەبىر بايرىمىنىڭ 3 ـ كۈنى كەچقۇرۇن غۇلجا شەھەر «بېدە بازىرى» نىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى «كۇلالچىلار بازىرى» دا شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر پىچاق سېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ياش بىر جان ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ، يەنە بىرى قاتىلغا ئايلاندى. قاتىل ئاتمىش ئۈچ ياشلىق تەركىجاھان كىشى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولسا ئەمدىلا قىرىق بىر ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان دىلمۇرات ئىسىملىك قاۋۇل، بەستلىك، قاملاشقان يىگىت ئىدى. كىشىنى ھەم ئېچىندۇرىدىغان، ھەم غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان يېرى شۇكى، دىلمۇرات مەھەللىسىگە قاڭقىپ چىقىپ قالغان بۇ مۇساپىرنىڭ بېشىنى ئۇزۇندىن بېرى سىلاپ، قورسىقىغا ئاش ـ تاماق بېرىپ كېلىۋاتاتتى. كونىلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاققان» دەك ئىش بولدى. بۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟ يىغىپ ئېيتقاندا يەنىلا شۇ كەيپ ـ ساپانىڭ كاساپىتىدىن ئىچىملىكنى ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىپ كەلگەن قاتىل شۇ كۈنىمۇ ئېغىر مەست ئىدى. دىلمۇرات كۆڭۈل ـ كۆكسى ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان يېزا باغرىدەك كەڭ، تەبىئىتى چىقىشقاق، خۇش چاقچاق، ھەييار يىگىت بولۇپ، چاقچاقچىلىقتىكى نۇقسانسىز تالانتى بىلەن كۆپكە تونۇلغان، سورۇنلارنى ئاۋات، كۆڭۈللەرنى ناۋات قىلىپ كېلىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ناخشىلاردا «ئېچىلماي توزۇغان غۇنچە» دېيىلگىنىدەك چاقچاق سەنئىتىدىكى بۇ ئۆزگىچە گۈل بىر تۇزكور نائەھلىنىڭ خۇنخور قولىدا ئەنە شۇنداق مەزگىلسىز توزۇپ كەتتى. ھەممىنى تەقدىرگە باغلاپ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتىمىز بويىچە رەھمەتلىكنى يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىگە قويۇۋالدۇق ـ دە، «قانداق قىلىمىز، ھاياتلىقتىكى رىزقى ـ نېسىۋىسى شۇنچىلىككەن» دېگەندەك

تۇكى يوق تەسەللىلەر بىلەن كۆڭلىمىزنى ياساپ قىلىۋالدۇق.

قايسىبىر مۇتەپەككۇر «دۇنيادىن ۋىدالىشىشتا سەنئەتتىن خەيرلىك يول يوق، دۇنيا بىلەن بىرلىشىشتىمۇ سەنئەتتىن خەيرلىك يول يوق» دەپتىكەن. ئەڭگۈشتەر كىتابلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تۆت يۈز خىل ھۈنەر - كەسپىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغى — ناتىقلىق» دېگەن ھەدىسىنى ئۇچرىتىمىز. مەيلى ھەدىس، مەيلى دانالار ھېكمەتلىرىدە بولسۇن ئوخشاشلا سەنئەتنىڭ، جۈملىدىن تىل سەنئىتىنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تولىمۇ سەتەڭ، جەلپكار، مەرى ئىسسىق تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان چاقچاق سەنئىتى سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق بىزگە دۇنيادىن ۋىدالىشىش، دۇنيا بىلەن بىرلىشىشنىڭ پەلسەپۋى ئاساسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا روھىمىزنىڭ بىر قىسمىغا، مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ كاپالىتىگە، تىرىكلىكىمىزنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ، خۇشاللىقتىن كۆرە قايغۇنى، دەرد - ئەلەمنى ئايىماي ئىلتىپات قىلىپ تۇرىدىغان شورتۇمشۇق يىللار ئالدىدا قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ كۈلكە بىلەن مەردانە ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. شۇڭا بىز پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دەپ توۋلىيالايمىز.

ياشىسۇن چاقچاق سەنئىتى، ياشىسۇن چاقچاقچىلىرىمىز! ياشىسۇن ...

بىراق، بىزنىڭ پەنجىملىك دىلمۇرات ئۇزاق ياشىيالمىدى. ئۇنىڭ تازا ياشايدىغان، ئېچىلىدىغان، دەۋر سۇرىدىغان، روھىمىزنىڭ ئاچ يەرلىرىگە ئاجايىپ كۈلكە - چاقچاقلىرى بىلەن مەنىۋى قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان چاغلىرىدا كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى، تىلى يامانلارنىڭ تىلى، يىلان - چايانلارنىڭ نەشتىرى تەگدى. ئۇنىڭدىن بىزگە تەۋەررۇك قالغىنى ئۇز ۋاقتىدا سىنىغا ئېلىنىپ، نۇر دىسكىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىنغان بىر قىسىم چاقچاقلىق ئولتۇرۇش، چاي - مەشرەپلەرنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. چاچما چاقچاق، روبىرو چاقچاق، تەرجىمە چاقچاق، لەتىپە، قىزىقچىلىق ... سىنىغا ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەردىن

چاقچاق سەنئىتىدە كۆپ تەرەپتىن يېتىلگەن چاقچاقچىمىزنىڭ ئېغىزى بېسىلماي قىلغان چاقچاقلىرىنى پەنجىمدە، تۇرپانىيۇزىدە، جېلىلىيۇزى باغلىرىدا، غۇلجا شەھىرىدە، دەريا بويىدىكى توقايلىقلار، يازلىق ئارامگاھلاردا بەزمە - باراۋەتلەرنى چاڭ كەلتۈرۈپ قىزىتىپ، سورۇنلاردىن قىيقاس چىقىرىۋەتكەن چاقچاقلىرىنى كۆرىمىز. مانا شۇنداق چاقچاقچىمىزغا، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەر خىل گۈلىگە، ئافغان قېنى ئارىلاشقان ئۇيغۇر يىگىتىگە تىل تەگكەندەك ئىش بولدى.

چاچما چاقچاقتا خېلى - خېلى كىشىلەرنى پوش دېمەيدىغان، يېتىلگەن ياش چاقچاقچى ھېبى ئابدۇرېھىم سۆزلەيدۇ:

— چاقچاق پو ئاتقاننى كۆتۈرمەيدۇ. مەن نۇرغۇن سورۇنلارغا قاتنىشىپ «يىللاپ ئاتقان پولىرى بىر تەستەككە يارىمىغان» نوچىلارنى كۆپ كۆرگەن. شۇڭا، چاقچاق سورۇنلىرىغا كىرسەم ئۇچ ئادەمدىن بەكرەك ئېھتىيات قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇستازىمىز ھېسام قۇربان، ئۇ مىڭ ئېغىز كاپىشساڭ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن تانابىڭىزنى تارتىۋېتىدۇ. ئىككىنچىسى پەنجىملىك دىلمۇراتكام، ئۇچىنچىسى توققۇزتارالىق تۇداخۇن پاكار. دىلمۇراتكامنىڭ بازغاندەك تورلۇق، شەمشەر بىسىدەك ئۆتكۈر، كىرىچىدىن ئايرىلغان يا ئوقىدەك تېز ھەم دەل تېگىدىغان چاقچاقلىرى ئالدىدا تالاي قېتىملاپ مەڭدەپ كەتكەن چاغلىرىم بولغان.

چاقچاقچىمىزنىڭ بۇلاق دادامتۇلۇق ئاكام ئاداش بۇرادەرلىرىدىن تەتقىقاتچى قاسىم سىدىق بىلەن شائىر ئەخمەتجان مۇتەللىپلەر:

— دىلمۇرات تولىمۇ ھەييار، خۇش چاقچاق، كەڭ قورساق، ئالىيجاناب بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى. ئۇنىڭدا مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىدىن بىرى بولغان يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. دادىسى مىنەۋۋەركام رەھمەتلىكمۇ كۆپ ئېچىدە نامى بار پاراڭچى، قىزىقچى كىشىلەردىن بولىدىغان. مەھەللىمىزدە كەنت ياچېيكا سېكرېتارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ كىشىنىڭ پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، بىز ئۇنى «مىنەۋۋەر ئافغان» دەپ قويانتتۇق، دەيدۇ.

بۇ يەردە «ئافغان» دېگەن گەپ چىقىپ قالدى. بالىسى ئۇيغۇر، دادىسى ئافغان، بۇ قانداق گەپ؟ ئۇلارنىڭ يەر ـ سۇيى زادى قەيەردىن؟ يىلتىزى نەگە بېرىپ تۇتىشىدۇ؟ دادىسىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى راستتىنلا ئافغان قېنى بولسا، ئۇنداقتا بۇ تەرەپلەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدى؟ قايسى تەقدىر، قايسى قىسمەتلەرنىڭ شامال‌لىرى ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ بالىسى قانداق بولۇپ ئۇيغۇر ئاتىلىپ قالدى؟ بۇ سوئال‌لارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن چاقچاقچىمىزنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىنى ئاختۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

چاقچاقچىمىزنىڭ ئاتا تەرەپ جەمەتى ئافغانىستاننىڭ كابۇل دېگەن يېرىگە، ئانا تەرەپ جەمەتى بولسا قازاقىستان ئالمۇئاتا ئوبلاستىنىڭ چېلەك رايونىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئائىلە ئۇيغۇر بىلەن ئافغانىستان كابۇلدىكى پۇشتۇ مىللىتىنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان. چاقچاقچىمىزنىڭ بوۋىسى غۇلام ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە مەغلۇپ بولۇپ، يۇرتىغا، ۋەتىنىگە سىغماي، بىر تۈركۈم قاچاق ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئىلى رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلاردىن ئىدى. ئۇ بىر مەزگىل مۇساباي‌پۇلارنىڭ تېرە زاۋۇتىدا يال‌لانما ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن جانەم ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزى بىلەن رىزقى، نىكاھى بىر يەردىن چۈشۈپ قېلىپ تۇرمۇش قۇرغان. تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن يىلنىچى غولىدىكى پەنجىم يېزىسىدا تۇرۇپ قالغاندى.

دىلمۇرات بالا چاغلىرىدا خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇدى. كېيىن، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن چېكىنىپ، تىرىكچىلىك قايناملىرىغا چۆكۈندى. شۇنداق قىلىپ، ھايات قىسمەتلىرى ئۈستىدىن مەردانىلەرچە كۈلۈپ ياشايدىغان يىگىت بولۇپ يېتىلدى. مىجەزىدىن قارىغاندا تازىمۇ بىغەم، بىپەرۋا، تەپسە تەۋرىمەس تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇ تەرەپلىرى «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغانلار» غا ئوخشاپ كېتەتتى. چاقچاقچى، قىزىقچىلارنىڭ

تولىسى شۇنداق كېلىدۇ. ئائىلىسى، تۇرمۇشى، تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا ئېشىنالمايدۇ. خەقنىڭ ئىشى ئالتىنچى ئايدا قول تولاتسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشى سەراتان ئايلىرى توگەل چىقىپ كەتكۈچە مۇز توتۇپ تۇرىدۇ. ئىشى ئىشلىقتا، خامىنى خامانلىقتا قېلىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «دوستىنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويىدا قالغان» ئىشلارغا ئەزەل - ئەزەلدىن كۆنۈك. رەھمەتلىك دىلمۇراتنىلا ئالساق ئېتىزلىقتا ئورۇۋاتقان قونىقى، توتۇۋاتقان سولىرىنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ بورتالا، قاراماي، ئۈرۈمچىلەرگە كەتكەن چاغلىرى تالاي بولغانىدى. بۇنى ئۇنىڭ بوشاڭلىقىدىن دەپ چۈشىنەمدۇق؟ ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇنى تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدىن كۆرە، چاقچاق سەنئىتىگە بولغان تەخىرسىز مۇھەببەت ئالدىغا سېلىۋالغان. دادامتۇ ئوتتۇرا مەكتىپى، يېزىلىق ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدىكى ھېكايىلىرىچۇ تېخى. بۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى ئىشلار بولۇپ، چاقچاقچىمىزنىڭ قۇرامىغا يەتكەن، كۈلكە - چاقچاق، بەزمە - مەشرەپ دېسە قامچىسىغا توكۇرۇپ تۇرغان چاغلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى ۋەزىپىسى ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىدى. دېھقانچىلىقنىڭ سېزون پەسلىدە يۇقىرىدىن ئارا كۈندە بىر كېلىپ تۇرىدىغان مايلارنى ماي ئىسكىلاتىنىڭ بالىياتقۇ شەكلىدىكى تۇڭلىرىغا قاچىلاش، ماي تەقسىملەپ بېرىش بىلەن بىر مەزگىل ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدىكى قاش قارايغان مەزگىلدە ئالتە تونىلىق ماي تۇڭىنى سۆرىگەن غىلۋىسى يامان تراكتور تۇرخۇنىدىن ئالەمچە ئىس چىقىرىپ ماي قاچىلاش پونكىتىغا كىرىپ كەلدى. كېچىلەپ مايىنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تراكتور ئىگىسىنى يولغا سالمىسا بولمايتتى. شۇ تۇرقىدا «قۇشقۇنغا پوق كەپلەشكەن» دەك ئىش بولۇۋاتاتتى. ئۇنى مەھەللىدىكى قايسىبىر تۇينىڭ مەسلىھەت چاي ئولتۇرۇشى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ يەرگە ئالدىراپ تۇراتتى. كېچىكىپ قالسا سورۇن ئەھلىنى ساقلىتىپ قوياتتى. كۆپچىلىكنى، يەنە كېلىپ «ئوتتۇز ئوغۇل» نى ساقلىتىپ قويۇشتىن سەت ئىش بارمۇ ئادەمگە.

دىلمۇرات «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك» نى سوقۇش ئۇسۇلى ئۆيىچە تراكتوردىكى ماينى شلانكا ئارقىلىق ماي ئىسكىلاتىنىڭ تۆۋىگە ئۇلاپ قويىدى ـ دە، جۇمەكنى ئېچىۋېتىپ خىيالىدا يوق ئولتۇرۇشقا كېتىپ قالدى. ما كاشالنى كۆرۈڭ. ئۇنىڭ «بىر چالما، ئىككى پاختەك» خىيالى ئويلىمىغان يەردىن يوققا چىقىپ «پاختەك» لەرنىڭ بىرى مايغا چىلىشىپ قالغانىدى. تۈن كېچىدە ئولتۇرۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، ماي ئىسكىلاتىنىڭ تۆۋىدىن تېشىپ چىققان ماي ئەتراپقا لەمشەرەپ كەتكەنىدى. كاللىسىدا قۇرۇق تۆشۈكا ماي قاچىلىدىم دەپ، شلانكىنى يېرىمىدا ماي بار تۆشۈكا ئۇلاپ قويغانلىقىنى شۇ چاغدا ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. تراكتوردىكى ئازمۇ ئەمەس، ئالتە توننا ماينىڭ تەڭ يېرىمى يەرگە ئېقىپ بولغانىدى.

— سەن، دەيۇز، — دەپ بىرمۇنچە كايىدى دادىسى ئۇنىڭغا، — ئويۇن ـ تاماشا بىلەن يا ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتمىدىڭ. مەكتەپتە ئىشلەپمۇ كۆڭلىمىزنىڭ ئارامىنى قويمىغان، ئەمدى قوپۇپ بۇ يەردە چاتاقنىڭ چوڭىنى چىقارغىلى تۇردۇڭ. مۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەيمەن دېمەي پاداڭنى باق، ئۇمچىڭنى ئىچ، سىڭگەن نېنىڭنى يە ...

ھازىر شەھەر يېرىدە قىز تەرەپكە توي تارتىپ بارغان ياشلارنى «ئوتتۇز ئوغۇل» دەپ ئاتىلىدىغان قارشى تەرەپنىڭ ياشلىرى يول ـ يوللاردا توساق سېلىپ ئاۋارە قىلىدىغان ئىشلار قېپقالدى. بۇ ئىش يىراق قىشلاقلاردا ھېلىمۇ ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. قىز تەرەپكە نىكاھقا بارغان كۈنى ئاۋارىچىلىكنىڭ چوڭى تۇغۇلىدۇ. «قىزلىق ئۆينىڭ قىرىق نازى» دەپ، «ئوتتۇز ئوغۇل» ئالدىغا توساق قۇرۇپ چىقىدۇ ـ دە، بۆكىنى تەتۈر ئۆرۈپ، كۈيئوغۇل يىگىتنى «سىلكىنىش» كە مەجبۇرلايدۇ. مۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ. شۇ بويىچە «سىلكىنىپ» بېرەلمىسەك شاكىرابقا چىلانغان نىكاھ سۈيىنى ئىچىشنىڭ، كېلىن قىزنى ئېلىپ مېڭىشنىڭ تېكەستە بەنى بولىدۇ. بۇ ئىشقا كەلگەندە قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يۇرت ئاقساقاللىرى، ئىمام ـ مەزىنلىرىمۇ ئارىلىشالمايدۇ. «يىگىت بېشى» نىڭ ئىمتىيازى ئەنە شۇنداق چوڭ

بولىدۇ.

بىر قېتىم پەنجىملىك ئابدۇسېلىم ئىسىملىك يىگىتنىڭ تويىدا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى. ئۇ سادىر يۇرتىدىن، موللا توختىيۈزى يېزىسىدىن ئۆيلەنگەنىدى. نىكاھ كۈنى «يىگىت بېشى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى پەنجىملىك يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا چاجاڭ قۇرۇپ تۇرۇۋالدى. كۈيئوغۇلنى «سىلكىنىش» كە مەجبۇرلىدى. ئۇلارنىڭ شەرتى ئەقەللىي تەلەپتىن بەكلا ئېشىپ كەتكەنىدى. پەنجىملىك يىگىتلەرنىڭ تەتۈرلۈكى تۇتتى. «سىلكىنىش» نى رەت قىلدى، قارشى تەرەپمۇ بوش كەلمىدى. «سىلكىنىش» نى يەنە داۋاملىق رەت قىلسا قارشى ئېلىنمايدىغان «مېھمان» لار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى. بۇ تازا جاڭ ـ جاڭ سوغۇق بولۇۋاتقان قىش چىللىسى ئىدى. بىر تۇتامغا ئايلىنىپ قالغان كۈن ۋاقىتنىڭ تىزگىنسىز قولىدا تۇزۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. شۇ ئارىدا پەنجىملىك يىگىتلەر ھىيلە ئىشلەتتى. ماشىنىدىن دۇتار ـ تەمبۇرلىرىنى كۆتۈرۈپ چۈشتى. ئاستىغا سېلىۋالغان كىگىز ـ كېچەكلىرىنى قار ئۈستىگىلا يايدى. نەغمە ـ ناۋا، كۈلكە ـ چاقچىقىنى باشلىۋەتتى. باللارنىڭ قاتارىدا بىزنىڭ چاقچاقچىمىزمۇ بار ئىدى. ئۇ ناخشا بىلەن سازنىڭ كەينىگە ئۇلاپ تۇرۇپ، ئاجايىپ چاقچاقلارنى قىلىۋەتتى. بولۇنغان چاقچاقلار ئىچىدە موللا توختىيۈزىلىك باللارنىڭ قاتتىق قوللۇقى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قائىدە ـ يوسۇنلىرى، قويۇپ تۇرۇۋاتقان ئورۇنسىز تەلەپلىرى، تەلەپپۇزىدىكى قوپاللىقلار، «مېھمان كۈتۈش» دىكى ئۆزگىچە ئۇسۇللىرى ... ئىشقىلىپ ھېچ نەرسە چەتتە قالمىدى. چاقچاق ئۇلارغا ئوبدانلا تەسىر قىلدى. بىر تەرەپتىن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن چاقچاقنىڭ سېھرىي كۈچىدىن مەست بولۇپ، «ئوتتۇز ئوغۇل»، «يىگىت بېشى» بىلەن بىراقلا پەنجىملىك يىگىتلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ھەئە، قوشۇلۇپ كەتتى. «سىلكىندۈرۈش» نىمۇ تامام ئۇنتۇپ، تاقىۋالغان «دەرۋازا» سىنى ئۆز قولى بىلەن داغدام ئېچىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، پەنجىملىك يىگىتلەر ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەيلا

كېلىن قىزنى يۆتكەپ كېلىۋالدى. بۇ يەردە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز، شۇ قېتىم چاقچاقچىمىز بولمىغان بولسا ئېھتىمال «سىلكىنگەن ئۈن»نىڭ تەسىرىدە سىز بىلەن بىز ئويلىمىغان كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارنى چۈشىنالمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى.

خەيرىيەت، زىمىستان قىشتىمۇ باھار تەپتىنى بىرەلەيدىغان، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە باھار گۈللىرىدەك ئېچىلىپ، باھار قۇشلىرىدەك سايراپ يۈرىدىغان مانا شۇنداق چاقچاقچىمىز بىر تۇزكور، نائەھلىنىڭ قولىدا تۇگەپ كەتتى. جان بېقىش ھەممىمىز ئۈچۈن پەرزغۇ. بولۇپمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە تىرىشىپ بەرمىسەڭ بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارماق ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. چاقچىقىمىز پۇرسەت تاپسا ياغاچچىلىق قىلىپمۇ قوياتتى. ياغاچنى ئۆرە ئېلىپ، پەن زاۋۇتىغا كوبالاپ ئۆتكۈزەتتى. پاجىئەگە يولۇقۇشتىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن ئىلى دەريا چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدىن مەلۇم بىرىنىڭ بىر بويلام ئۆرە ياغىچىنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇنى كېسىپ يىقىتىپ، تەييار قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېتەتتى. شۇ كۈنلەردە باغرى يۇمشاق چاقچاقچىمىز بىكار يەپ، سېسىق كېكىرىپ يۈرگەن ئۆز قاتىلىنى ئاز - تولا بولسىمۇ پۇلغا ئىشلىۋالسۇن دېگەن ياخشى كۆڭلى بىلەن ئۇ يەرگە كۆزەتچىلىككە قويۇپ قويىدى. قاتىلنىڭ ئەسلىدىلا نىيىتى دۇرۇس ئەمەس ئىدى. چاقچاقچىمىز سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا كېسىلگەن تېرەكلەرنىڭ كۆتىكىنى ئوغرىلاپ سېتىپ، پۇلىغا ھاراق ئىچىۋالدى. بۇنى چاقچاقچىمىز سېزىپ قالدى. سېزىپ قالغانىكەن، ئاچچىقى كېلىدىغان گەپقۇ. تىجارەتنىڭ ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا لايىقىدا تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدى. ئاپئاق ساقال ئادەمگە ۋارقىراپ يۈرسە سەت بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ۋارقىرىماي، تىللىماي، چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ قويىدى. بۇنى ئېشىپ كەتتى دېگىلى بولمايتتى. ئاشۇرۇۋەتكەن قاتىلنىڭ ئۆزى بولدى. ئاقىۋەت ... خەلق ئىچىدىكى پاراڭلاردا ھۆكۈمەتنىڭ جىنايى ئىشلار دەستۇرلىرىدا «ساراڭغا سوت يوق» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. لېكىن ھاراقكەشكە ئۆلۈم يوق دېگەن پەتىۋانى ئاڭلىماپتىكەنمىز. قانداق

بولغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ خۇن داۋاسى ئاقمىدى. قاتىل ئېتىلىپ كېتىشتىن ئامان قېلىپ، ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا بەند قىلىندى.

چاقچاقچىمىزنىڭ ئايالى پەرىدەم:

— باشقا يېرىنىمۇ دېمەيمەن، دىلمۇرات رەھمەتلىك بىر كۈن ئاۋۋال ماڭا: «بۈگۈن لەگمەن ئېتىپ قوي، پالانكام كېلىدۇ، تويۇپچىنا تاماق يېسۇن» دەپ، ئۆزىنىڭ قاتىلىغا ئۆز قولى بىلەن ئاش بەرگەن يەرلىرى بار ئەمەسمۇ، — دەپ كۆز يېشى قىلدى.

چاقچاقچىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ دادىسىغا ھەممىدىن بەكرەك ئېغىر كەلدى. چۈنكى ئۇ يۈرەك، قان بېسىمى، سىل، دېئابېت كېسەللىكلىرىنىڭ قاتمۇقات قورشاۋىدا ئارانلا ئۆرە يۈرەتتى. جاپانى كۆپ تارتقان، ئۇگىسى قاتماي تۇرۇپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەن. كومۇنانىڭ تۈگمەس سېلىق، ھاشارلىرىنىڭ دەستىدە كۆپ ئېزىلگەن رەھمەتلىك ئوغلىغا بەكرەك كۆيەتتى. ئاشۇ پاجىئەدىن كېيىن ئۇ بىراقلا يىقىلدى. ئۆرە بولالمىدى. بالا دېگەننىڭ ئوتى شۇ دەرىجىدە يامان بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەدىس شېرىپتە شۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەنگەن:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە «ۋاي ئاتام» دېگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ئۆلمەك مىراس» دەپ قويۇپ كېتىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە: «ۋاي ئانام» دېگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوخشاشلا: «ئانا ئۆلمەك مىراس» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىر يەرلەرگە كەلگەندە: «ۋاي بالام» دېگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دەررۇ بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ قولتۇقىغا تىقىۋاپتۇ. ساھابىلەردىن بىرى:

— يا رەسۇلۇللا، ئاتا ئۆلمەك مىراس دېدىڭىز ئۆتۈپ كەتتىڭىز، ئانا ئۆلمەك مىراس دېدىڭىز ئۆتۈپ كەتتىڭىز، ئەجەبا بالىنىڭ مۇسىبىتىنى ئاڭلاپلا سەللىڭىزنى قولتۇقىڭىزغا تىقىۋالدىڭىز، بۇنىڭ ۋەجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نېمىكىن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دېيتۇ:

ـــ بالىنىڭ ئوتى يامان، سەللەمگە ئوت كېتىشتىن ئەنسىرەيمەن.

شۇنداق، بالىسىنىڭ ئوتى چاقچاقچىمىزنىڭ دادىسىنىڭ سەلىسىنىڭ ئەمەس يۈرىكىگە، ئىچ ـ باغرىغىمۇ تۇتىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆچۈرۈۋېلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. ئاخىر ئۇزۇنغا بارماي ئالدىغىنىنى بىراقلا ئېلىپ، ئاندىن ئۆچتى.

چاقچاقچىمىز پاجىئەگە ئۇچراپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەنى 2001 ـ يىلىنىڭ دالا ـ قىرلار گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن باھار ئايلىرىدا، چاقچاقچىمىزنىڭ ئۇكام ئاداش بۇرادىرى ئەركىن پەيدا يىلىچى غولىدىكى ساياھەت ئورنىدا غۇلجا ناھىيىسىدىكى بارلىق چاقچاقچى، قىزىقچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى، رەھبەتلىكنىڭ يېقىن ـ يورۇق، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يىغىپ، داغدۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. پائالىيەتتە ياش شائىر يۈسۈپجان قېيۇمنىڭ چاقچاقچىمىزغا ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە ئېچىنىپ تورۇپ يازغان مەرسىيىسى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شېئىر ئوقۇلدى، نەپەسلەر قىسىلدى، كۆڭۈللەر بۇزۇلدى، كۆزلەر ياشلاندى.

سەن كەتتىڭ، ئامالسىز ئۈزىتىپ قويدۇق،
ياخشىلار كېتەركەن، ئالدىراپ ھامان.
قانمىغان بىز تېخى چاقچاقلىرىڭغا،
قالدى ھەم دوستلىرىڭ، يىغلاپ باغرى قان.

خەلقنىڭ ئاق كۆڭۈل پەرزەنتى ئىدىڭ،
قولۇڭدىن كەلمەيتتى ئەسلى يامانلىق.
بىر نامەرد، خۇمسىغا باغرىڭنى ئېچىپ،
ئېزىپسەن جان ئاكا قىلىپ نادانلىق.

ئاتىلار دەپتىكەن نادان دوستۇڭدىن،
دانىشمەن، ئەقىللىق دۈشمىنىڭ ئەلا.

چۈنكى ئۇ ئەقىلسىزلىق دۈشمەن بولسىمۇ،
ياخشىغا، ياخشى دەپ بېرەتتى باھا.

ئۆيۈڭدىن ئۈچاتتى بىر چاغدا كۈلكە،
قارىسام قاپتۇغۇ مۈڭلىنىپ بۈگۈن.
سېزەتتۇق سەن بىلەن قىشتىمۇ باھار،
يۈرەتتۇق سەن بىلەن كۆڭۈللەر پۈتۈن.

دەرىخا، سەن كەتتىڭ، قالدى چاقچىقىڭ،
قالدۇرۇپ دىللارغا بىر بۈيۈك ئارمان.
تىلەيمىز سەن ئۈچۈن جەننەتۇل - رىزۋان،
تىلەيمىز ئاللادىن ئۇلۇغ بىر ئىمان.

# دىلمۇرات مىنەۋۋەر چاقچاقلىرى

## غەللە - پاراقنى

نەزىرى ئۈستۈن بىر يىگىت دىلمۇراتنى گەپتە چۈشۈرمەكچى بولۇپ:

— مانا، دىلمۇراتلار سوقا - سەندەلدەك بەستى بىلەن تۆت مو يەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي يۈرىدۇ. بىز چېغىمىزدا يۈرۈۋاتىمىز پالانى مو يەرنى كۆتۈرە ئېلىپ، بەگدەك ياشاپ، — دەپ پو ئېتىپتۇ.

دىلمۇرات كوچىلاپ سوراپتۇ:

— نەرىگىدە كۆتۈرۈپ ئالدىڭ؟

قارشى تەرەپ تولىمۇ تەكەببۇر قىياپەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

— يەلكىمىزدە.

— بار - يوقى يېرىڭنى دۈمبەڭگە ئېلىۋېلىپ، — دەپتۇ گەپتە ئوك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يانپاشتىن كېلىپ قالغان دىلمۇرات، — غەللە ـ پاراقنى مەيدىگە بېرەي دەپسەن ـ دە.
هېلىقى يىگىتنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ.

## لەگمەننى بۇدۇر قىلىپ

دىلمۇراتنىڭ ئايالى سىرتقا تۇغقان يوقلىغىلى كېتىپ قېلىپ ھەپتە ـ ئون كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. ئايال كىشى بولمىغان ئۆيدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان گەپ ئىكەن. دىلمۇرات ئۈچ بالىسى بىلەن ئاچلا قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ لەگمەن سېغىنىپ كېتىپ، ماگىزىندىن تەييار چۆپنى ئېلىپ كىرىپتۇ ـ دە، قايناق سۇغا بېسىپ يەۋاتقاننىڭ ئۈستىگە قوشنىسى كىرىپ قاپتۇ. قوشنىسى قاچىدىكى تاماققا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ سوراپتۇ:

— نېمە ئىچىۋاتىسىلەرۋي دىلمۇرات؟
دىلمۇرات چاندۇرماي جاۋاب بېرىپتۇ:
— مودا قوغلاشمىغان ئاش ـ تاماق قاپتىكەن. لەگمەننى بۇدۇر قىلىپ يەۋاتىمىز.

## شاق ـ شاق يۇتتا

دىلمۇراتنىڭ مەھەللىسىدە كىچىكىدىن قىزلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولغان، ئاۋازى، قىلىقلىرىغىچە ئاياللارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تارتىپ كەتكەن تازىمۇ خېنىم مىجەز بىر دېھقان بار ئىكەن. دىلمۇرات ئۇ كىشىنى كۆرگەن يەردە ئەتەي گەپكە سېلىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدىكەن. بىر قېتىم ئۇلار نەچچىسى ئېتىزدا بۇغداينىڭ چېچەك سۇيىگە سۇ قويۇۋېتىپ كەچ قاپتۇ. دىلمۇرات قورساقلار تازا ناغرا چالغىلى تۇرغاندا يېنىدىكىلەرگە گەپ قىلغان بولۇپ، ھېلىقى كىشىنى

گەپكە ساپتۇ:
— سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار نېمىنى تارتىپ تۇرۇۋاتىدۇ؟
— ئوخشىغان پولۇ بولسا.
— ياق، گۆشنان بولسا دېگىنە، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.
— سىزنىڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دىلمۇرات خېنىم مىجەز كىشىدىن.
— ۋىيەي، دىلمۇرات ئىنىم، تاماقنىڭ گېپىنى قىلىۋېدىڭىز گاللىرىم قىمىلداپلا كەتتا، — دەپتۇ ئۇ كىشى چىمچىلاق بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، — پولۇ، گۆشنانلىرىڭىزنى قويۇڭە، شۇ تاپتا ماڭا قايمىقى، تۇز - تەمى تەڭشىلىپ كەلگەن يىلىكتەك ئەتكەن چاي بىلەن شاق - شاق يۇتتا بولسا ...

## شورپا

جاھاندا «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسى» غا نان چىلاپ يەيدىغان شۇنداقمۇ تىرتەك، تەتۇر مىجەز ئادەملەر بولىدۇ. ئۇنداقلارغا چاقچاق قىلغىنىڭ — پوقىا چالما ئاتقىنىڭ.

دىلمۇرات شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئۇقۇشماي چاقچاق قىلىپ قويۇپ، قاراپ تۇرۇپلا نېسىگە بىر كاچات تاياق يەۋاپتۇ. ئۇ كۇنى ئۇلار پىلىچى غولىدىكى مەلۇم بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى چىققانىكەن. قېرىشقاندەك دوستى ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقىپتۇ. دىلمۇراتلار چۆلدەرەپ تۇرغان يېزىنىڭ «مۇساپىر قاۋىقى» دىن ھاراق بىلەن شىمىشكا - پۇرچاق سېتىۋېلىپ، قاش بويىدا يەككە مۇڭغا چۆشۈپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا قورساقلىرى كوركىراپ، ئاشقازانىنىڭ تازا غەلۋىسى تۇتقان چاغدا، دىلمۇرات ھېلىقى تەتۇر مىجەز ئاداشقا چاقچاق قىپتۇ:

— مەن دەيمەن ئۆمەرجان، بوزدا ئەمەن يېگەن پاقلاندىن بىرى بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ۋاچچىدە سويۇپ، قازانغىلا تىقساڭ، مەي بولۇپ پىشقاندا شورپىسىنى كۆتۈرۈپ تۆكۈۋېتىپ، گۆشىنى يەۋالساڭ - ھە.

ئادىشىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەپتۇ.

— هوي، ئېقىلسىزوي، شورپىسىنى تۆكۈۋېتىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— شۇنداق قىلمىساڭ، — دەپتۇ دىلمۇرات، — گۆشى مۇزلىمايدۇ — دە.

— گۆشى مۇزلىمىسا ئالدىرىماي يېمەمسەن دەيمىز.

— مۇزلىغىچە تاقەت قىلىپ تۇرالمىسام.

— بىر ئوبدان شورپا نەرىگە تاقاشتى شۇنچىلىك؟

— ئىشقىلىپ تۆكۈۋېتەتتىم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ دىلمۇرات.

— نوچى بولساڭ تۆكۈپ باقە قېنى؟ — دەپ كىرىشىپ قاپتۇ ئادىشى.

— تۆكمەن قانداق.

— مانا تۆك ...

شۇ ئارىدا قانداق بولغان، تەتۈر مىجەز ئاداش پەقەتلا ئويلىمىغان يەردىن دىلمۇراتنىڭ قاڭشىرىغا توغرىلاپ بىر شاپىلاق سىلىۋېتىپتۇ.

## ھاۋانچىسى جىك

مەھەللىدە ئادەم ئالداپ پۇلىنى ئالىدىغان چالا تېۋىپلاردىن بىرى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كىرگەن - چىققاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ قويىدىكەن - دە، قانداقتۇر نامى ھەيۋەت دورىلارنى سوقۇپ بېرىدىكەن. گول يېزىلىقلار ئاتالمىش «دورا» لارنىڭ نەرقى - ناۋاسىنى سورىماي ئېلىۋېرىدىكەن. بىر كۈنى بىر دېھقان تېۋىپتىن دورا ئېلىۋېتىپ:

— قاراڭ تەقسىر، بىزنىڭ موماي دورىڭىزنى يەۋاتقىنى ئۇزاق بولدى. ھېچبىر مەنپەئىتىنى كۆرەي دېمەيدۇ. جا ئەمەستۇر - ھە؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

تېۋىپنىڭ تومۇر تۇتۇپ، دورا بۇيرۇشلىرىغا قاراپ تۇرغان دىلمۇرات تېۋىپتىن بۇرۇن ھېلىقى كىشىگە دەپتۇ:

— ئېلىۋېرىڭ ئاكا، «شىپائى بەدەل» دېگەن شۇ. دورا جا بولغان بىلەن ھاۋانچىسى جىك.

## سەن دېگەندەك قىلاي دېسەم

دىلمۇراتنىڭ بالا چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنى سىركە ئەكىرىشكە بۇيرۇپتۇ ـ يۇ، كەپسىز ئوغلىدىن خاتىرجەم بولالماي:

— بالام، يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەندىن دىققەت قىل. ماشىنىلار كەلسە ھەرگىز ئالدىدىن ئۆتۈپ سالما جۇمۇ، ئارقىسىدىن ئۆت، — دەپ تاپىلاپتۇ.

دىلمۇرات چىقىپ كېتىپ خېلى ئۇزاق يوقاپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە تاماق پىشىپ، يېيىلىپ بوپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەينىدىن چىقىپتۇ. چىقىپ قارىغۇدەك بولسا دىلمۇرات يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدا، قولىدا سىركە، خىيالىدا يوق تۇرغان. ئاپىسى ئاچچىقىدا ۋارقىراپتۇ:

— نېمىشقا يولدىن چاققانراق ئۆتمەيسەن؟

— بايىلا ئۆزۈڭ، — دەپتۇ دىلمۇرات ئاپىسىغا قاراپ، — ماشىنىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمە، كەينىدىن ئۆت دېۋىدىڭغۇ، سەن دېگەندەك قىلاي دېسەم، ماشىنا كەلمەيۋاتىدۇ.

## سوراپ باقساڭ

دېھقانچىلىقنىڭ ئېپى ـ جېپىدىن تازا خەۋىرى يوق بىر زىيالىي ئاداش نىيازكام دەيدىغان دېھقان بۇرادىرىگە ئۇچ يۈز يۈەن قەرز بېرىپ قويۇپ زادىلا ئالالماپتۇ. ئۇ دېمەك ـ بۇ دېمەك بىلەن ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ دىلمۇراتنى كۆرۈپ:

— ئۇكا، سەن ماڭا قارىغاندا دېھقانچىلىققا پىششىقىقۇ، دەپ باقسىڭا، قوناق نەچچە ئايدا پىشىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۆتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا يەرگە ئۇرۇق سالسا، — دەپ ھېساب كۆرسىتىپتۇ دىلمۇرات، — سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئورغاق سالىدۇ. تەخمىنەن تۆت يېرىم ئايدا پىشىدۇ. خوش، بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ھېلىقى نىياز دېگەن بىر نېمە، — دەپ ھالىنى ئېيتىپتۇ، بۇ مەندىن پۇل قەرز ئالغىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى، ھەر قېتىم خىجالەت بولۇپ ئالدىغا بارسام «قوناق پىششىقدا ئالارسەن» دەيدۇ. خاپا بولماي سەن بىر سوراپ باقساڭ، نىيازكام قانداق قوناق تېرىيدىكىن؟

## كالىنىڭ گېپى

— دادامىۇ قىزىق ئادەم، — دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ دىلمۇرات، — ئاپەتلىك يىللاردا جان باقىمەن دەپ قىلمىغان ئىشى قالمىغان. بىر مەزگىل مال سويۇپ، خالتا كوچىلاردا قاسساپلىق قىلىپ يۈردى. بىر كۈنى قانداق بولغان مەھەللە ئاكتىپلىرىدىن بىرى دادامنىڭ ئىشىنى ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇپتۇ. جۇسادۇيىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ يوغان بىر كالىنىڭ گۆشىنى بۇلاپ كەتتى. ئەتىسى دوقمۇشقا چىقىپ كۆڭلى يېقىن بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرسا، ھېلىقى چېقىمچى داداملارنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ، قۇلىقىنى ئۇلار تەرەپكە قىلىپ، گەپ تىڭشىغىلى تۇرۇپتۇ. چېقىمچى ئاداشنىڭ قىلىقلىرىنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان دادام ئۇنى چاقىرىپتۇ: «بېرى كەلسىلە، بېرى، تۈنۈگۈنكى كالىنىڭ گېپى.»

## ئۈزۈك سېلىش

دىلمۇراتنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىسى ئۇلارنىڭ توخۇسىنىڭ تۇخۇمىغا دەندىۋاپتۇ. يوقلاڭ سەۋەب بىلەن دىلمۇراتنى ئىزدەپ كېلىدىكەن. ئايالىنى ماختاپ - ئۇچۇرۇپ، يىغىپ قويغان تۇخۇملىرىدا تۇخۇم قورۇمىسى، تۇخۇم پوشكىلى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەتكۈزۈپ، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ كېتىدىكەن. بۇ ئىش ئۇدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئايالى بۇنى سېزىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار دىلمۇراتنى يەنە ئىزدەپ كەپتۇ. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئايالىدىن:

— پەرىدىگۈل، ئاغىنىمىز ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بار، بىراق ئالدىراش، — دەپتۇ پەرىدەم.
— نېمىگە شۇنچىۋالا ئالدىراش بولۇپ قالدى؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ ئاغىنىلىرى.
شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان پەرىدەم جاۋاب بېرىپتۇ:
— توخۇلارغا ئۇزۇك سېلىۋاتىدۇ.

## كالا تېرىسىدە جۆئەرمەن

دىلمۇراتلار باياندايدا تېرەك كېسىپ يۇرگەن مەزگىللىرىدە ھەپتە - ئون كۈن يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ قاپتۇ. دىلمۇراتنىڭ قازان بېشى ئىشلىرىدا ئاز - تولا ئېپى بولغاچقىمۇ تاماقنى ئۆزى ئېتىپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئىشداشلىرىغا كېسىپ لەڭمەن ئېتىپ بەرمەكچى بوپتۇ. قانداق بولغان، خېمىرنى ئالدىراپ يۇغۇرۇپ تۇزىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. خېمىر تاشتەك قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. ئۇنى نوغۇچ بىلەن يېيىش تەسكە چۈشۈپتۇ. مىڭ بالالىقتا لېگەننىڭ چوڭلۇقىدا يېيىپتۇ - دە، ئامالسىز تاسما تىلغاندەك تىلىپ - تىلىپ قازانغا سالپتۇ. ئىشداشلىرى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان قاچىدىكى تاماققا قاراپ سوراپتۇ:
— دىلمۇرات ھوي، بۇ قانداق تاماق بولۇپ كەتتى ئۆزى؟
— نەرقىنى سورىماي يەۋېرىڭلار، — دەپتۇ دىلمۇرات، — كالا تېرىسىدە جۆئەرمەن دېگەن شۇ.

## ئاستىنقى ۋە ئۇستۈنكى ئۇرۇق

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئەترەت باشلىقى «بۇ يىل تەقسىمات ئۇنداق ياخشى، ۋەزىيەت مۇنداق ياخشى» دەپ ماختىغىلى تۇرۇپتۇ. تۆۋەندە ئولتۇرغانلاردىن بىرى دىلمۇراتنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپتۇ.
— ئەترەت باشلىقىنىڭ گېپى راستمۇ، ئاكا؟

www.uyghurkitap.com

— راست بولمامدىكىن، — دەپتۇ دىلمۇرات، — جوتىنىڭ ئۈستۈنكى ئۆرۈقى تارتمىغا، ئاستىنقى ئۆرۈقى بىزگە قاراپ تۇرسا.

## بۆگۈنچە قېقىپ قويدى

دىلمۇراتنىڭ يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ ھاياتقا تازا تەلپۈنۈپ يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر ئاغىنىسى بىلەن بازار ئارىلاپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن شۇنداقمۇ سەتەڭ ئىككى قىز تاكاسلاپ ئۆتۈپ قاپتۇ. دىلمۇرات ئاغىنىسىگە پو ئېتىپتۇ:

— بارىمەن - دە، قىزلارنىڭ بىرىنى ئۆزۈمگە توغرىلاپلا كېلىمەن.

— شۇنداق قىلالىساڭ، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — مەن ساڭا بىر چايغا قەرزدار.

دىلمۇرات قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپتۇ. يېقىن بېرىپ بىرسىگە شۇنداق ئېغىز ئاچقانىكەن، كاچىتىغا كەلتۈرۈپ بىر شاپىلاق سايتۇ. ئاغىنىسى:

— بولدىمۇ ئەمدى، — دەپ مەسخىرە قىپتۇ.

— ئىش پۈتتى، — دەپتۇ دىلمۇرات چاندۇرماي، — يۈزۈم توپا بولۇپ كېتىپتىكەن، بۆگۈنچە قېقىپ قويدى.

## مۇساپىر ئوخشايدۇ

مەھەللە مەسچىتىنىڭ جىنازىسى كونىراپ كېتىپ، يېڭىدىن بىر جىنازا ياسىتىپتۇ. بىرقانچەيلەن ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، كەڭ - تارلىقى، ئېغىر - يېنىكلىكىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. ئارىدا بىرسى جىنازىغا چۈشۈپ ئوڭدىسىغا يېتىپتۇ. قالغان تۆتى جىنازىنى كۆتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە دىلمۇرات كېلىپ قاپتۇ.

— ۋاي، «رەھمەتلىك»، — دەپتۇ ئۇ جىنازا ئىچىدىكى «مۇردا» غا قاراپ، — يىغىچىسىنىڭ يوقلۇقىغا قارىغاندا مۇساپىر ئوخشايدۇ - دە.

# تەتۈرلۈك

— كۆپ بىلەن ئارىلاشماي ئىش نېمە، يوسۇن نېمە چۈشەنمەيدىغان بالىلىرىمىزمۇ بار، — دەپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ دىلمۇرات يەنە، — بىر كىشىنىڭ كىچىكىدىن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، شۇ پېتى چوڭ بولۇپ قالغان تازىمۇ ھاڭۋاقتىسىمان بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە توي قىلىش يېشىغا يېتىپ ئۆيلەپ قويۇپتۇ. توي كۈنى ھۇجرا ئۆيگە كىرىدىغان چاغدا تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. مەھەللىنىڭ ئوتتۇز ئوغلى ئۇنىڭغا قائىدە ئۆگىتىپ، بىر ھەپتىگىچە ئۆزلىرى ئەكىرىپ قويۇپ يۈرۈپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىنزە دادىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھوي خاۋارشوي، قاچانغىچە يوسۇنىمىزنى ئۆگىنىپ



بولالمايسەن؟ پۇل خەجلەپ ئۆيلەپ قويسام، كۈندىلا يۈزۈمنى تۆكۈپ، ئوتتۇز ئوغۇل ئەكىرىپ قويۇۋېرەمدۇ سېنى؟ ماڭ ئۆزۈڭ كىر، — دەپتۇ.

— مەنلا كىرەمدىم، — دەپتۇ بالىسى يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ، — باشقىلارمۇ كىرمەمدۇ.

## سىغىنغاندا

بىر يىلى دىلمۇرات پەنجىمدىكى ئىنىم ئاداش بۇرادىرى بىلەن شېرىكلىشىپ نىلقىنىڭ سۆپتاي يېزىسىغا بىنەم بۇغداي تېرىپتۇ. بۇغداينى يىغىۋالىدىغان چاغدا ئون بەش ـ يىگىرمە كۈن شۇ يەردە بولۇپقاپتۇ. شېرىكى ئىككى كۈندە بىرلا «دىلمۇراتكا، دىككىدە ئۆيگە بېرىپ كەلسەم» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىدىكەن. قايتىپ كېلىپ ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا يەنە ئۆينىڭ جېدىلىنى قىلىدىكەن. بىر قېتىم كېتىپتۇ، يول قويۇپتۇ. ئىككى قېتىم كېتىپتۇ، يول قويۇپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمغا كەلگەندە دىلمۇرات:


— بۇ قېتىم نۆۋەتنى ماڭا بەر ئۇكا، — دەپتۇ بۇرادىرىگە، — قايتىشىمدا ئايالىڭنى ھاۋانچىدا سوقۇپ ئالغاچ كېلەي، سىغىنغاندا كاپ ئېتىۋالارسەن.

# كەچمشلەر سۆزلەيدۇ هاياتتن قسسە

دەريالار كەلكۈن پەسلگە كرگەندە ئككى خل هالەت ئۇستۇنلۇكنى ئگلەيدۇ.

كەلكۈن يازىچە يغلپ قالغان زېمندىكى غەلدە - غەشلەرنى سۈر - چۇقانلار ئچدە سۇپۇرۇپ ماڭدۇ. ئۆتكۈنچە ساراسمدن كېيىن كشلەرگە ئاتا قلدغنى يەنلا ئۇمد ۋە خۇشاللق. كەلكۈن بلەن كۆلكە ئوتتۇرسدا شۇنداق بر ماهيەتلك ئوخشاشلق بار. كەلكۈن زېمندىكى كرلارنى، كۆلكە - چاقچاق بولسا كۆڭۈلدىكى كرلارنى تازىلايدۇ.

شۇنداق، بزنىڭ چاقچاقچى، قزىقچلرمز كۆڭۈلدىكى كرلارنى تازىلايدۇ. يۈرەكتكى قاداقلارنى ساقايتالايدۇ. ئۇلارنىڭ قولدن ئۇچۇر ئنقلابى، ئېلېكترون دەۋرىگە مۇناسپ باشقا چوڭ - چوڭ ئشلار كەلمسمۇ، كر تازىلاپ ساۋاب تاپىدىغان ئشلارنى قلالايدۇ. ماگنت دولقۇنلرى ئچدە دېمى كېسلپ، مېخانكلق تۇرمۇش رتمنىڭ تنمسز خورتىشى بلەن ئەسلي تەبئتدن يراقلاپ كېتۋاتقان زامانمز كشلرىگە هاياتنىڭ مەنسى، تۇرمۇشنىڭ هەقىقي گۈزەللكنى هېس



قىلدۇرالايدۇ. نۆۋەتتە بىر ئوتلام شاراب بىلەن قوشۇپ ئىچىۋېتىشكە ئەرزىمەيدىغان دۇنيا ئىشلىرىنى ۋۇجۇدىڭىزدىن كىر سۈيىنى [illegible] سىقىپ چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ئۇلاردىكى «كىر يۇيۇش» نىڭ خاسىيىتى مانا شۇ يەردە.

ئەمدىكى بايانىمىزدا «جۇماش» لەقىمى بىلەن كۆپكە تونۇلغان ياش چاقچاقچى شاۋكەت مۇھەممەتكە ئاشۇ خالىس كىر تازىلىغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى سۈپىتىدە سەھىپىمىزنىڭ مۇناسىپ يېرىدىن ئورۇن بېرىمىز.

شاۋكەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئىلىنىڭ چاقچاق سەنئىتىگە قوشۇلغان يەنە بىر كۈلكە چولپىنى. ئۇنىڭ چاقچاقچىلىق ھاياتى خەلق ئارىسىدا توي، مەشرەپ، بەزمە ـ باراۋەتلەردە كىشىلەرگە ساپ، ساغلام كۈلكە ئاتا قىلىش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئالەمىنى ياشارتىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق چاقچاقچىلىق ھاياتىدىكى يارقىن ئىزلار بۈگۈنكى كۈندە بىر خەلق سەنئەتچىسىنىڭ تارتىملىق ھېكايىسى بولۇپ پۈتۈلدى. بۇ ھېكايىلەر چاقچاقچىمىز ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈلىستان شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا، دەريا ساھىلىدىكى ئارامگاھلارغا، ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىغا، ئۈرۈمچىدىكى يامالىق تېغى ئېتەكلىرىگە، ئادەملەر گۇرۇلدىشىپ تۇرغان ئاۋات رەستىلەرگە چېچىلىپ كەتكەن. نېرۋا سىستېمىسىدىن كاشىلا چىقىپ ئوڭ قولىدا ئۆزۈندىن بېرى قەلەم تۇتۇشتىن قالغان ئاۋارە مۇئەللىپ، كورىيىنىڭ ئىككىلىك بارماق چوڭلۇقىدىكى ماگنىتلىق ئۈنئالغۇسىنىڭ ياردىمىدە تېرىق دانچىسىدەك چېچىلىپ ياتقان ئاشۇ ھېكايىلەرنى تولىمۇ تەستە تېرىۋالدى. تېرىۋالدى، چاقچاقچىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشىدىن، ئۇنى سۆيىدىغان، چۈشىنىدىغان، قەدرى ۋە ئېتىبارىنى قىلىدىغان بۇرادەرلەرنىڭ قىزغىن، ئوتلۇق پاراڭلىرىدىن، خەلق ناخشىچىسى ئەنۋەر قاپاقنىڭ دۇتار بىلەن ئورۇندىغان مۇڭلۇق كۈيلىرى ئارىسىدىن، ئاقۋاي، قارىۋايلارنىڭ[1] قولىدىكى تەمبۇر ۋە ساتارلىرىغا سىڭىپ كەتكەن

① ئاقۋاي، قارىۋاي ـــ داڭلىق ناخشىچى سەنەۋەر تۇرسۇننىڭ ئىنىلىرى.

چاقچاقلىق ئولتۇرۇشلاردىن، ئۇششاق تىجارەتچى تۇرسۇنمۇھەممەت، زەرگارچى ئىنىمىز سالاھىدىن، يەنە نۇرغۇن دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ قىسقا، مەنىلىك ئەسلىمىلىرىدىن مىسقال ـ مىسقاللاپ تېرىۋالدى. ماقالىمىزنىڭ تونىنى پىچىپ چىقىش ئۈچۈن شۇ ھېكايىلەرگە قوشۇپ چاقچاقچىمىزنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرىگە مەنسۇپ تەپسىلاتلار، پېشانىسىدىكى كامان شەكىللىك تاتۇقىنىڭ ئۆتمۈشى، «ئەيسا كالتەك ئارامگاھى» دىكى ئىشلار، يەنە شۇنىڭدەك بىر قاتار تەپسىلاتلارنى تېتىتقۇ ئورنىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن سەھىپىمىزگە ئىخلاسى بار ئوقۇرمەنلەرنى مۇمكىن بار ئەسنىتىپ قويماسلىققا تىرىشىپ كۆرىمىز.

ئېنىقكى، بالىنىڭ تۇنجىسى بىلەن كەنجىسى ئەركە، شوخ، كەپسىز چوڭ بولىدۇ. قىزلارغا قارىغاندا ئوغۇللار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭغا يەنە قارام، تەلۋە دېگەن سۈپەتنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك. بالىلاردىكى قارام ۋە تەلۋىلىكنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىللار ئۆزى ئوڭشايدۇ. كونىلەرنىڭ بىرىدە قارىسىڭىز ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ھېلىقى «سايىم نوچى»، «ھوشۇر قارام» لار بىر چىرايلىق سالاپەت بىلەن كۆپىنىڭ قاتارىدا يۈرگىنىنى كۆرىسىز. مىسال ئۈچۈن قىزىقچىمىزنىڭ ئۆزىنىلا ئالايلى. ئېگىز، بەستلىك، قاۋۇل، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايىدىن بىر خىل ھەييارلىق، كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شاۋكەت جۇماشىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى مىجەزى ھازىرقى ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن تۇرقىغا زادىلا ئوخشاشمايتتى. ئەلۋەتتە قاراملىق، شوخلۇقىنىمۇ چېكى بولىدۇ. لېكىن ئۇ چەللىدە ئات ئەمەس تۆگىمۇ چاپتۇرىدىغان، سۇغىمۇ، ئوتقىمۇ پوش دېمەي كىرىپ كېتىۋېرىدىغان تەلۋىلەردىن بولۇپ، كۈنىگە ئىش تېرىپ تۇرمىسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغانلاردىن ئىدى. كونىلارنىڭ «ئوغۇل بولسا شوخ بولغىنى، بولمىسا يوق بولغىنى ياخشى» دېگەن تەمسىلى ئۇنىڭغا شۇنداقمۇ باب كېلەتتى. غۇلجا شەھەر تۆرەم مەھەللىسىدىكى قايسىبىر قورۇلارنىڭ دېرىزىسى چېقىلغان، ئەينىكى سۇنغان، گۈللىرى ئۈزۈلۈپ، غورىلىرى قېقىلغان،

www.uyghurkitap.com

كىملەرنىڭدۇر باللىرىنىڭ بۇرنى قاناپ، قاش ـ قاپقى بىرلىغان بولسا، چوقۇملىكى بۇ ئىشلارنى شاۋكەت قىلغان بولۇپ چىقاتتى.

ــ خاپا بولۇشمىسىلا، بالىغا ئوبدان تەربىيە بەرمىگەن گۇناھ بىزدە، كىچىك ئەمەسمۇ، پوق يېمەسلىك قىلىپ قويۇپتۇ. چېقىلغاننى تۆلەپ، بۇزۇلغاننى ياساپ بېرەيلى. بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدانراق تەربىيە قىلايلى.

«قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دەپ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئاتا ـ ئانا دېگەن يەنىلا كۆتۈرۈشلۈك كېلىدىكەن. ئۈچ قىز، ئىككى ئوغۇل بەش بالا ئىچىدە ھەممىدىن ئەركە، شوخ، ئەتىۋارلىقىمۇ شاۋكەت ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىق، موھتاجلىقنىڭ دەردىنى ئاز دەپ، بىچارە ئاتا ـ ئانىسى كەپسىز ئوغلىنىڭ ئورۇنسىز ئېلىپ كەلگەن بېسىملىرىنى ئېرىنمەي، ۋايسىماي، كۆلۈپ تۇرۇپ كۆتۈردى. ئۇنىڭ يامىقىنى ياماپ، پوقىنى ئادالاپ كەلدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا تۇغۇلۇشىدىنلا ياۋاش، خۇشخۇي، قولىقى يۇمشاق، ئەدەپ ـ قائىدىلىك كېلىدىغان ئوخشايدۇ دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى دەۋەتمەي بولمايدۇ. شاۋكەت كېيىنكى چاغلاردا بىر چاقچاقچى، بىر خەلق قىزىقچىسى سۈپىتىدە سورۇنلاردا پەيدا بولغاندا تۆرەم مەھەللىسىدىكى چوڭلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي: «مەمتىكامنىڭ ھېلىقى (بالا شۇمى) شۇمۇ؟ توۋا، ئۇنى ئادەم بولىدۇ دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان، ئاخىر (مەشرەپ) ئوڭشاپتۇ ـ دە» دەپ قوياتتى.

توغرا، ئۇنى مەشرەپ ئوڭشىدى. بىرى مىڭلىغان، مىليونلىغان «ئەگرى تاياق»، «ئەگرى قوۋۇرغا» لارنى ئوڭشىغان، قاتارغا قاتقان مەشرەپ بىلەن ئىلىنىڭ چاقچاقلىق ئولتۇرۇشلىرى نۆۋىتىدە شاۋكەت جۇماشنىڭ «مۇڭگۇز ـ پۇتاقلىرى» نى چىپىپ ـ چاناپ، چىرايلىق تاراپ، ئىلىپتەك تۈز ئادەم قىلىۋەتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭغا خۇشخۇي، ھەييار، كۈلگۈنچەكلىكتەك ئۆزگىچە بىر خۇسۇسىيەتنىمۇ ئاتا قىلدى. مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى كىملەرنىڭدۇر «ئەرز ـ شىكايەت» لىرى،

«قازى» نىڭ ھۆكۈمى، «پاششاپ» نىڭ دەررۇ ـ كاچاتلىرى ئۇنى سەگىتتى. چاقچاقچى، قىزىقچىلارنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان كۈلكە ـ چاقچاقلىرى پاششاپلارنىڭ دەررە ـ كاچاتلىرىدىن قېلىشمايتتى. يامانغا كۈلپەت، ياخشىغا ئۈلپەت ئېلىپ كېلىدىغان، كىشىنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنى ئاپتاپتەك يورۇتۇۋېتىدىغان، گۈلىمۇ، تىكىنىمۇ بار چاقچاقلار، قىزىقچىلىقلار ئۇنىڭغا باللىقتىكى «ياۋايىلىق» تىن، ئادىمىيلىك ئەسلىي تەبىئىتىگە قايتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. شۇ چاغلاردىكى كۆرۈنۈش ھېلىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شەھەر ئىچىلىك ھېسامكام، ئىبراھىم دىۋانە، ساتتار قورۇق، سابىر سادىقلار، كېپەكيۈزلىك روزى ئابدۇۋەلىلەر، ۋاھ، شۇلار قىلسۇن ـ دە، چاقچاقنى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەر ئېغىز چاقچاق سورۇندا گويا بومبا پارتلىغاندەك پارتلاپ، ئولتۇرغانلارنىڭ كۆز ئالدىدا، روھىي ئالىمىدە غايەت زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلاتتى. بۇ چاقچاقلار ئۆزبېك خەلق رىۋايەتلىرىدىكى «بىر سۆزۈم بار ئۈچ تىللا» دېگەن ھېكمەتنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاشۇ چاقچاقلار ئۈچ تىللاغا يارىغان ھېكمەتتىنمۇ قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق، سۆيۈملۈك ئىدى. 1970 ـ يىللاردىكى بىر قېتىملىق ئىشچى قوبۇل قىلىشتا چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپلا قاراماي، مايتاغ تەرەپلەرگە كۈن ئالغىلى كېتىپ قالغان تۆرەم مەھەللىلىك ماناپكام دەيدىغان يەنە بىر كىشىمۇ چاي، مەشرەپ، ئولتۇرۇش، بەزمە ـ باراۋەتلەردىكى قىزىقچىلىقلارغا قېتىلىپ قالىدىغان. ئۇ كىشىنىڭ قىزىقچىلىق قىلىش سەنئىتىمۇ بىر دۇنيا ئىدى. زامانىسىدا خەلق قىزىقچىسى باۋخان كور شەڭگەن، دوتەيلەرنى دوراپ قانداق كۈلكە پەيدا قىلغان بولسا، ماناپكاممۇ ئۈستىگە سەكسەن يەردە يامىقى بار چاپان، پۇتىغا لاتا خەي كىيىپ، بېشىغا لۆڭگە، ئاياللارنىڭ ياغلىقى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئارتىۋېلىپ ئاتالمىش «ئۆلگىلىك ناخشا»، «ئۆلگىلىك تىياتىر» لاردىكى قەھرىمانلارنى شۇ دەرىجىدە قاملاشتۇرۇپ دورايتتىكى، كىشىلەرنى تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. كىشلەرشاۋكەت جۇماشنىڭ چاقچاقچىلىق سەنئىتىدە ھېسام قۇربانىنىڭ

ئىنكاسىدىكى تېزلىك بىلەن دەللىك، ئىبراھىم دىۋانە رۇزى ئابدۇۋەلىلەردىكى سالماقلىق، ساتتار قورۇق، سابىر سۇيۇقلارنىڭ ئۆزگىچە پىكىر ۋە مەنە ئاتا قىلىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا يەنە ماناپكامىنىڭ ھەييار، قىزىقچىلىق تەرەپلىرىمۇ سىڭىپ قالغان دېيىشتىن سىڭىپ قالسىمۇ قالغاندۇ. باللىقتىكى ھەۋەس ۋە ئاڭسىز ھەرىكەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قىلىقلىرىنى ئاز دورىدى دەمسىز. بۇ يەردە مۇنداق بىر قىستۇرمىنى ھېكايە قىلىمىز.

شاۋكەتلەرنىڭ ئۆيى مەھەللىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ كوچىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ پاراڭلىرى، مېڭىش - تۇرۇشى، قىسقىسى ئۇششاق ھەرىكەتلىرىگىچە دېرىزىدىن ئاشكارا كۆرۈنۈپ، ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جاھاندا مەستلەرنىڭ تۇرمۇشىدەك غەلىتە، قىزىقارلىق تۇرمۇش بارمۇ؟ شاۋكەت شۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن سورۇنلارنى كۆردى. نۇرغۇن مەستلەرنى ئۇچراتتى. ئۆزىمۇ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان ئاشۇ سۇيۇقلۇقنىڭ تەمىنى جىق تېتىدى. شاۋكەت ئۇچراتقان ئىچەرمەنلەر ئىچىدە تۆرەم مەھەللىلىك جۇماخۇن، ھوشۇر كومشا دەيدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇلار ئىچەتتى. خۇشخۇي، لەرزان كەيپ بولاتتى. گەپ - سۆزى، سالام - سەھەتى جايىدا ئىدى. ناخشىنىمۇ توۋلاپ قوياتتى. ئەتىياز، كەچ كۈز ئايلىرىدىكى ھۆلچىلىك، پاتقاقچىلىقلاردا، يۇلتۇزلار كۇلۇپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلەردە ئۇشۇققىچە لاي كېچىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ، قانداقتۇر بىر قەدىمى ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا غىڭشىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن پات - پات ئۆتۈپ قالاتتى. ئەتىسى بولغاندا شاۋكەت ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە كەپسىز ئاغىنىسى ئىككى مەستنىڭ قىلىقىنى دوراپ مەھەللىنى بېشىغا كىيەتتى. قىزىقچىمىز جۇماخۇن دېگەن كىشىنىڭ، ئاغىنىلىرى بولسا ھوشۇر كومشانىڭ رولىنى ئالاتتى.

— ئوخشىدى، نەق جۇماخۇنغا ئوخشىدى. مېڭىشلىرى، كۇلۇشلىرى، ناخشا ئېيتىشلىرى ...

مەھەللىدىكىلەر بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۈستىگە دادىسىنىڭ قارا

ئۇزۇن پەرىجىسىنى كىيىپ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك سېپىپ پاتقاقتا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەررەك - سەررەك ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقان شاۋكەتكە قاراپ كۈلۈشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ جۇماخۇن دېگەن كىشىنىڭ قىلىقىنى شۇنداق ئەينى، ئوخشىتىپ دورايتتى. كېيىن قانداق بولدى دېمەمسىز؟ بالا قىزىقچىمىزنىڭ گېپى بولۇنغان يەردە «جۇماخۇن» نى قوشۇپ ئاتىمىسا باشقىلار ئۇنى تونۇمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ جۇماخۇننىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق لەقەم بولۇپ سىڭىپ، «شاۋكەت جۇماش» ئاتىلىپ قالدى. قىزىق يېرى، توي قىلىشتىن ئىلگىرى شاۋكەتنىڭ ئاتا تەرەپ جەمەتىنىڭ يىلتىزىنى گېئولوگىيە ئىنژېنېرلىرىدەك قىدىرىپ تەكشۈرۈپ خېلىلا ئاۋارە بولغان، فامىلە ئورنىدىكى ئاشۇ سەت، قوپال، يېرىم - يارتا لەقەمدىن بولغۇسى يولدىشىنىڭ نەسلى - نەسەبىگە گۇمانى تۇغۇلۇپ سۆيۈش - سۆيمەسلىك، تېگىش - تەگمەسلىك ئارىسىدا دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئايالى تويىنىڭ داپ - دۇمبىقى يېرىلىپ، قاقىقان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈچلەر يېشىلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاقچاقچىمىزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بۇ يۇمۇرىستىك ھېكايىنى ئاڭلاپ، تازىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندى. بىز بۇ كۈلكە بىلەن شاۋكەت جۇماشنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرىگە ئائىت خاتىرىلىرىنى مۇشۇ يەردە تاماملايمىز.

شۇنداق، تاماملاشنى تاماملايمىز. ئەمما لېكىن ئۇنىڭ چاقچاقچىلىق ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىت ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىمىز ئوخشاشلا داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇ يەردە يەنە مۇھىم بىر شەخس بار. ئۇ بىز دەۋاتقان مۇھىت چەمبىرىكىنىڭ فوكس نۇقتىسىغا يېقىنلا يەردە ياشاۋاتقان كىشى. چاقچاقتا، قىزىقچىلىقتا نامى تارالمىغان بولسىمۇ، تۇرغان - پۈتكىنىدىن ھەييارلىق، كۈلكە تۆكۈلۈپلا تۇرىدىغان كىشى. باشقىلار ئۇنى لەقىمى بىلەن قوشۇپ ئابلىمىت «گۇلدۇر» ياق، ياق ئابلىمىت «شاڭخو» دەپ ئاتىشىدۇ. «گۇلدۇر» دېگىنىمىز باشقا بىر كىشى. ئابلىمىت شاڭخۇ كىم؟ بىز ئۇنىڭ ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك 4 - دېۋىزىيە قۇشخانىسىدا ئىشلىگىنىنى، قۇشخانا ۋەيران بولغاندىن كېيىن

ئۇششاق تىجارەت بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئاغزىدا پۇلنى، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان، دوستلۇقنى، ئادەمىيلىكنى، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى ئەتىۋار بىلىدىغان كىشى بار دېسە مانا مۇشۇ ئابلىمىتكام شاڭخونى دېسە بولىدۇ. ئالەمنى توپان باسسا قاپتىلىغا كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىمۇ مۇشۇ ئابلىمىتكام. ئۇ چاقچاقچىمىزنىڭ «ئاكام ئاداش» ئاغىنىسى. ياش پەرقىدىن ئالغاندا ئۇ ئىككىسىنىڭ دوستلۇقى غاز بىلەن تۆگىقۇشنىڭ دوستلۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار قاچان، قەيەردە، قانداق تونۇشۇپ قالغان؟ ئۆزلىرىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئىشقىلىپ تونۇشۇپ قالغان، كېيىن مىجەز ۋە تەبىئىتىدىكى ئورتاقلىق ياش پەرقىگە قارىماي بىر ـ بىرىنى مەھكەم باغلاپ قويىدى. بەزىدە غاز بىلەن تۆگىقۇشى «قاق سەھەر» دىلا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. يوللاردا، رەستىلەردە، مەيدانلاردا ... ئۇلار ئۇچرىشىپ قالسا «ۋاقتىم قىس، ئىشىم ئالدىراش» دېگەن گەپ مەۋجۇت بولمايدۇ. تۆگىقۇشنىڭ دەيدىغىنى بىرلا گەپ:

— ئۇكا، بىردەم ـ يېرىم دەم «مەھەببەت» قىلمايلىما؟

«مۇھەببەت» ئاتالغۇسىنى يەرلىك شىۋە بويىچە تەلەپپۇز قىلىپ «مەھەببەت قىلمايلىما» دېگىنى، «پاراڭلاشمايلىما، هال ـ مۇڭ قىلمايلىما، ئىچ ـ پۇشۇقىمىزنى چىقارمايلىما» دېگىنى. غازچاقمۇ ياق دېمەيدۇ. ئۇلار پارچە هاراقتا شىمىشكە ـ پۇرچاقنى زاكوسكا قىلىپ، ۋىلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، خالىي بىر يەرگە موكلا چۆكىدۇ. مۇنداق چاغدا غازچاق پاراڭ ئاڭلاشقا، تۆگىقۇشنى گەپكە سېلىشقا ئامراق.

— سۆزلىگىنە ئاكا، ئابلەت لاباكۇنىڭ گېپىنى تولا قىلىسەن. قاچاندىن بېرى تونۇشۇپ قالغان؟

— ۋايتاڭەي، ئىشقىلىپ پەنجىمگە قايتا تەربىيىگە چۈشكەندە قارىياغاچنىڭ ئاچىسىدا تونۇشۇپتىكەنغۇ.

— پەنجىملەردىمۇ «چېنىقىش» تا بولغانمىدىڭ؟

— ۋاھ، جاڭ ـ جاڭ ئىسسىق، ھۆپ ـ ھۆپ سوغۇقلاردا [1] ئىشلەپ كەتكەنلىرىمىز. يازدا ئورما، قىشتا ئۆستەڭ ... ئۇ چاغلاردا سەن تېخى ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرەتتىڭ.

— ئاق ئۆستەڭ ھاشارىسىدىمۇ بىز بار دېگىن؟

— بولمامدىكى، سال ئۇستىدە چورۇق ھېكىمگە ھەمراھ بولۇپ، باياندايدا سەھنە راسلاپ يولىمىزغا قاراپ تۇرغان ئىلى جاڭجۇڭگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى بىز ...

ئۇنىڭ گەپلىرى مانا شۇنداق قىزىق، ئوبرازلىق، يۇمۇرلۇق. تېگى ـ تېگىدىن مەنە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. يازغۇچىلار، شائىرلار ئۇچۇنمۇ، چاقچاقچى، خەلق قىزىقچىلىرى ئۇچۇنمۇ تۇرمۇش دېگەن شۇ. ئۇلار بۇ خىل تۇرمۇشتىن ئۆزىگە خورىماس ئېنېرگىيە توپلايدۇ. چاقچاقچىمىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا ھېس قىلىدىغىنى، ئاڭلايدىغىنى يېڭى گەپ، يېڭى چاقچاق، يېڭى كۈلكە ... ھەئە، ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا تۇرۇپتۇ. ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ ئورنىدا «ھۆرۈنلار باغچىسى» دەپ بىر باغچە بولىدىغان. كىشىلەر كۆپرەك سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغاچقىمۇ ئاشۇنداق سەت نام بىلەن ئاتىلىپ قالغانىدى. باغچىدىن جىمى ئىقلىمدىكى كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى خۇددى مۇشۇ باغچىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇلدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىر كۈنى شاۋكەت، ئابلىمىتكام شاڭخو، يەنە ساقچى ئىدارىسىدىن مەرۇپ ساقچى بولۇپ بىرقانچەيلەن «ھۆرۈنلار باغچىسى» غا چۆكۈپ قاپتۇ. ئۇلار راسا «مەھەببەت» قىلىپ ئولتۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا ئابلىمىتكام شاڭخو باغچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇرادىرى — ئابلىمىتكام «گۇلدۇر» نى كۆرۈپ قاپتۇ. «شاڭخو»، «گۇلدۇر» نى چاقىرىپتۇ:

— ھاي «گۇلدۇر»، بېرى كەل.

---

[1] بۇ يەردە گەپنى تەتۈر قىلىش ئارقىلىق چاقچاق قىلىنىۋاتىدۇ.

— ساقچىغا ماڭغان، — دەپتۇ ئابلىمىتكام «گۈلدۈر» ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆزرە ئېيتىپ.

— بىلمەن.

— «تەكشۈرۈشنامە» يېزىپ قويغان. شۇنى ئەكىرىپ بېرەي دەپتۇ.

— ئۇنىمۇ بىلمەن.

ئابلىمىتكام «گۈلدۈر»، ئابلىمىتكام «شاڭخو» غا تىكىلىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. «ئەجەبا» دەپ ئويلاپ قاپتۇ ئۇ. «مەن ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغان يەردە ئۇ يوق تۇرسا، نەلەردە يۈرۈپ خەۋەر تېپىپ بولدىكىنە؟»

ئەسلىدە ئابلىمىتكام «گۈلدۈر» خەلق مەيدانى ئالدىدا ياڭگاۋرۇ ساتىدىغان بولۇپ، ئۇرۇش دېسە تۇرۇش دەيدىغان، شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدە جېدەل چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىسا دۇكان ـ پۇكانلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئېرىنمەي بېرىپ كۆرۈپ كېلىدىغان، ۋىجدانى قوداڭشىپ قالغان چاغلاردا ئارىغا چۈشۈپ جېدەلنى ئۆزى سېتىۋالىدىغان «ھەققانىيەتچى» لەردىن ئىدى. بىر كۈن ئاۋۋال خەلق مەيدانى ئالدىدا ئۆپىۈر ـ تۆپۈر بولۇپ كېتىپتۇ. ئابلىمىتكام «گۈلدۈر» بىلىدىكى پەرتۇقنى ئېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالىماننىڭ ئارىسىغا گۈلدۈرلەپ كىرىپ كېتىپتۇ. كۆرۈپتۇكى، چىرايىدىن ئوغرى، يانچۇقچىلىقى چىقىپ تۇرغان بىرى ئېگىز، بىرى پاكار ئىككى ئاداشنىڭ قولىغا كىرىشتۇرۇپ كويزا سېلىنغان، ساقچى بولسا كۆرۈنمەپتۇ. ئابلىمىتكام «گۈلدۈر» نىڭ ساقچىنىڭ تەرىپىنى ئالغۇسى كېلىپ قالدىمۇ، ئۆزۈنتۇرا ئاداشنىڭ كۆتىگە بىرنى تېپىپ، كاچىتىغا بىرنى ساپتۇ. يەنە تېخى «ئاناڭنى، ئوغرى گۈيلار، ئوغرىلىق قىلغۇچە ئىشلەپ جېنىڭنى بېقىشساڭ بولمامدۇ» دەپ تىللاپتۇ. ما ئىشنى كۆرۈڭ، چاتاق نەق شۇ يەردىن چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇرغىنى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ئىكەن ئەمەسمۇ. ساقچى ئابلىمىتكام «گۈلدۈر» نىڭ قولىغا مۇزدەك كويزىنى سېلىپ، ئوغرى بىلەن قوشۇپ «داتاڭ سوراق» قا ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئابلىمىتكام «گۈلدۈر» بىچارە يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ساقچىنى ئۇرغان گۇناھى ئۈچۈن بىرمۇنچە جەرىمانە يەپ ۋە

«تەكشۈرۈشنامە» يېزىپ كېلىدىغان بولۇپ يېنىپ چىقىپتۇ.

ئابلىمىتكام «شاڭخو» نىڭ دەۋاتقىنى شۇ ئىشلار ئىدى. مۇشۇ كۈندە خەقلەردىن بىرەر ئىشنى سىر تۇتقىلىمۇ بولمايدىكەن. يەنە كېلىپ ما ئىشنىڭ مۇنۇ «شاڭخو» نىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزىدا چوڭ بىر كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىدىغان بولدى.

«گۈلدۈر» نىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئىش بوپتۇ. «شاڭخو» ئۇنىڭ قولىدىكى «تەكشۈرۈشنامە» نى كۆرۈپ باقاي دېگەن باھانە بىلەن قولىغا ئاپتۇ ـ دە، سورۇندىكىلەرگە ئەكسىچە قىلىپ ئوقۇپ بېرىپتۇ. «مەنكى، ئابلىمىت (گۈلدۈر)، كوچىدىكى قالايمىقاننى كۆرسەم ئارىلاشمىسام تۇرالمايمەن. جەڭگە ـ جېدەل بولغان يەردە قولۇم قىچىشىپ بولالمايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق يەرلەرگە كەم بارىمەن. بېرىپ قالساممۇ ئىككى ئادەم يېقىن بولسا ئاۋۋال ئاجرىتىپ بېقىپ ئۇرىمەن ...» خەتنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغۇچە ئولتۇرغانلار دوملاپ كېتىپتۇ. سورۇندىكى كۈلكە ـ چاقچاقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن مەرۇپ ساقچى چۈشتىن كېيىنلىك ئىش ۋاقتىنىڭ توشۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قاپتۇ. ئۇ ساقىيغا: «دىككىدە ئىدارىگە كىرىپ كۆرۈنۈپ قوياي» دېسىلا بولىدىغان گەپنى، «ۋېلىسىپىتىم ئاپتاپتا قالغان، سايىغىراق ئاپىرىپ قوياي، بولمىسا كامېرىدىن يەل قاچىدۇ» دەپ، ئابلىمىتكام (شاڭخو) نىڭ ئالدىدا گەپتە تازىمۇ كەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

— گەپ بولدى ـ دە، مەرۇپ ساقچى، — دەپتۇ ئابلىمىتكام (شاڭخو) ئۇنىڭ «يەل قاچىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئىلىنىۋېلىپ، — سىلەرنىڭ كامېرىڭلاردىن ئادەم قاچالمايدۇ، يەل قانداق قاچىدۇ. ئولتۇرۇشلار تەرتىپىنى بۇزماي.

* * *

شاۋكەت جۇماش 80 ـ يىللاردىن باشلاپ رەسمىي بىر چاقچاقچى،

خەلق قىزىقچىسى سۇپىتىدە سورۇنلاردا پەيدا بولدى. ئۇ گەپنى قىسقا، تورلۇق، ئوبرازلىق قىلاتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، سۇرۇنلارنىڭ كەيپىياتىغا بېقىپ چاقچاق قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى دەللىكى، ئىلمىيلىكى، چوڭقۇر پىكىرلىكى، تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ مول، قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈك، ھەجۋىيلىك تەركىبىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىشىنى بەكرەك جەلپ قىلاتتى. خۇرۇچى كېلىپ قالغان چاغلاردا سائەتلەپ چاقچاق قىلىپ سورۇندىن قىيقاس - چۇقان چىقىرىۋېتەتتى. 1984 - يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ تاجىۋاي مەھەللىسىدە بولغان بىر ئولتۇرۇشتا مەشھۇر قىزىقچى ھېسام قۇربان «چىمبۇلاق»، «بۇلبۇلۇم»، «ئامرىقىم»، «ئەلەمما مەرغۇلى» قاتارلىق مەشھۇر ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى، داڭلىق خەلق سازەندىسى، مەرھۇم قۇربان ئۆمەر ئاكىلار ئۇنىڭ بىر ئاخشام توختىماي قىلغان چاقچىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشقانىدى. قۇربان ئۆمەر ئاكا ھېسام قۇربانغا: «ھېسامىدىن، خاتىرجەم بولساڭلار بولغۇدەك، ئۆلۈپ كەتسەڭلار ئىزىڭلار ئۆچمەيدىغان بوپتۇ. كەينىڭلاردىن چىرىغىڭلارنى ياندۇرۇپ تۇرىدىغان شاۋكەتكە ئوخشاش ۋارىسلىرىڭلار چىقىۋېتىپتۇ» دەپ ماختاپ كەتكەنىدى.

بىر ھېساباتا سازەندە بىلەن چاقچاقچى كىشىلەرنىڭ خالىسا كىيىپ، خالىسا تاشلاپ قويسا بولىۋېرىدىغان كالىچىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. شاۋكەت جۇماش يىگىرمە نەچچە يىللىق چاقچاقچىلىق ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، نۇرغۇن يەرلەرگە باردى، نۇرغۇن سورۇنلارنى قىزىتتى. ئاچ قالغان، كەچ قالغان، قونالغۇسىز قالغان چاغلىرىمۇ، باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ۋە قايىللىقىنى قوزغاپ، قەدىر - ئېتىبارىغا ئېرىشكەن مەزگىللىرىمۇ بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چاقچاق سەنئىتى ئۈچۈن ئىدى. تېلېفون، باغاقچە، تەكلىپنامىلەر بەزىدە ئۇ ئۆزى ئويلىمىغان، ھېس قىلمىغان يەرلەردىن، ئۆمرىدە كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئادەملەردىن كېلەتتى. بارماي دېسە «باغاق» نىڭ يۈزى، باراي دېسە ... لېكىن بارماي بولمايتتى. «ئېيتقان يەردىن قالما، چاقىرمىغان

يەرگە بارما» دەپتىكەنغۇ كونىلار. بېرىش كېرەك. بىراۋنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلغان تەكلىپىنى رەت قىلىش باشقا خىلدىكى كىشلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندىمۇ، چاقچاقچى، قىزىقچىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كىشلەرگە كۈلكە ئاتا قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن باشقىسىنى ئۆگەنمىگەن. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرىكى بىر ئىش ھېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفون ئۈرۈمچىدىن كەلگەندى. قارشى تەرەپ ئىسمىنى تۇرسۇن دەپ تونۇشتۇردى. ئۆزى ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر بازار باشقۇرۇش تارمىقىدا ئىشلەيدىكەن. شۇ كۈنلەردە ئاپتونوم رايون بويىچە سودا - سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ يىللىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يىغىندىن كېيىن يىراق - يېقىندىن كەلگەن دوست - بۇرادەرلىرىنى چايغا چاقىرىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقى، چاينى قىزىتىپ بېرىدىغان بىرەر چاقچاقچىنىڭ لازىم بولۇپ قالغانلىقى، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى ئېيتتى. شاۋكەت تۇرسۇننى تونۇمايتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى بىر قارىسا دوستانە تەكلىپكە، يەنە بىر قارىسا بۇيرۇق خاراكتېرىنى ئالغان سىياسىي ۋەزىپىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. چاقچاقچىمىز كۈلۈپ كەتتى. قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ ئىسمى، تېلېفون نومۇرىنى كىمدىن، قانداق ئالغانلىقى بىر سىر ئىدى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە بېرىش كېرەك» دەپ بىر قارارغا كەلدى شاۋكەت. «ھازىرچە سىر - پىرلىرىنى ئويلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. بارغاندىن كېيىن بىر گەپ بولىدىغۇ». شۇنداق قىلىپ ئۇ باردى. مەلۇم بولدىكى ئۇنىڭ مەشھۇر سەنئەتكارلىرىمىز نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن، سەيدۇللام توختىلار بىلەن قويۇق باردى - كەلدىسى بار بولۇپ، غۇلجىدىن چاقچاقچى تەكلىپ قىلىش، كىمنى تەكلىپ قىلىش ئىشىدا ئەسلىي بۇ مەسلىھەتنى شۇلار بەرگەنىكەن. يىغىنىنىڭ يېپىلىشىغا يەنە ئۈچ كۈن بار ئىدى. تۇرسۇن شاۋكەتنىڭ ياتاق - تامىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۈچ كۈنگىچە ئىزدەپ كېلەلمەيمەن. ئۈچىنچى كۈنى كېچىتە ئەكېتىمەن، — دېدى گەپنى تۈزلا قىلىپ، — سەنلىسەم باشقىچە ئويلاپ قالما، سەيدۇللامكام، نۇرمۇھەممەتكاملاردىن تەرىپىڭنى ئاڭلىدىم. بىز چوقۇم ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز.

ئۈچ كۈن. ئۈچ كۈنگىچە ياتاقتىن چىقماي يېتىش، ساھىبخانىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياق، ياق، بۇ چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ تەبىئىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. ساھىبخانىمۇ ئۇنداق دېمىدىغۇ. زېرىكىپ قالما، پۇرسەت بولسا ياشاپ تۇر دېدى. بۇركۈت قىيا تاشتا تۇمشۇقىنى پات - پات بىلەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ تېز ئاتار چاقچاقچىلىرىمىزنىڭمۇ تىلىنى كۈنگە بىلەپ تۇرمىسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندى. پاراڭسىز، چاقچاقسىز ئۆتكەن كۈننىڭ «ئۆلگەن» بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. توغرا، ياشاش كېرەك ... شاۋكەت «ياشاپ» قالدى. دۆڭكۇۋرۈكتە، نىيەنزىگودا، پويىز ۋوگزالى ئالدىدىكى رەستىلەردە، يامالىق تېغى ئېتىكىدىكى مەھەللىلەردە «ياشىدى». بۇ يەردە يامالىق تېغىدىكى بىر ئولتۇرۇشنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئالدىنقى كۈندىكى سورۇندا ئۆزلىرىنى يامالىق ساقچىخانىسىدا ئىشلەيمىز دەپ تونۇشتۇرغان بىرنەچچە يىگىت شاۋكەتنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلار ئەتىسى كۆز باغلانغاندا ماشىنا بىلەن كېلىپ شاۋكەتنى ياتىقىدىن ئالدى. نەلەردىندۇر ئىككى قوينىڭ گۆشىنى باستى - دە، يامالىق تېغى ئاھالىلەر رايونىغا يۈرۈپ كەتتى. بۇ يەرلەر چاقچاقچىمىزغا ناتونۇش ئىدى. پۇرقىراپ توپا ئۆچۈپ تۇرغان دۆڭلۈك، ① قالايمىقان، ئېگىز - پەس سېلىنغان ئۆيلەر، ئۈستىگە شاخ - شۇمبا، بورا - قومۇشلارنى خالىغانچە تاشلاپ قويغان چەللە - باراڭلار، باش - ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنجان، خوراسان، باغدات كوچىلىرىنى ئەسلىتىدىغان خالتا

① بۇ يەردە يامالىق تېغىنىڭ كۆكەرتىلىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كوچىلار ... ساقچىخانىدىكى باللار شاۋكەت بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى يۇسۇپ كالىنى چوڭدىن ـ چوڭ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۆيدە چىرايىنى ئۆمۈچۈك توردەك قورۇقلار باسقان، چىشلىرى تامام چۈشۈپ، «پىشىپ مەي بولۇپ» كەتكەن بىر موماي ئولتۇراتتى.

— قويسىلا پاتەمخان ئاچا، — دېدى شوپۇر بالا مومايغا قاراپ، — سىلىگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن غۇلجىلىق چاقچاقچى بالىنى ئېلىپ كەلدۇق.

ئۆي ئىچى بىردەمدىلا ئادەم بىلەن تولدى. گۆشلەر پارچىلاندى. قازانغا ئوت يېقىلدى. قايسىدۇر بىر ئۆيلەردىن ساتىراشنىڭ، موزدۇزنىڭ، دۇغاپچىنىڭ ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلىرى سۆرەپ چىقىلىپ، ئۇستەل راسلاندى. ئورۇندۇقلار بىر ـ بىردىن يەكپاي، كۆرۈمسىز ئىدى. يېنىدا كاپىلغۇچ، پەشتاملىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، ئېلىۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن ساتىراشنىڭ تىك ۋە ياتما ئورۇندۇقلىرى كىشىگە بىر خىل بىسەرەمجانلىق تۇيغۇسىنى بېرەتتى. گۆش پىشقۇچە داستىخان سېلىنىپ، چايلار تارتىلدى. ھاراقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. رومكا ئورنىدا قىرلىق ئىستاكان كەلتۈرۈلدى. يەنە كېلىپ ھاراقنىڭ ئاغزىنى باشقا بىرسى ئەمەس، ھېلىقى «پىشىپ مەي بولۇپ» كەتكەن موماي ئاچتى. موماي قېرىپ قالغىنىغا قارىماي ھەرىكەتلىرى چاققان، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا ئىدى. ئۆينىڭ كەڭ، ئازادىلىكى، تۆر تامغا ئېسىلغان دۇتار، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان قوش ئاۋازلىق ئۈنئالغۇ دېگەندەك نەرسىلەردىن قارىغاندا بۇ ئۆيدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەرنىڭ پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى. موماي قىرلىق ئىستاكانغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى ـ دە، چاينى سۈمۈرگەندەك غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

— مەن باشلاپ بەرمىگەن ئويان، — دېدى ئۇ گەپنى كېسىپلا، — ئويان بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مانا ئەمدى ئوينايمىز، ياشايمىز.

شاۋكەت مومايىنىڭ ھاراق ئىچكىنىگە قاراپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. «ئىم» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، «بىزدەك <پوچى> لارنى دۆڭگە

ئاچچىقىپ ئوڭشايمىز دەپتۇ ـ دە» سورۇندىن ساق چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن يۇسۇپ كالا «ئەدەپكە» چىققان بولۇپ، قۇيرۇقىنى ئۇدا قىلىدۇ. «رومكا» ئېغىر ـ ئېغىر ئايلىنىۋاتاتتى. نۆۋەت شاۋكەتكە كەلگەندە ساقچى ئىستاكانغا بېلىق كۆزى قىلىپ هاراق قۇيۇپ:

— ئاڭلىسام غۇلجىدىن كەپسىز. پالان ـ پۇستان سوجاڭلار سىزنى دەپ داستىخان سالدى. مۇشۇ هاراقنىڭ تېگىنى ئۆزۈم ئىچىۋېتىپ، قالغىنىنى سىزگە بېرىمەن. بىردەم ـ يېرىمدەم قىزىقچىلىق قىلىپ بېرەرسىز، — دېدى.

چاقچاقچىمىز مۇرەككەپ بىر تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى. ئۇ شۇ يېشىغىچە نۇرغۇن سورۇنلارنى كۆرگەن، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قولىدىن هاراق ئىچكەن. ئاياللارنىڭ قولىدىن ئىچىشى تۇنجى قېتىملىقى ئىدى. يەنە كېلىپ ئانىسىدەك، مومىسىدەك ئايالنىڭ قولىدا. ئۇنىڭغا بىزدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى، قىممەت قارىشى، پەردىشەپ، ئىززەت ـ هۆرمەت، قائىدە ـ يوسۇن پرىنسىپلىرى رومكىدىكى ئاشۇ هاراق بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كېتىۋاتقان، تۇگەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئىچمەي دېسە تېخى، ئىچمەي دېسە يەنە، مومىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ چىشى قالمىغان ئېغىزلىرى بىلەن شۈمەپ قويغان هارىقنى ئىچىشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەمما ئىچمەي بولمايتتى. قانداق ئىچىش، نەگىچە ئىچىش، سالا ـ سۈپىتىنى قانداق ساقلاپ قېلىش بۇ يەردىكى يەنە بىر مەسىلە ئىدى. قىرلىق ئىستاكان هازىر قىدەكلا ئايلىنىدىغان بولسا ئۇنىڭ خېيىنى ئاسماندا قويۇشى ئېنىق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ پاتەمخان مومىنىڭ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان هۈنىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. توغرا، چاقچاق بىلەن دۇتارغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. چاقچاق — كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ. دۇتار بىلەن ۋاقىتنى ئۆتقىلى بولىدۇ. چاقچاقچىمىز شۇنداق قىلدى. «رومكا»نى قولىغا ئېلىپ: «بوپتۇ ئەمىسە، پاتەم <قىز> نىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتتىم» دەپ، گۇپپىدىلا قويدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا چاقچاقمۇ، تەنىمۇ، مەسخىرە، ئاچچىق هەجۋىيمۇ بار ئىدى. كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

«پاتەم قىز» روھلاندى. ئۆزىنى «ياشارتىۋەتكەن» لىكىدىن بېشى كۆككە يەتتى. دۇتارنى قولىغا ئالدى ـ دە، «ئۆز يارىم» غا تووۋلاپ قالدى. ھەر قېتىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تووۋلىغاندا ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان چاقچاقچىمىزغا تۈكۈرۈكلىرى چاچراپ، ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. بىرقانچە «رومكا» ئۆتكەندىن كېيىن چاقچاقچىمىزمۇ قىزىدى. ئۇ چاقچاقنى ھە دېگەندە ئۆزىدىن باشلىدى. «پاتەم قىز» نى ئۆزىگە چاپلىدى. ئولتۇرغانلارنى بالىسىغا ئوخشاتتى. نورمىدىن ئارتۇق بالا تېپىپ قويغاچقا يا ئۇلارنىڭ قورسىقىنى باقالماي، يا مەكتەپتە ئوقۇتالماي، ئاخىر بېرىپ بىرى ياماقچى، بىرى بوياقچى، بىرى ساتىراش، يەنە بىرى قاسساپ بولۇپ قالدى. بالىلىرىنىڭ كۇندىلىك تېپىپ كەلگەن پۇللىرىغا «پاتەم قىز» ئۇدۇللۇق ھاراق ئىچىۋالدى. ئىچىۋېرىپ ھاراققا ئۆگىنىپ قالدى. بوتۇلكىلاپ ئىچمىسە باغرى قانمايدىغان، ئۆيىگە تۈگى بىلەن توختىتىپ قويۇپ، شلانكا ئارقىلىق سۈمۈرۈپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى. كېيىن ئۇنىڭغىمۇ خۇمارى بېسىلماي، ھاراق تۈڭىغا ئۆزىنى چىلاپ ياتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىسپىرتنىڭ بەدەنگە كۆرسەتكەن ئەكس تەسىرى بىلەن چىرايلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى چۈشۈپ، رىۋايەتلەردىكى گۈزەل «مەلىكە» بىر ئاخشامدىلا بەتبەشىرە جادۇگەرگە ئايلىنىپ قالدى. بالىلىرى ئانىسىنى كۆرۈپ تونۇمىدى. ئۇنى ئىزدەپ يول ـ يوللارغا، بازار ـ رەستىلەرگە «ئادەم ئىزدەش ئېلان» لىرىنى چاپلىۋەتتى. بۇ خىل بەختسىزلىكنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان «گۈزەل مەلىكە» دۇنيا ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ، يامالىق تېغىغا چىقىپ ماكانلىشىپ قالدى ...

ئولتۇرغانلار ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشتى. تولا كۈلۈپ سەگىپ كەتكەنلەرمۇ، چاقچاق ئېغىر كېلىپ مەست بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. مەست بولۇپ قالغانلارنىڭ بىرى «پاتەم قىز» ئىدى. ئولتۇرۇش ئەتىگەن سائەت ئالتىگىچە داۋاملاشتى. چاقچاقچىمىز بىر كېچە ئۇخلىمىدى. ئۇلار مۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك ئىدى. قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سېلىنىدىغان ئىشلار ماڭدامدا بىر بولۇپ تۇرغاچقا، كۈندۈزى ئۇخلاپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بولمايتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ

سىھىرلىك چاقچاقلىرى بىلەن يەنە قانداقتۇر ھالەتتە سورۇنلارنىڭ كەيپىياتىغا رەڭ بېرىپ ئۈلگۈردى. كەچ بولغاندا ساھىبخانىنىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى كەسىپداشلىرى بۇرادەرلىرى شەرىپىگە راسلىغان داستىخىنىغا شاراب ۋە ئۇيقۇلارنىڭ كەلكۈندەك باستۇرۇقتا ئالغان كەيپى ئىچىدە كىرىپ كەلدى. بىز چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ شۇ يېرىگە — ھەرقانچە چارچىغان، ئۇيقۇسىرىغان ھالەتتىمۇ گەپتىن، زوۋاندىن قالمايدىغان، ئۇخلىسىمۇ چاقچاق چۈشەيدىغان، تۈيغۇ، ئىنكاس، تەپەككۇردىن ئىبارەت ئاڭ پائالىيىتىنىڭ يەنە شۇنداق نورمال، بېجىرىم ئىشلەيدىغانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. سورۇن كەيپىياتى قانچە ئازادە بولسا، نىشان ۋە بەلگە سىزىپ بېرىدىغان بويۇنتۇرۇقلار بولمىسا چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىز شۇنچە ئېچىلىپ بېرەلەيدۇ. شاۋكەت بۇ يەردىمۇ يامالىق تېغىدىكىدىن بەكرەك ئېچىلدى. ئۇ چىرايى ۋە سالاپىتىگە سۇر بېرىپ ئولتۇرغان ئەمەلدار - تۆرىلەر، تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن يىغىلغان مېھمانلارنى دەرىجە پەرقى، سالا - سۇپىتى بويىچە چاچما چاقچاقتا يۆلەپ شۇنداق ئېلىپ، كۆلكىلىك، قايىل قىلارلىق كەلتۈردىكى، سورۇندىن قىيقاس چىقىرىۋەتتى. سورۇننىڭ باشلىنىشىدا چاقچاقچىمىزنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىگە، قورۇنۇپقىنە تۇرغان چىرايىغا بېقىپ: «ئاڭلىساق، غۇلجىدىن چاقچاقچى چاقىرىپسىلەر، ھەپتە - ئون كۈن بوپتۇ بېقىۋاتقىلى. قېنى ئۇ، ھېچبىر مۆرىمەيدىغۇ» دەپ غالۋاراپ كەتكەن دەرىجىسى يۇقىرى بىر ئەمەلدار سورۇن ئاخىرىدا شاۋكەتنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ: «ئاپىرىن ئىنىم، چاقچاقلىرىڭدىن ئالەمنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەندەك، ھېسام قۇربان بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندەك بولدۇق. مەن ئۆزۈمنى خېلى گەپدان دەپ يۈرەتتىم، چاقچاق سەنئىتى يەنە باشقا گەپكەن. ئۇ تىلدىن ئەمەس يۈرەكتىن، روھتىن چىقىدىكەن. سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئىزدىشىپ ئۆتەيلى» دەپ، رەھمىتىنى بىلدۈرۈۋالدى. چاقچاقچىمىز شۇنىڭدىن بېرى ھېلىقى ئەمەلدار بىلەن، تۇرسۇن ئىسىملىك ساھىبخانا يىگىت بىلەن، يامالىق ساقچىخانىسىدىكى باللار

ۋە ئۇلارنىڭ ئاچىسى «پاتەم قىز» بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

تاسادىپىيلىق كۆپ ھاللاردا كىشىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ. شاۋكەت جۇماشنىڭ ماڭلىيىدىكى كامان شەكىللىك تاتۇق ئەنە شۇنداق بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىقنىڭ يادنامىسى. بۇ يادنامە غۇلجا شەھەر ئايرودروم يولىدىكى «ناۋا» رېستورانىدا قېپقالغان. ئۇ كۈنى ئۇ بۇ يەردە مېھماننىڭ ئەمەس، ساھىبخانىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتى. مېھمانلار يىراق يېزىدىن كەلگەن بولۇپ، چاقچاقچىمىزنىڭ كۆڭلى يېقىن بۇرادەرلىرى ئىدى. چاقچاقچىمىز ئۇلارنىڭ شەرىپىگە داستىخان سالدى. كۈلكە — چاقچاقلار بىلەن ئېچىلىپ بەردى. قورسىقىدىكى بارىنى ئايىماي تۆكتى. كۈندۈزدىن كېچىگە ئۇلىشىپ كېتىۋاتقان چاقچاقلىق ئولتۇرۇش بارغانچە قىزىپ كېتىۋاتاتتى. چاقچاقچىمىز ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. ئەڭ يېڭى چاقچاق، ئەڭ يېڭى لەتىپە — يۇمۇرلار سورۇن كەيپىياتىغا جان كىرگۈزەتتى. بىر چاغدا شاۋكەت تازا كىرىشىپ چاقچاق قىلىۋاتقاندا ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان ئىككى مېھمان ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ كەتتى. جېدەلنىڭ نېمە سەۋەبتىن چىققىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ، چىقتى. گەپ تەگىشىشتىن تىللىشىشقا، تىللىشىشتىن قول شىلتىشكە، قول شىلتىشتىن ... شۇ ئارىدا قانداق بولغان ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى سىدام تەخسە جېدەل قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ گورىزونتال تۈزلۈك بويىچە لەيلەپ كەلگەن پېتى تاق چاقچاقچىمىزنىڭ ماڭلىيىغا ئۇرۇلدى. ئۇرۇلغاندىمۇ زەربە بىلەن ئۇرۇلدى. چاقچاقچىمىزنىڭ پېشانىسى يېرىلدى. ئوقتەك قان كەتتى. سورۇن بۇزۇلدى. ساھىبخانا يارىلانغان، مېھمانلار تەڭقىسلىقتا قالغان، بۇ ئىشنىڭ قەستەن بولمىغانلىقى تەخسە ئاتقۇچىنىڭ چىرايىدىن، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ بەرگەن جاۋابىدىن چىقىپ تۇراتتى. چاقچاقچىمىز ئارتۇق گەپ قىلمىدى. گەپ قىلىشقىمۇ ھاجەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ شۇ ياشقا كېلىپ باشقىلاردىن بىھۇدە تاياق يېيىشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئىدى. قىزىق يېرى، مېھمان قىلغانمۇ، چاقچاق قىلىپ سورۇننى قىزىتىپ بەرگەنمۇ، ئاخىرىغا كېلىپ تاياق يېگەنمۇ ئۆزى بولۇپ

قالغانىدى. تەڭقىسلىقتا قالغان مېھمانلار نەگىدۇر تارقاپ كېتىشتى. شاۋكەت يالغۇز قالدى. قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى. ئۇ رېستوراندىكى ئىشلىرىنى ئالمان - تالمان يىغىشتۇردى - دە، يېقىن ئەتراپتىكى بىر خۇسۇسىي شىپاخانىغا باردى. ما ئىشنى كۆرۈڭ. شىپاخانا ئىگىسىمۇ قېقىۋالغانىكەن. داۋالىغۇچىمۇ ھەر ئىككىسى مەست ئىدى. چاقچاقچىمىز ئۇنىڭغا زۇۋانىنى ئۇقتۇرالماي ئاۋارە ئىدى. دوختۇر بولسا يېرىلغان يەرنى قانداق داۋالاش ھەققىدە نەزەرىيە سۆزلەيتتى. يارا ئېغىزىنى تېڭىش كېرەكمۇ، ياماش كېرەكمۇ؟ چاقچاقچىمىز تېزرەك تىكتۇرۇپ، قاننى توختىتىش كويىدا ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭ شەرەت بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن مەقسىتىنى چۈشەندى. يىپ - يىڭنىسىنى ئېلىپ تىكتى. كەيپىلىكنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك كونا تاغار، ئەسكى چاپان، يىرتىق ئىشتاننى تىككەندەك كۆكلەپ - كۆكلەپلا تىكتى. يارا ئېغىزى يوغان بولغاچقا يەتتە يېپلىق قىلىپ تىكىلدى. قان ئوخشاشلا توختىمىدى. كەيپىلىك دېگەن شۇكەنغۇ. ئۇ مەستلىكتە يېرىلغان ئورۇننى ئىلغا قىلالمىدىمۇ، ياماشقا تېگىشلىك يەرنى يامىماي، ساق يەرنى ياماپ تاشلىغانىدى. شاۋكەت شۇ كېچىسى غۇنچىنىنىڭ تۇغۇت ئازابىنى كۆردى. ئۇ كۈلكىلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— شۇ ئىشتىن كېيىن يىراق يېزىدىن مېھمان كەپتۇ دېسە، بېشىمغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيىپ ئالدىغا چىقىدىغان بولدۇم.

چاقچاقچىمىزنىڭ ئەيسا قارىم دەپ تەقۋادار قوشنىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ قىزىق بىر ھېكايە. چاقچاقچىمىز تۆرەم مەھەللىسىدىن ئەيسا قارىمغا قوشنا بولۇپ چىققاندا، قارىم ئۇنىڭ تولىمۇ ھەييار قىلىقلىرى، يۇمۇرلۇق پاراڭلىرى، چىقىشقاق، ئوچۇق - يورۇق مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنى «دارازا» دەپ چاقىراتتى. «دارازا» نى بىرەر - يېرىم كۈن كۆرمىسە سېغىنىپ قالاتتى. دەرۋازىسىنى قېقىپ: «مۇكەررەموي، بىزنىڭ دارازا كۆرۈنمەيدىغۇ، پارىڭىغا خۇمار بولۇپ قاپتىكەنمەن» دەپ كىرىپ كېلەتتى. چاقچاقچىمىز ئىچى پۇشۇپ قالغان قارىمغا ئۆزى ئىشتىراك

قىلغان پاكىز سورۇنلارنىڭ سىنغا ئېلىنغان لېنتىسىنى قويۇپ بەرسە ھاياجانلانغان قارىم:

— مانا، مانا، مۇنداقمۇ سورۇنلار بولىدىكەنغۇ، مەن تېخى ئۇلتۇرۇش دېسە، ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچىپ، قاش ـ قاپىقىنى يېرىپ يۈرىدىغان ئالامەتلەر كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، — دەيتتى.

— قىزىقكەنسىز قارىم، — دەپ چېقىشاتتى چاقچاقچىمىز، — سورۇن دېگەندە كەچكىچە يەپ ـ ئىچىپ، سېسىق كېكىرىپ يۈرىدىغان ئىش يوق. مۇھىمى سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش، ھۇزۇرلىنىشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈكتىن نېمە پەرقى.

بىر كۈنى شاۋكەت ئەيسا قارىمنى چاقچاق سەنئىتىدىن تازا ھۇزۇرلاندۇردى. قارىمنىڭ ئۆيىگە ئۆزگە ئوخشاش تەقۋا ئاغىنىسىدىن بىرنەچچىسى مېھمان بولۇپ كەلگەندى. ساھىبخانىنىڭ مېھمانلارنى بىر قاچا لەڭمەن بىلەن يولغا سالىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان چاقچاقچىمىز ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتقان ساتارمەنىنىڭ بىر توپ قويلىرى ئارىسىدىن ياراق بىر توقلىنى ئېلىپ كىردى ـ دە، ھېسابىنى قارىمنىڭ گەجگىسىگە مىخلاپ قويۇپ، گېلىگە پىچاق ئۇردى. گۆشنى پارچىلاپ قازانغا سالدى. ھايال ئۆتمەي شارابسىز، بەڭسىز بىر سورۇن ھازىرلاندى. سورۇننىڭ ناخشىچى، سازەندىسى بولمىسىمۇ، قىزىق كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن باشقىچە قىزىدى. شۇ ئارىدا ئۆيگە چىراغياندۇرۇشقا توغرا كەلدى. قارىم ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ۋېكلىيۇچاتېلىنىڭ يىپىغا ئېسىپ قويغان قانداقتۇر بىلەكتەك تومۇقتىكى كالتەكنى ئېلىۋېتىۋىدى، چىراغ ياندى. ئەسلىدە ۋېكلىيۇچاتېل بۇزۇلۇپ قالغان بولۇپ، كالتەكنى ئېسىپ قويسا ئۆچىدىغان، ئېلىۋەتسە يانىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ئىش چاقچاقچىمىزنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ بەردى. ئۇ ھېلىقى كالتەكنى قارىمغا باغلاپ، ئۆيىنى بولسا «ئەيسا كالتەك ئارامگاھى» غا ئوخشىتىپ، چاقچاق دېگەننى تۆكۈۋەتتى. قارىملار ئۇنىڭ تولىمۇ ئىلمىي، سىلىق، كۈلكىلىك چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ تېلىقىپ ـ تېلىقىپ قالدى. چاقچاقچىلىق ئولتۇرۇشلاردا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى

بىلىنمەي قالىدۇ. شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرى بامدات نامىزىغا چىقىقان ئەزان ئاۋازىغا ئۇلىشىپ كەتتى. ئەيسا قارىم ئەتىسى شاۋكەتكە:

— چاقچاق بولىدىغان نەرسىكەن جۇمۇ، تولا كۈلۈپ كۆڭلۈم - كۆكسۈم بوشاپلا قاپتۇ، — دېيىشى، شاۋكەت قويۇپ:

— بوشىمىسا بولامدۇ قارىم، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر قوينىڭ كاللىسى تۇرسا، — دەپ يەنە كۈلدۈرۈۋەتتى.

شاۋكەت ئۆي سىلىۋاتقان كۈنلەردە ئەيسا قارىمدىن بىر مەزگىل ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. سەۋەبى قارىم جۈمە كۈنلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— تەييار بولدۇڭمۇ دارازا، جۈمەگە كىرىمىز، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. شاۋكەت چۈشەندۈرەتتى، دادىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەنلىكى، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەلىم - تەلىمىنى ئۆگەتىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا سۇرە - ساۋاتلاردىن خەۋەرسىز قالغانلىقى، ھە خەۋەرسىز قالغانلىقى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەق ئىگىسى ئامانىتىنى ئالغاندا بالىلىرىنىڭ: «دادىمىز قانداق ئادەمتى؟» دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن چوقۇم ئۆگىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرەتتى. قارىم بۇنىڭغا كۆنمەيتتى. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقىنى قانداقتۇر ھورۇنلۇق، خۇشياقماسلىق، ئىمانى سۇسلۇق نۇقتىسىدىن چۈشىنىپ، بىرمۇنچە داپرۇسقا تارتاتتى. نەتىجىدە چاقچاقچىمىز ئۇنى كۆرسە (بولۇپمۇ جۈمە كۈنلىرى) ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ كۈنلەردە شاۋكەت تۇۋۇى تۆشۈك غېيۋەتنىڭ قارىم بىلەن مەسچىت ئىمامى ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىپ قويغانلىقىنىڭ چەت - ئۇچىنى ئاڭلاپ قالدى. ئىچكى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىمام بويتاق بولۇپ، پات - پات خوتۇن يەڭگۈشلەپ تۇرارمىش. كىملەرنىدۇر مەرەپكە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى تۆت كۈندە بىر نەلەرگىدۇر يوقاپ كېتەرمىش. خەيرىيەت، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىش جامائەت ئىچىدە غۇلغۇلا قوزغاپتۇ. بىرقانچەيلەن قارىمنى دەيدەيگە سېلىپ ئىمام بىلەن تۇتۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تىل ئۇرۇشى پارتلاپ، خېلى يەرلەرگىچە

يېتىپتۇ. قارىمنى دەيدەيگە سالغۇچىلار بولسا مەسچىتكە كىرىپ، ئاۋۋالقىدەك نامىزىنى ئوقۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. قارىم تەنھالا قاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ: «مۇنداق ئادەمنىڭ كەينىدە ناماز ئۆتەش جايىز ئەمەس» دېگەن پەتىۋانى تېپىپتۇ ـ دە، باشقا يەرگە بېرىپ ناماز ئۆتەيدىغان بولۇۋاپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چاقچاقچىمىز قارىمنىڭ ئالدىدا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈۋالدى. جۈمە كۈنلىرى قارىم ئۇنى ئەمەس، ئۇ قارىمنى ئىزدەپ كىرەتتى:

— يۈر، مەسچىتكە. جۈمە نامىزى ئۆتەيمىز.

قېچىش نۆۋىتى ئەمدى قارىمغا كەلگەندەك قىلاتتى. قارىم قاچاتتى، چاقچاقچىمىز قوغلايتتى. قېچىش بىلەن قوغلاش ئانچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى. قارىم قېچىپ ـ قېچىپ ھاردىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىدىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى:

— توۋا، خالايىق، — دەپ توۋلاپ كەتتى بولالماي، — زۇۋانداراز ئادەمگە گەپ تېپىپ بەرمەكمۇ تەسكەن. مۇنۇ «دارازا» نى مەيلىگە قويۇۋېتىڭلار، ئىچەمدۇ، چېكەمدۇ، نېمە قىلسا قىلسۇن. ناماز ئوقۇپ، مەسچىتكە كىر دېگىنىمگە پەندىيات، ئاڭلىدىڭلارمۇ، پەندىيات.

بۇ يەردە بىر چاقچاق بار. كىشىنى كۈلكىگىمۇ، ئويغىمۇ سالىدىغان. ئاچچىق، قىرتاق، ئىبرەتلىك بىر چاقچاق بار. مانا بۇ ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنىڭ تەتۈر تەپەككۇر نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەربىيىسى.

مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان، جىلىلىيۇزىلىك چاقچاقچى لەتى ئىمىن ئاكىلار شاۋكەت جۇماش ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— چاقچاق قىلىش تەس ئەمەس. چاقچاقچى بولماق تەس. چاقچاقنى قانداق قىلىش، قايسى ئۇسۇلدا قىلىش، ئاڭلىغۇچىلارغا قانداق زوق ۋە تەربىيە بېرىش مەسىلىسى بەك مۇھىم. بۇ ئىش پەقەت چاقچاق سەنئىتىدە خېمىرتۇرۇچى بار كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. شاۋكەت گەپ ـ سۆزىدىن تارتىپ، تۇرقى، چىرايى، مېڭىش ـ تۇرۇشى، ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇششاق ھەرىكەتلىرىگىچە كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چاقچاقچى، قىزىقچى، ھەقىقىي بىر خەلق سەنئەتچىسى.

تارىختا سەلتەنەت سۈرگەن نۇرغۇن خەلقلەر مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ جەددىي سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىتى، كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆزلۈكىمىز ۋە كىملىكىمىزنى ساقلاپ قالغۇچىلارنىڭ بىرى دەل بىزنىڭ چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىز. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ھەر ئېغىز چاقچاق قەيسەر، مەردانە، جەڭگىۋار خەلقىمىزنىڭ مىللىي پىسخىكىسىنىڭ تىل سەنئىتى ئارقىلىق قارار تېپىشى. ئىشىنىمىزكى، بۇ سەنئەت يەنە داۋاملىق گۈللىنىپ، ئۆتكۈنچە بېسىم ۋە سىناقلار ئالدىدا ئۇلۇغۋار خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار روھىنى يەنىمۇ روشەن نامايان قىلالايدۇ.

# شاۋكەت جۇماش چاقچاقلىرى

## چىللىقىغا بېرىپ قويارمەن

شەھەر قۇرۇلغانلىقىنىڭ پالانى يىللىقى كاتتا داغدۇغا پەيدا قىپتۇ. مۇراسىم باشلىنىدىغان كۈنى ئەتىگەندە شاۋكەتنىڭ ئايالى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئېرىنىڭ بىقىنىنى تۇرتۇپ:

— قوپىڭۇي شاۋكەت، تويغا بارىمىز، — دەپتۇ.

شاۋكەت كۆزىنى يېرىم ئېچىپ، ئايالىدىن سوراپتۇ:

— نەنىڭ تويىغا؟

— شەھەرنىڭ.

— ئا ...، — دەپتۇ ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي، — بۈگۈنچە سەن بېرىپ تۇرسىڭا، ئەتىلەردىن چىللىقىغا بېرىپ قويارمەن.

## زەرە قىلىدۇ

شاۋكەت ئۆيدە ماي تۆگەپ كېتىپ، بازارغا ماي ئالغىلى چىقىپتۇ. قورۇق تۈگنى ئېلىپ ئالدىراپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن «تۆگە» لەقەملىك ئاغىنىسى چىقىپ قاپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

— شاۋكەت هوي، مېڭىشىڭلار نەگە؟

— ئۆيدە پوشكال سالغۇدەك ماي قالماپتىكەن، — دەپتۇ شاۋكەت.

— ۋاھ، ماي دېگەن بىزدە تولىمۇ.

— چاتاق يېرى، — دەپتۇ شاۋكەت، — تۆگە مېيى زەرە قىلىدۇ.

## باشنى تېپىۋالساق بولاتتى

شاۋكەتنىڭ پەنجىمدە ئابباس دەپ بىر ئاكام ئاداش بۇرادىرى بار ئىكەن. ئابباسكامنىڭ بېشى تاقىر بولۇپ، دائىم كەيمە چاچ كىيىپ يۈرىدىكەن. بىر قېتىم شاۋكەت ئابباسكامنى ئولتۇرۇشقا چاقىرغىلى پەنجىمگە چىقىپتۇ. هويلىدا ئابباسكامنىڭ ئايالى كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان، ئابباسكام بولسا كەيمە چېچىنى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئىلىپ قويۇپ، بېغىدا كېسەك تۆكۈۋاتقانىكەن. شاۋكەت چاندۇرماي بېرىپ كەيمە چاچنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئابباسكامنىڭ ئايالىغا دەپتۇ:

— ئاچا، چاچنىغۇ تېپىۋالدۇق، ئەمدى مۇشۇ چاچنىڭ ئىچىدىكى باشنى تېپىۋالساق بولاتتى.

## بىرنەچچە كۈن بۇرۇن

شاۋكەتنىڭ يېقىن ئارىلىشىدىغان ئاغىنىسىنىڭ ئانىسى تۇيۇقسىز ۋاپات بوپتۇ. ئاغىنىسى شاۋكەتنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، جىنازىنى ئېلىپ چىقىدىغانغا بىرەر ماشىنا تېپىپ بېرىشنى ئېيتقانىكەن، شاۋكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قويۇپ دەپتۇ:

— مۇنداق ئىشنىچۇ قارا، بىرنەچچە كۈن بۇرۇن دەپ قويۇۋىغان.

## يا سەن، يا مەن

شاۋكەت ئايالىغا دەپ زەرگەرگە ھالقا بۇيرۇتۇپتۇ. زەرگەرمۇ تازا بىر گېپىدە تۇرمايدىغان كىشى ئىكەن. ھەپتە - ئون كۈندە پۈتتۈرۈپ بېرىمەن دەپ، بىر ئايغا ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بىر كۈنى شاۋكەت ئاچچىقى بىلەن زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كىلىپ:

— قاچانغىچە پۈتمەيدۇ ئاكا ھوي، — دەپ تېرىكىپتۇ.

— پۈتىدۇ، ئەتىلا پۈتىدۇ، — دەپتۇ زەرگەر.

— شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ شاۋكەت، — ھالقا پۈتكەندە پۈلىنى ...

زەرگەر ئىش ھەققىگە ئاز - تولا قېتىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ دىگەن تەمەدە:

— ھە ... پۇلىنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاۋكەت دەپتۇ:

— پۇلىنى يا سىز بېرەرسىز، يا مەن.

## سەيگە قاراپ

شاۋكەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بىر خەسىس ئاغىنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ شاۋكەتلەرنى رېستورانغا باشلاپ، ئۆزىنىڭ تازا بىر مەردلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ. بوپتۇيۇ، رېستورانغا كىرگەندە ئەسلىدىكى تەبىئىتى يەنە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، سوغۇق سەيدىن ئىككى تەخسە بۇيرۇتۇپ قويۇپلا ئولتۇرۇپتۇ. كۈتكۈچى قىز:

— ئىچىملىكتىن قايسى خىلدىكىسىنى كۆڭلۈڭلار تارتىدىكىن؟ — دەپ سورىغانىكەن، شاۋكەت ساھىبخانىدىن بۇرۇن دەپتۇ:

— سەيگە قاراپ بولىدۇ - دە. ئۇكام.

# تاشلىۋېتىڭە سىڭلىم

بىر كۈنى شاۋكەتلەر دەريا بويىدىكى ئارامگاھلارنىڭ بىرىگە چۆكۈپتۇ. تاماقتىن كېيىن قورۇما بۇيرۇتۇپتۇ. بۇيرۇتقان قورۇمىلار ئىچىدە بېلىقمۇ بار ئىكەن. كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا:

— بېلىقنى قانداقسىگە چىقىرىپ بېرىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاۋكەتلەر مايدا قورۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كۈتكۈچى قىز يەنە كېلىپ:

— بېلىقنى قانداق قىلىپ بېرىمىز؟ — دەپتۇ.

— مايدا قورۇپ بېرىسىلەر - دە، — ئېنىقراق ئەسكەرتىپتۇ ئۇلار.

كۈتكۈچى قىز ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ:

— بېلىقنى ...، — دېيىشىگە، شاۋكەت قايناپ قاپتۇ:

— بولدى يېمىدۇق، ئاچىقىپ تاشلىۋېتىڭە ئاپئاق سىڭلىم.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سۇر بويتاقنىڭ تەرجىمىھالى

«سۇر بويتاقنىڭ تەرجىمىھالى» دا خەلق قىزىقچىسى، يېتىلىۋاتقان ياش چاقچاقچى ھەبىبۇللا ئابدۇرېھىم (كىشىلەر تولىراق ھەبى دەپ ئاتىشىدۇ) خۇسۇسىدا توختىلىمىز. توختىلىشتىن ئاۋۋال ئىلگىرى غۇلجىدا ئۆتكەن مەلۇم بىر خەلق قىزىقچىسىنىڭ ئاۋام ئىچىگە كەڭ تارقالغان مۇنداق بىر چاقچىقىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

«مېۋىلەر مەي باغلاپ ۋايىغا يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرىسىنىڭ بېغىغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ قالدىم. قىزىل مەڭزىدەك قىزارغان ئالمىلارنى ئېتىكىمگە قاچىلاپ ماڭاي دەپ تۇرغانىمنىڭ ئارىلىقىدا باغ ئىگىسى قوغلاپ قالدى. ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي قاچتىم، قېچىۋاتىمەن، پۇت ـ قولۇم يەرگە تەگمەي كېتىپ بارىمەن، بىر چاغدا باغ تېمىدىن كۆزۈمنى يۇمۇپ شۇنداق سەكرىگىنىمنى بىلىمەن، تامنىڭ ئارقىسىغا گۈپپىدە چۈشتۇم. ئاستىمغا يۇمشاق بىر نەرسە ئۇرۇلغاندەك قىلدى، قارىسام تىزىمغا كەلگۈچە قارغا كىرىپ كېتىپتىمەن.



— گەپ بولدى ـ دە، تومۇز ئايلىرىدىن ئېشىپ قالغان نەدىكى قاركەن ئۇ؟

— تامنىڭ سايىلىرىدا ئېرىمەي قالغان قارلار بولمامدۇ...»

بۇ يەردە گەپنىڭ

مۇقامغا چۈشكەن – چۈشمىگەنلىكى بىزگە مۇھىم ئەمەس، چۈنكى بۇ چاقچاق تەتۈر تەپەككۇرلۇق پىسخىكىنىڭ جانلىق ئىپادىسى. تەتۈر يۆنىلىشتىن چىقىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئىلى خەلق چاقچاقلىرى بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغان ئېڭىمىزنى غىدىقلاپ، بىزنى ئىختىيارسىز كۈلكە قوينىغا سۆرەپ كىرىدۇ. تامنىڭ ئارقىسىدا يەنە كېلىپ تومۇز ئايلىرىدا قارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئەنئەنىۋى توي قوشاقلىرىمىزدىكى «چۈنچۈن سالۋات» لاردا ئۇچرايدىغان: «ئۈنمىگەن چىخ تېگىدىن تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى» دېگەن بېيىتنى ياكى «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك ...» دەپ قويىدىغان خەلق تەمسىللىرىمىزنى يادىمىزغا سالىدۇ.

ھىبى ئابدۇرېھىمنىڭ قىزىقچىلار قاتارىغا قېتىلىپ قېلىش جەريانىنى تۇرۇپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان بېيىت ياكى خەلق تەمسىلىگە ئوخشىتىپ قالىمەن.

ئادەمنىڭ خۇي – پەيلى ئۇدۇم تاللىشامدۇ، يوق، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ناۋادا ئۇدۇم تالاشسا، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ چاقچاقچىمىز ئاغزىدىن نېنى چۈشۈپ قالغان ئادەملەردىن بولۇپ قالسا بولاتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇرېھىم ئاكا ئەترەتنىڭ قوشقا ئۆگەنگەن ئۆكۈزىدەك ياۋاش، مۆرىمەس، كىشىلەر بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ ھەم پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان، تارانچى دوپپىسىنى بىر يانغا سۈرۈپ، پىنەكچە يۆگەلگەن موخۇركىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، دائىم ئۆزىنىڭ خىيال دۇنياسىدا ياشاشقا ئادەتلەنگەن كىشى بولۇپ، كوممۇنانىڭ پاي قوشقان ماگىزىنىدا ئىشلەپ چېچى ئاقارغان، دەرىجىدىن تاشقىرى سىپايە مىجەزى، يول يۈرگەندە يەرنىڭ جېنىنى ئاغرىتىۋېتىدىغاندەك ئاۋايلاپ دەسسەشلىرى، ئىش – ھەرىكەتلىرىدىكى مىس – مىسلىقىغا قاراپ، ئۆز زامانىسىدە يۇرت سوراپ ئۆتكەن زېمىندار كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئۇنداقتا چاقچاقچىمىزنىڭ ئانىسىچۇ؟ ئانىسى ھېنىپەم ھەدە تۆت ئوغۇل، بىر قىز بەش بالىنى باقىمەن، قاتارغا قاتىمەن دەپ كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئانىلىرىغا ئوخشاش

ئۆمرى بىر بۆلۈك، بىر كۆلۈڭدا ئۆتكەن ئاددىي ئائىلە ئاپالىرى. ئۇ ئابدۇرېھىم ئاكىغا قارىغاندا ھەر ھالدا خۇشخۇي، گەپدانلىقى، ئاپاللار توپلاشقان يەردە ئاز ـ تولا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرۈپ قويىدىغان ئادىتى بار. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئادەتنى بالىسىغا ئۇدۇم قالدۇرغىدەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمىز، چاقچاقچىمىزنىڭ ئائىلە تەزكىرىسى مانا شۇنداق ئاددىي.

چاقچاق ــ كىتابقا، كىتابتىكى تېئورمىلارغا قاراپ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، چاقچاق ــ قېلىپقا، قانۇنىيەتكە چۈشمەيدىغان تىل سەنئىتى. ئۇنىڭ تەپەككۇرنى تاۋلاش، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلەش، ناتىقلىق سەنئىتىنى يېتىلدۈرۈشتەك كۆپ قىرلىق رولى بار. چاقچاق قارىماققا سۆز ئويۇنىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى «ئويۇن» لارنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، نۆۋىتى كەلسە جايىدا قىلىنغان بىر ئېغىز چاقچاق «شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىنكاس بىلەن جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىۋېتەلەيدۇ.»

ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ كۆپى ساۋاتسىز ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر. بىز گېپىنى قىلىۋاتقان ھېبى ئابدۇرېھىممۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىنى ئارانلا تۈگىتىۋالغان «سايىم نوچى» لارنىڭ بىرى. ئۇلارغا چاقچاق قىلىش ماھارىتىنى ھېچكىم ئۆگىتىپ قويغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەكتىپىمۇ، ئۇستازىمۇ، كوچا ـ كوچىلارنى تولغان ئىلى خەلق مەشرەپلىرى، توي ـ تۆكۈن ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئولتۇرۇشلار، شۇ سورۇنلاردا تاۋلىنىپ چىققان بىر قىسىم «مۆرىمەس» لەرنىڭ كۇنلەرنىڭ بىرىدە چاقچاقچى سالاھىيىتى بىلەن ئولتۇرۇشلاردا پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرگىنىڭىزدە كۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەي قالىسىز.

مەن ھېبى ئابدۇرېھىمدىن پات ـ پات سوراپ قويىمەن:

ــ يامغۇر ياغسا غەلۋىردەك ئۆتۈپ كېتىدىغان يېزىمىزنىڭ

مەكتىپىدىكى[1] ھېلىقى بىز ئوقۇغان سىنىپلار يادىڭىزدىمۇ؟ مۇئەللىم دەرس سورىسا تىلىڭنى چايناپ، دوسكىغا ئېلىپ چىقسا قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرىدىغان ھېبى سەن ئىدىڭ، تۆت ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايتتىڭ. قىزلارنىڭ چېچىنى تارتىشقا، سەھنىلەرگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشقا، ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا ئىدىڭ، مەن بىلىدىغان شۇ ھېبىنىڭ بۈگۈن كۆپكە تونۇلغان چاقچاقچى بولۇپ قالغىنىغا ھەيرانمەن.

— شۇ ئىشلار ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىكەن - دە، — دەپ كۈلىدۇ ئۇ، — ئادەم بالىلىق چاغلىرىدا ئاجايىپ تېتىقسىز ھەۋەسلەرنىڭ كويىدا يۈرۈپ باقىدىكەن، كەنت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت كۇرۇژوكىغا كىرىۋېلىپ، ئەترەتنىڭ ئاتخانىلىرىدا ئوشۇققا كەلگۈچە چېلىگە مىلىنىپ ئويۇن قويۇپ يۈرگىنىمىزنى ئويلىسام ھازىرغىچە خىجىل بولىمەن. شۇ چاغلار 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغۇ دەيمەن، شەھەردىن چىققان ھېلىقى خېنىم مىجەز ئاداشىنىڭ ئىسمى ... ھە توغرا ھەسەنجان، ئاشۇ ھەسەنجىنىكام پۇتۇمغا پاشنا قويۇپ: «ناخشىنى ئۇنداق ئېيتىدىكەنسەن، ئۇسسۇلنى مۇنداق ئوينايدىكەنسەن» دېسە، مەكتەپتىن قېچىپ، سەنئەت كۇرۇژوكىغا بېرىۋالاتتىم. ئۆمەر ئەپەندىمنىڭ شىرەنى مۇشتلاپ: «ئاڭلاپ قوي، ئابدۇرېھىمنىڭ بالىسى، مۇندىن كېيىن قاش - كۆزۈڭنى بوياپ مەكتەپتىن قاچىدىغان بولساڭ پۇت - قولۇڭنى چېقىۋېتىمەن. يا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان، يا پاداڭنى باقىدىغان بولىسەن. ئاتا - ئاناڭ سۆڭىكىڭنى ئۆزىگە، گۆشۈڭنى ماڭا قالدۇرغان ... سەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە غېرىبىنىڭ قىزى، مىچىلداپ كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتماي ئوقۇشۇڭنى ئوقى، ئۇسسۇل دېگەننى جەمئىيەتكە چىققاندا ئۆگەنسەڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. ھەرقايسىڭنى ئېغى بىلەن بېغى يوق ئوقەتنىڭ ئىگىسى ئەمەس، كېلەچەكتە نېنى پۈتۈن ئادەملەردىن بولۇپ قالسۇن دەۋاتىمەن ...» دەپ تىللاپ كەتكەن چاغلىرى بولغان. ئەمدى ئويلىسام ئاشۇ تىللارنىڭ ئانىمىزنىڭ سۈتىدىن ھالال تەرەپلىرى بارئىكەن، ئاخىر بېرىپ قانداق

① غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن يېزا مەمەيۈزى باشلانغۇچ مەكتىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بولدى؟ غېرىبىنىڭ قىزى زورابۇۋىمۇ، مەنمۇ «پادىمىز» دەپ بىقىپ قالدۇق. دادام: «ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقىپ بولدۇڭ، ئەمدى سىز ئىشتىن بىلەن كۆزۈڭ پىشسۇن» دەپ، يۇقىرىقى مەھەللىگە يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى ئېچىپ بېرىۋىدى، ئىككى يىلغا بارماي ئۇنىمۇ قۇرۇتتۇم. سىڭلىم يۇقىرى ئۆرلەپ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكەن يىللىرى دادام مېنى يېزىلىق تەمىنات سودا كوپىراتىپى ماگىزىنىغا تىقىپ قويدى.

قارارى يوق ئويۇن ئادەم بۇزۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىكەن، بىر كۈن ئىشلىسەم تۆت كۈن قېقىۋېلىپ، ئۇ يەردىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئېشىغا ئۆزۈم توپا چاچتىم. ئاستىمدا ۋېلىسىپىت، قولتۇقۇمدا ئۇنئالغۇ، نەدە سورۇن، نەدە ئويۇن - تاماشا بولسا شۇ يەرگە چاپاتتىم. 80 - يىللارنىڭ باشلىرى ئۇنئالغۇ يېڭى مودا بولۇۋاتقان ئەتىۋار چاغلىرى بولغاچقا ھەممىسى «ھاي» دەپ تۇراتتى. كىچىكىمدىن ئەركە چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى بالىلىقتىكى تەنتەكلىك، ياشلىقتىكى شاشلىقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئۆزۈم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل تەلۋە ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە «چېگرا» ھالقىپ تاماشا قوغلىشىدىغان، يېزىمۇ يېزا، شەھەرمۇ شەھەر چېپىشىپ يۈرۈپ سورۇنلاردىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپىمۇ، ياخشى تەرىپىمۇ بولدى. يامان تەرىپى — ھۇرۇن، بوشاڭ، لايغەزەل قىلىۋەتتى، ياخشى تەرىپى — ئېسىمنى بىلگەندىن بېرى چاقچىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان ھېسام قۇربان، ساتتار قورۇق، ئىبراھىم دىۋانىگە ئوخشاش شەھەردىكى ئاتاقلىق چاقچاقچى، خەلق قىزىقچىلىرىنى كۆرۈش، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

ئۇلار بار سورۇنلاردا چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلاردىن كۆرە كۆچلۈك مەسخىرە، تويۇنغان كىنايە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاجايىپ چاقچاقلار مېنى بەكرەك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. چاقچاقچىلارنىڭ گېپى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئەگىتىپ، بىر ياڭزا گېپى مىڭ ياڭزا تۈرلەندۈرۈپ، ساتارنىڭ قۇلۇقىدەك ئۇلتۇرغان كىشىلەرنى نۆۋەت بىلەن

ئوخشىتىشلىرى، سورۇندىن قىيقاس - چۇقان چىقىرىشلىرىغا قاراپ بەك ھەۋەسىم كېلەتتى. ئاشۇ چاقچاقلار ئېلىنغان ئۇنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئامال بار قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ھېلىقى تولا سۆرەپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئۇنئالغۇم بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ ئاڭلاپ قانمايتتىم.

يېڭىدىن قانات - قۇيرۇقىنى چىقارغان چۈجە خوراز ئاتىسىغا بېقىپ چىللاشنى ئۆگەنگەندەك، مەنمۇ سورۇن كۆرۈپ ئاز - تولا يادلىۋالغان چاقچاقلىرىم بىلەن مەھەللىدىكى ئولتۇرۇشلاردا «چىللاپ» باقتىم. «چاقچىقىم» قاملاشتىمۇ، يوق، بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، باشقىلارنىڭ گېپىمگە قاراپ كۈلگىنىنى بىلىمەن، كۈلكىنىڭ مەنىسى كۆپ قىرلىق بولىدۇ. گېپىڭ قاملاشمىسا مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ، تەنە قىلىپمۇ كۈلىدۇ، كەمسىتىش نەزىرىدە ھىجىيىپمۇ كۈلىدۇ، باشقىلارنىڭ بەدەن - بەدىنىدىن كۈلكە قوزغىيالمىغان گەپنى چاقچاق دېگىلى بولامدۇ؟ چاقچاق قىلغاندا ئىنكاسنىڭ تېزلىكى بەك مۇھىمكەن، كاللاڭدا يالت قىلىپ ئۆتكەن دەقىقە ۋاقىت سەندىكى بىردىنبىر پۇرسەت، سەن شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرەپكە ئىنكاس قايتۇرۇپ بولۇشۇڭ، ئاغزىڭدىن چىققان ھەر ئېغىز گەپنى نىشانغا دەل - خاتاسىز تەگكۈزەلىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شاھماتچى ئۇرۇق ماڭغاندا بىرقانچە خوتنى ئالدىن مۆلچەر قىلىۋالغانغا ئوخشاش مۇنتىزىم ھالەتتە تۇرمىساڭ بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ چاقچاق سورۇنلىرىدا توپلىغان تەجرىبەم. باغرىمدىكى گەپنى قىلسام باشتا مەن مۇنداق تەجرىبىلەرنى توپلاپ كەلگۈسىدە چاقچاقچى بولىمەنمۇ دېگەن نىيەتتە بولۇپ باقمىغان، ھېلىمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق دەپ قارايمەن. قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەۋەس ۋە قىزغىنلىقتىن كېلىپ چىققان كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. كېيىن بۇ قىزغىنلىق مېنى رەسمىي سورۇنلارغا ئېلىپ كىردى. چاقچاقچىلار سورۇنغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە توپلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، يېڭى، ئىجادىي چاقچاقلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ

چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شەھەردىنمۇ ئۆگەندىم، يېزىدىنمۇ ئۆگەندىم، ساڭا دېسەم بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىمۇ كۆمۈلۈپ ياتقان قالغان خەلق قىزىقچىلىرىمىز بار. چاپچال ناھىيىسىنىڭ قاينۇق يېزىسىدىكى شاشىدىنكام، نىلقا ناھىيىسىدىكى قۇرۋانكام، غۇلجا ناھىيە بايتوقاي يېزىسىدىكى تۇداخۇن، قىشلاقتامدىكى يارمۇھەممەت، خۇدىيارىيۈزى يېزىسىنىڭ بوستان مەھەللىسىدىكى تۇراخۇنكاملار، يەنە ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان نۇرغۇن خەلق قىزىقچىلىرى ... بۇلارنىڭ ھەممىسى نەۋرە، چەۋرە، ھەتتا ئەۋرە كۆرگەن ئادەملەر، شۇنداقتىمۇ ئۇلار گەپتىن، قىزىقچىلىقتىن قالمىغان. ئۇلارنىڭ گەپ ئويۇنىتىش ئۇسۇلى، تەپەككۇر قىلىش شەكلى، پىكىر قىلىش سەنئىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئانا تىلىمىزنىڭ گۈزەل، ساپ، ئەۋرىشىملىكى، مەنە ئىپادىلەشتىكى ئاجايىپ قۇدرىتىنى شۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن كۆردۈم ھەم چۈشەندىم، ئۇلار بىلەن كىچە ـ كېچىلەپ مۇڭدىشىش، ھەمسۆھبەتتە بولۇش داۋامىدا يەتتە خاتىرە چاقچاق، لەتىپە، يۇمۇر توپلىۋالغان. بېشىمغا سا تەپكەندەك خەققە تولا كۆز ـ كۆز قىلىپ، بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا تۇيۇقسىز يوقىتىپ قويدۇم، بۇنىڭ ئازابىنى ئۆزۈملا بىلىمەن. ئۆمرۈمدە سادىر قىلغان سەۋەنلىكنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئەڭ ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىش يادىمغا يېتىدۇ.

خەلق قىزىقچىسى ئەبەيخان چوقۇر ھېبى ئابدۇرېھىم توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ.

— يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرى ئىچىدە ھېبىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان چاقچاقنى پىلىموت دىسكىسىدىن چىقىۋاتقان ئوققا ئوخشىتىمەن. بۇ «ئوق» كىشىنىڭ ئاچقان يېرىگە تېگىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئوت، ئارتۇقچە خۇشاللىقنى كۆتۈرەلمەيدىغان قان بېسىم ئادەملەر ئۇ قوزغىغان كۈلكىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ياشلار ئارىسىدا چاچما چاقچاق قىلىدىغانلار ئىچىدىن ھېبى بىلەن توققۇزتارالىق تۇداخۇنغا قايىلمەن. غۇلجىلىق مەلۇم بىر ئەدىپ ھېبىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ: «قايسىبىر

يىلى ئۈرۈمچىگە بارغاندا ‹تەبەسسۇم رېستورانى›دىكى بىر قېتىملىق ئاقساقال، ئەدىبلەر ئولتۇرۇشىغا داخىل بولۇپ قالدىم. ھېلىقى سورۇندا رەھمەتلىك زوردۇنكامۇ، مەمتىمىن ھوشۇرلارمۇ بار ئىدى. ھىبى بۇ سورۇننىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغانىدى. سورۇن باشلىنىپ بىر - ئىككى پەدە سازدىن كېيىن كۆپچىلىك: ‹قېنى، ئەمدى غۇلجىنىڭ چاقچىقىدىن پەيزى ئالمايلىمۇ؟› دەپ ھىبىنى چاقچاق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ھىبى ئالدىن بىرقانچە رومكا قېقىۋېلىپ، تازا خۇرۇچىغا كېلىپ تۇرغانىكەن. داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنى نۆۋەت بىلەن ئوخشاتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ چاقچىقى شۇنچىلىك سىلىق، چىرايلىق، ئىلمىي ئىدى. بىر چاغدا چاقچاق نۆۋىتى مەلۇم بىر ئاقساقال شائىرغا توغرا كېلىپ قالدى. ھىبى ھېلىقى شائىرنىڭ بىر تۇتام ساقىلىنى بىر دەم سۈپۈرگىگە ئوخشىتىپ، ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى تازىلىق ئىشچىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، مەتبۇئات يۈزىنى ئاۋارە قىلىۋاتقان لاۋزا شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ تېتىقسىز شېئىرلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا قويسا، يەنە بىر دەم ئۆچكىگە ئوخشىتىپ، يازغان شېئىرلىرىنى توغراپ، كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە يەم قىلىپ يېگۈزۈپ ... تاق يېرىم سائەتكە يېقىن چاقچاق قىلىۋېدى، شائىرمۇ، سورۇن ئەھلىمۇ كۈلكىدىن بىقىنلىرىنى تۇتىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. تولا ئىچىپ، چىرايلىرى بەدرەڭلىشىپ كەتكەن بۇ جۇۋاينىمەكنىڭ مۇنچىۋالا چاقچاق قىلىدىغانلىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن. كېيىن يەنە بىرىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسانىڭ ئوغلى غەننىنىڭ تويىدا قىلغان چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە شۇ ئىش يادىمغا يەتسىلا ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىمەن. بىر بۇرادىرىمىزنىڭ ماڭا: ‹چاقچاقچىلار تېۋىپ، ئۇلار كۈلكە بىلەن ئادەم داۋالايدۇ› دېگىنى ھېلىمۇ يادىمدا.»

ھىبى ئۆزى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئاسان، ئۆزىمىزنى كۈلدۈرۈش تەس.

مېنىڭ نۇرغۇن «يىغلىغان» چاغلىرىم بولغان. 1999 ـ يىلى يازدا غۇلجا شەھەر تۇرۇبا سۇيى شىركىتى ئىچىدىكى رېستوراندا بولغان بىر ئولتۇرۇشتا بىر قىمارۋاز بايۋەچچىگە چاقچاق قىلىپ قويۇپ، ئۇنى ئۇشۇقـقا ئوخشىتىپ، سىم يۆگەپ، تاكسىنى يالىتىپ، چېكىسىنى قوغۇشۇن قۇيۇپ، سىيسمەك ئويناپ سېستىپ ... راسا كەلتۈرگىنىم ئۈچۈن قايتىدىغان چاغدا ماشىنىسىغا ئالداپ ئاچىقىپ، روزىمەتيۈزى بىلەن شەھەرلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۆكچىلىككە تاشلىۋېتىپ كەتكەن. تېخى بۇلا ئەمەس، جاڭ ـ جاڭ سوغۇق، جۇدۇنلۇق كۈنلەردىكى تالاي قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا تاياقتىن قورقۇپ، يالاڭ ئاياغ قېچىپ كەلگەن. چاقچاق ئېغىر كەلسە پايلاپ تۇرۇپ ئۇرىدىغان، ئۆچ ئالىدىغانلار بار. ھازىرغىچە نۇرغۇن تاياق يەپ، نۇرغۇن قېتىم ئېغىز ـ بۇرنۇم قان بولدى. مەن ئۇچۇن ياقا يىرتىپ جېدەللىشىپ سېتىۋالغانلارمۇ يوق ئەمەس. مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. يۇرتۇمدىكى كىشىلەرنىڭ مانا شۇنداق سۆيۈملۈك تەرەپلىرىمۇ، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، ئەپسۇسلاندۇرىدى دەپ خاپا بولغىلى بولمايدۇ، يىغىپ كەلسەك ھەممىسى بىر چاقچاق.

— ئاڭلىسام، ھېسامكامنىڭ سەندىن رەنجىشى بار ئوخشايدۇ، — مەن ھېبىدىن ئەتەي گەپ ئېلىش مەقسىتىدە ئاسماقچىلاپ سورىدىم، — كۆڭلىنى چىگىپ قويغان يەرلىرىڭ بارمۇ، قانداق؟

— چىگىپ قويغان ئەمەس، خەقنىشلىك قىلىپ چىشىغا تەگكەن دېسەك بولىدۇ. بالىنىڭ ئاتىغا، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازىغا ئەركىلىمەيدىغان چاغلىرى بولامدۇ. كوچىلاردا كۆرسەم كەپسىزلىكىم تۇتۇپ ئاز ـ تولا چىشىغا تېگىپ قويىمەن. چىشىغا تەگسەك شۇنداق ياخشى پاراڭلارنى قىلىپ بېرىدۇ. بىر كۈنى تەشلەپكىدە كېتىپ بارسام ئۆزلا چاقىرىپ قالدى: «نېمە گەپ، ھېسام تاغا؟» دېسەم «خۇش خەۋەر ھېبى، ھەجگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلەي دەۋاتىمەن، قانداق بوپتۇ؟» دەيدۇ، ئويلىشىپ تۇرمايلا «بارما، بارساڭ خەتەرلىك» دېدىم. «سەن گۇينىڭغۇ ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقمايدۇ» دەپ تېرىكتى ھېسامكام،

ھېسامكامىنىڭ ئاچچىقى كەلسە چىرايىدىكى قورۇقلار بىر ھەسسە كۆپىيىپ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتەتتى. «نېمىشقا ئەمدى؟»، «نېمىشقا بولاتتى» دېدىم قولىقىغا يېقىن كېلىپ «شەيتانغا تاش ئاتىدىغانلار چىرايىڭنى قېرى شەيتانغا ئوخشىتىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، سەن ئۆلسەڭ بىز قانداق قىلىمىز.»

مۇنداق چاغدا گېپىڭنى دەپ - دەۋېلىپ غىپپىدە تىكىۋەتمىسەڭ ھېسامكام سېنى چاقچاقتا كۆمۈۋېتىدۇ.

— ئۆمرۈڭدە بىرەر چاقچاقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپلا مۇشۇ چاقچاقنى دېمىگەن بولسام بوپتىكەن دەپ ئۆكۈنگەن چاغلىرىڭ بولغانمۇ؟

— بولمىغان دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن، چوڭ دادامنىڭ ياش تۇگەپ كەتكەن ئوغلىنىڭ نامىزىدا ھازا ئاچقىلى بېرىپ، پەيلى شەيتاننىڭ دەي - دەيگە سېلىشى بىلەن ئۆزۈم ئاچقان ھازا بىر ئېغىز چاقچاقتا ئايلىنىپ كېتىپ، ئاكىمىزنىڭ ئالدىدا كۆتۈمگە بىر تېپىك يېگەن. «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى بولماپتۇ» دەپ بىز خەق شەيتىنىمىز قوزغالسا ئۆلۈمدىمۇ، قەبرىستانلىقتىمۇ، سەكرات ئۇستىدىمۇ چاقچاق قىلىپ سالىمىز. بىر ئىش زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. رەھمەتلىك سەيدۇللامكام كېسىلى ئېغىرلىشىپ غۇلجىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە دوختۇرخانىغا يوقلاپ باردىم، بالىنىست ئىشىكىدىن كىرىشىمگە مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھېبىمۇ سەن، بېرى كەل، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقاتتى، — چاقچىقىڭلارنى خويمۇ سېغىندى كىشى. دورا - ئوكۇلدىن شۇنداق زېرىكتىم، ئۇنىڭ ئورنىغا چاقچاق بولغان بولسا مەنپەئەت قىلاتتىمىكىن دەيمەن.

شۇ ئارىدا قانداق بولغان ئارقامغا، ئىشىك تەرەپكە ئۆزۈمچىلا قاراپ سايتىمەن، سەيدۇللامكام:

— كەينىڭگە قارايسەنغۇ، بېرى بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھەئە، — دەپتىمەن مەنمۇ بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتسەممۇ بولىدىغان

گەپنى دەۋېتىشكە ئالدىراپ، ــ سىرتتا تونۇش ئەزالىرىدىن بىرسى ساقلاپ تۇرامدۇ، نېمە؟ سەيدۇللام توختى بارمۇ دەپ ...

سەيدۇللامكام كۈلۈپ كەتتى، ئۇ مېنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ:

ــ غۇلجىلىقىمىزنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىنى دەيمەن ئەمەسمۇ، ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ــ دەپ قوللىرىمنى سىقىپ قويدى.

شۇنداقتىمۇ مەن بەك خىجىل بولدۇم، ئاكىمىزنىڭ ئالدىدا كۆتۈمگە تېپىك يېگەندىمۇ مۇنچىلىك خىجىل بولمىغان، سەيدۇللامكام خۇشال بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئەسلى شۇ چاقچاقنى قىلمايدىغان يېرىكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆڭلىنى يەنىمۇ كۆتۈرىدىغان چاقچاقنى قىلغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىمەن.

ــ سەنغۇ باشقىلارنى كۈلدۈرۈش، كۆڭلىنى ئېلىش بىلەن ئۆزۈڭگە ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلا بوپسەن، ئائىلەڭنى كۈلدۈرۈشنى ئويلىشىپ باقتىڭمۇ؟ ئاتا ـ ئاناڭ قېرىدى، سەنمۇ ئوتتۇز سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالدىڭ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ھارپىسىدا تۇغۇلغان باللاردىن سەنلا قاپسەن، قاچانغىچە سۇر بويتاق يۈرۈۋېرىسەن؟

ــ ۋاقتى بار، ــ ئۇنىڭ بۇ گەپنى دەپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغانىدى، ــ بىر كۈنى شاققىدە ئۈرۈمچى پىغاغا بېرىپ (توپ سېتىش بازىرىنى دېمەكچى) باھاسى چۈشكەن موماياللاردىن ...

ئوڭ گەپ قىلساڭمۇ چاقچاق، تەتۈر گەپ قىلساڭمۇ چاقچاق، ياخشى كۆڭلۈڭ بىلەن بەرگەن مەسلىھەتنىڭ ئاخىر بېرىپ يەنە چاقچاق بىلەن تۈگەيدۇ.

يېزىغا چىقسام چاقچاقچىمىزنىڭ ئانىسى ماڭا پات ـ پات تاپىلاپ تۇرىدۇ.

ــ بالام، يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ ساڭا دەۋېرىدىغان بولدۇم، ئادىشىڭغا خىزمەت ئىشلەپ باقساڭ، كۆزىمىزنىڭ يورۇقىدا بېشىنى ئوڭشاپ قويساق. نىشان قىلغان يېرى بولسا تارتىنماي دېسۇن، بولمىسا ئۆزىمىز يولىنى مېڭىپ ...

مەن بۇ گەپلەرنى ھېبىغا جىق دەپ كەتتىم، ئۇ بېشىنى چايقاپ:

— غۇلجا تەۋەسىدە مەن دەسسىمگەن يەر، مەن بارمىغان يېزا ـ قىشلاقلار قالمىدى. ئۇ تەرىپى ئۈرۈمچى، قاراماي، مايتاغلارغىچە بېرىپ نۇرغۇن چاقچاق سورۇنلىرىدا بولدۇم، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم، كۆڭلۈم يېقىن ئادەملىرىمنى ساناپ كەلسەم بىرەر تومەندىن ئېشىپ قالىدىكەن، ئۇلارغا ئۈچ كۇنلۇك مەرىكە بېرىمەن دېسەم مەمەيۈزىنىڭ بىر يىللىق نورمىسى تۈگىمەمدۇ، شۇلارنى ئويلىسام تويۇپ قىلغۇم كەلمەيدۇ، — دەپ گەپنى ئوخشاشلا چاقچاققا يۆگەيدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، چاقچاقچىمىز بىر خەلق قىزىقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر تاۋىقى» دىن ئاش يەيدىغان قايسىبىر ئىدارە ـ ئورگاننىڭ خادىمى، قايسىبىر جەمئىيەتنىڭ ئادىمىمۇ ئەمەس. «ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىشى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا تېڭىرقاپ قالغان، سەنئەتنىڭ كۈچلۈك چىللىشى بىلەن ئۆز يولىنى تېپىۋالغان» ياشلارغا تېخىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى شۇ دەرىجىدە رەتسىز ۋە چېچىلاڭغۇ. ياشاش ئۇسۇلى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىنىڭ ئەكسىچە، باھانىڭ ئۆرلىشى، بازارنىڭ كاساتلىشىشى، بۈگۈننىڭ ئاش ـ نېنى، ئەتىنىڭ غېمىگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن پەرۋايى پەلەك.

شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىھالى قوپال چىقىپ قالدى، تەرجىمىھالى قوپال بولغان بىلەن ئۆزى سىلىق، ئايغى يېنىك، ئۇنىڭغا تەشنا بولغان ۋاقىتىڭىزدا چاقىرساڭ شۇ ھامان تاپىنىڭىزدا پەيدا بولىدۇ. ئاجايىپ چاقچاقلىرى بىلەن سورۇنۇڭىزغا جان كىرگۈزۈپ، خەستە كۆڭلۈڭگە مەلھەم بېرەلەيدۇ، تۇرمۇشنىڭ بېسىمى، ھاياتنىڭ ئېغىر مۇشەققەتلىرىدە ئېزىلىپ، خوراپ، چارچىغان كاللاڭغا خۇشلۇق، ئازادىلىك، ئاراملىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، نېرىپلىرىڭنى سەگىتىپ، كۆزلىرىڭگە نۇر، مۇسكۇللىرىڭغا قۇۋۋەت ئاتا قىلالايدۇ، شۇنداق بولغانىكەن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى تۇرمۇشنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر ـ كىشەنلىرى بىلەن چۈشەپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئۆزى ئىختىيار قىلغانىكەن ئەركىگە قويۇپ بېرەيلى، ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باردۇر. شۇنىڭغىچە باھار سەلكىنىدەك بۇ ئانا تۇپراقنىڭ جاي ـ جايلىرىنى كېزىپ، كۆلكىگە تەشنا قەلبلەرگە خۇشاللىق بەخىرامان ئەتسۇن، ئېتىۋەرسۇن، بىز ھەممىمىز كۆلكىگە، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە موھتاج، شۇنداق ئەمەسمۇ !

## ھېبى ئابدۇرېھىم چاقچاقلىرى

### ئەتىۋارىمنى قويمىدى

بىر كۈنى دوللار بازىرىدا ئالدىراش كېلىۋاتسام ھېسامكام بىنا ئۆيىدىن چۈشۈپ كەلدى ـ دە، مېنى كۆرۈپ:

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— دەريا بويىغا، ئولتۇرۇشقا.

— خەقنىڭ تامىقىنى بىكارغا يەۋەرمەي، — دېدى ئۇ، — بىزلەرنىمۇ مېھمان قىلىپ قوي.

مەن ئۇنى دوللار بازىرىنىڭ بىقىنىدىكى تۇرغاننىڭ ئاشپۇزۇلىغا ئېلىپ كىردىم. ھېسامكام پۇل خەجلەشكە كەلگەندە چىڭ ئىدى، مەنمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئۈچ تال سامسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ھېسامكام بىر سامسىغا، بىر ماڭا قاراپ كېتىپ:

— سەن سامسا يېمەيسەنغۇ ـ ھە؟ — دەيدۇ.

— خاتىرجەم يەۋەرگىن تاغا، پارىڭىڭنى ئاڭلىسام بولدى.

ھېسامكام بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بىرنى يەپ بولغۇچە، مەن كاپۇر ـ كۇپۇر ئىككى تال سامسىنى يەۋالدىم ـ دە، ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا بىر يېرىم كوي پۇلنى تاشلاپ قويۇپ، ھېسامكامدىن بۇرۇن چىقىپ كەتتىم، ھېسامكام ئارقامدىن تىللاپ قالدى.

— بۇرۇنلاردا سەھرادىن مەڭگەن ـ سامان كىرىدىغان، ھازىر نەدە مۇشۇنداق گۈيلار كىرىپ ئادەمنىڭ ئەتىۋارىنى قويمىدى.

## يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ

بىر كۈنى ۋەلىكام داۋۇت بىلەن ھېسامكام ئۈچىمىز قورغاستىكى بىر خەتتىنە تويغا چىقىپ قالدۇق. ھېسامكامنى كەپتۇ دەپ ھەممىسى يىغىلدى. تويىنىڭ ئولتۇرۇشى ھويلىدىكى باراڭ ئاستىدا بولدى. قورغاسلىق چاقچاقچىلارنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى، ھېسامكام ئىككىمىز بىر بولۇپ ئۇلارنى راسا ئوخشاتتۇق، ئۆرۈم دېگەن چۈشۈپ تۇردى، بىر چاغدا ۋەلىكام قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— ھىبى، ھېسامكام چاقچاق قىلغاچ تۇرسۇن، سەن ئاۋۇ پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ قوي، سەت تۇرىدىكەن.

مەن پۇللارنى پۇرلەپلا يانچۇقۇمغا سالدىم، ھېسامكامنىڭ ئاغزى چاقچاقتا، كۆزى مېنىڭدە، مەن ئەدەپكە چىققان بولۇپ، ھاجەتخانا ئىچىگە كىرىۋېلىپ پۇلنى سانىسام نەق يەتتە يۈز ئەللىك يۈەن چۈشۈپتۇ. ھېسامكامنىڭ راسا بىر چىشىغا تەگكۈم كەلدى ـ دە، بىر تاكسىنى ئەللىك كويغا كىرا قىلىپ، كېچىلەپ شەھەرگە يېنىپ كىردىم. ھېسامكام كېچىچە ۋەلىكامنىڭ يوتقىنىنى تاتىلاپ ئۇخلاتماپتۇ.

— ۋەلى ئۇكا، بىر قىسما بولۇۋاتىمەن، — دېگۈدەك ئۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟

— يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ئاغرىسا قانداق قىلىمەن.

— ھىبى داۋالاشقا ئۇستىدى، چاقىرغىنە، بۈگۈن نەدە قوندىكىن.

## سوغۇق سەي

ئاۋۇ بىر يىلى بايتوقاي بانكىدا ئىشلەيدىغان شۆھرەت دېگەن

ئاغىنەم ئالدىمغا كېلىپ: «ئاداش، ئولتۇرۇش بېرەي دېگەن. ھېسامكامنى ئاچچىقلىق بولامدۇ؟» دەپ قالدى، ھېسامكامنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردىم، ھېسامكام بىر يەرگە بېرىشتىن ئاۋۋال باھاسىنى كېلىشىۋالاتتى. «توققۇز يۈز يۈەن» دەپ كېسىپ قويدى. ئۇ ئاغىنەم پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئالدىغا يۈز يۈەننى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. بايتوقايغا يۈرۈپ كەتتۇق.

يېزا دېگەندە كېچىچىلا ئولتۇرۇپ ئىچىدىغان گەپ ئىكەن، يېرىم كېچە بولغاندا سەي تۈگەپ كەتتى، مەستلەر سەينىڭ جېدىلىنى قىلغىلى تۇردى، تالاغا چىقسام مال ئېغىلى ئالدىدا بىر دۆۋە قىزىلچا تىرىپى تۇرۇپتۇ، شۇ يەردىلا تىرىپتىن ئىككى تەخسە ئېلىپ، ئۈستىگە سىركە ـ لازا چېچىپ لوبۇ سەي ھېسابىدا چاندۇرماي داستىخانغا قويۇپ قويدۇم، سورۇندىكىلەر پىلە قۇرتىدەك ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېسامكاممۇ بار ئىدى، ئەتىسى ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئاغرىپ قوپۇپتۇ.

— ھېبى، — دەيدۇ.

— ھە.

— بىر ئىشنى سەزدىڭمۇ؟

— نېمىنى؟

— پەندىيات، — دېدى ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، — ئىككىنچى ئۆگزىسىدە مەڭگەن ـ سامىنى بار خەقنىڭ گۆرىگە چىقامدىغان.

## تويۇنزەن (مال يۆتكەش ئورنى) ئېچىش

ھېسامكامنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرمىگەن ئاتۇشلۇق ئىككى بالا ئالايتەن ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا چىقىپتۇ، ھېسامكاملار بىلەن «يېشىل نۇر رېستورانى» دا ئولتۇرۇپ قالدۇق، ھېسامكام ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پو ئېتىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق. سورۇن بىر يەرگە بارغاندا ھېسامكام ھېلىقى بالىلارغا ماختانغىلى تۇردى.

— مېنىڭ دادام بۇرۇن غۇلجىدا تويۇنزەن ئېچىپتىكەن ...

مەن ھېسامكامنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم.

— قويغىنە تاغا، داداڭ تويۇنزەن ئاچقان بولسا سەن گەمىدە نومۇرغا داڭ چالامتىڭ؟

ھېسامكام بىقىنىمنى چىمدىپ قويدى، مەن سەزمىگەنگە سېلىپ، گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— دادىسى گەمىدىكى سايغا قىيان كەلگەندە تاغدىن ئېقىپ كەلگەن تېرىلەرنى سۈزۈۋېلىپ، تويۇنزەن ئاچتىم دەۋالغان گەپ.

## بولارى بوپ بولدى

بىر كۈنى كەچتە «يېشىل نۇر رېستورانى»نىڭ ئالدىدا تۇرسام كىچىك تەرتى قىستاپ كەتكەن بىرەيلەن ئالدىراپ رېستوراندىن چىقىپ:

— «يېشىل نۇر رېستورانى»نىڭ ھاجەتخانىسى نەدە؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ كەيپىكتە ھاجەتخانا تاپالمىغانلىقى خىيالىمدا يوق، مېنى ئەتەي ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئاچچىقىم كەلدى ـ دە، گەپنى قەستەن سوزۇپ ھاجەتخانىنى كۆرسەتتىم.

— يولدىن ئۇدۇل ماڭسەن، دوقمۇشقا كەلگەندە سولغا قايرىلسەن، سولدىن ئوڭغا ئەگىسەن، ئاندىن كېيىن يەنە ئوڭغا قىيپاش ماڭسەن، بىر توپ قارىياغاچ ئۇچرايدۇ، قارىياغاچنىڭ بىقىنىدىكى تار كوچىغا كىرىپ ئازراق ماڭساڭ دىمىغىڭغا نجاسەت ئۇرۇلىدۇ ...

گېپىمنىڭ ئايىغى چىققۇچە ئىشتىنىغا چىقىرىپ بولغان ھېلىقى ئاداش ۋايساپلا كەتتى.

— ۋاي، ۋاي بولدى قىلغىنا، ئەمدى بولارى بوپ بولدى.

## يېرىم نانغا بەش مانتا

قاينۇقلۇق ئىككى بۇرادەر بازار ئارىلىغاچ شەھەرگە كىرىپتۇ،

ئىلگىرى ئۇلار مەدرىسىنىڭ مانتىسىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىكەن، چۈشكە يېقىن مانتىخانىغا كىردۇق دەپ باشقا بىرىنىڭ خاتا كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن مەدرىسىنىڭ يېنىدىكى ئاممىۋى مۇنچىغا كىرىپ قاپتۇ. قارىسا ھور دېگەن كۆتۈرۈلۈپ، ئادەملەر ئۆچىرەتتە تۇرغۇدەك، ھېلىقى ئىككىيلەن ئۇدۇل بېلەت ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— يېرىم نانغا بەش مانتا، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بېلەت ساتقۇچىمۇ قىزىقچى ئىكەن، چاندۇرماي تاھارەت ئالىدىغان چۆگۈننى ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ دەپتۇ:

— بەش مىنۇتتىن كېيىن چىقىدۇ، چاي ئىچكەچ تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار.

## چىۋىن دېگەن نەرسە

قاينۇقلۇقلار ئاجايىپ قىزىقچى كېلىدۇ، بىر كۈنى قاينۇقتا چىقسام يېزىلىق چارۋا مال پونكىتىدا ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان مەسۇمكام دېگەن كىشى مەندىن سوراپ قالدى:

— ھېبى ئۇكا، چىۋىننى پاكىز كېلىدۇ دېسەم، ئىشىنەمسەن؟

— زامانغۇ تەرەققىي قىلىپ كەتتى، — دەپ چاقچاق قىلدىم ئۇنىڭغا، — سىلەرنىڭ يۇرتتا قولدا بېقىلىماس؟

— گېپىمنى ئاڭلىمامسەن، بىر ئانا چىۋىن يېڭى ئۇچۇرما بولغان بالىسىنى ئېلىپ نىجاسەتنىڭ ئۈستىگە قونۇپ تۇرغاندا، ئالدىدىن بىر ئىت چىقىپ يۇندى كارىزىدىكى سۆڭەكنى غاجىلىغىلى تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن چىۋىن بالىسى ئانىسىغا:

— ئاپا، قارىغىنا، ئاۋۇت ئىت مەينەت نەرسىلەرنى يەۋاتىدۇ، — دېگەنىكەن، ئاپىسى بالىسىنى جىملەپتۇ:

— ئۇۋاي بالام، كۆڭلۇمنى ئىلەشتۇرمەي پوقۇڭنى يېگىنە.

# بولۇسكام بىلەن مۇختەركام

بولۇسكامنى يوللاردا مەيلى قانچىلىك ئالدىراش كۆرمەي مۇختەركامنىڭ ئۇستىدىن توقۇۋالغان يېڭى لەتىپىلىرىنى بىر قەپەس دەۋەتمەستىن كەتمەيدۇ، بىر كۈنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن خەنزۇ بازىرىدىن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ باش بېكەت تەرەپكە كېتىۋاتاتتىم، ئاپتوبۇس تەشلەپكە بېكىتىگە كېلىپ توختىشىغا پىيادىلەر يولىدا كېلىۋاتقان بولۇسكام ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن مېنى كۆرۈپ قېلىپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

— هاي ... هاي ، هىبى ئۇكا !

— بولۇسكاممۇ سەن، — دېدىم ئۇنىڭغا سالامىنىڭ چوڭىنى بېرىپ، — هە، مۇختەركام توغرىسىدىكى لەتىپىلىرىڭ يىغىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— تېخى ئاڭلىمىدىڭما؟ — دېدى بولۇسكام ئاپتوبۇسقا يېقىن



سۇرۇلۇپ، ــ مۇختەر ئەتىگەندە تاماقنىڭ ھەممە تۈرىنى تەييار قىلىۋېلىپ ئاشخانىسىنى «تاللا بازىرى» غا ئۆزگەرتىۋاپتىمىز، [illegible] ھېلىقى كېلەڭسىز قول تېلېفوننى باشقۇرالماي ئاستىدىن كېسىۋېتىپ چاقىرغۇ قىلىۋاپتۇدەك ...

ئاپتوبۇس گۇرۇلدەپ قوزغالدى، بولۇسكام قالدى، ئۇنىڭ قولىنى كانايچە قىلىپ توۋلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ ئاڭلاپ قال ھېبى، مۇختەر كۇنەستىن غۇلجىغا كىرگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بوپتۇ ...

# تۇداخۇن پاكار كىم

ئىلى دەرياسى بويىدىكى راۋاقلىق ئارامگاھلارنىڭ بىرىدە بولغان باراۋەت، ناخشىدىن كېيىن چاقچاق، چاقچاقتىن كېيىن ناخشا. سازەندە، ناخشىچىلارنىڭ قولى بوشىۋېدى، چاقچاق يەنە باشلاندى. تەۋەررۈك، ئاتا يوللۇق چاقچاقچى، خەلق قىزىقچىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېتىلگەن يېڭى بىر ئەۋلاد چاقچاقچىلار سورۇننىڭ گۈلىگە ـ گۈل قېتىپ ئولتۇرماقتا. تۇداخۇن پاكار، ھېبى ئابدۇرېھىم، تاش سېرىق، ياقۇپ مەينەتلەر ... ھېسامكام بولسا سورۇننىڭ تۆرىدە چاقچاقلارنىڭ تۈز ـ تەمىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. تاش سېرىقنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

تاش سېرىق:

— گەپ قىلە تۇداخۇن، ئاڭلىسام سورۇنلاردا تاش سېرىقنى «ئېتىۋەتتىم» دەپ خەققە پو ئېتىپ يۈرۈپسەن. ئوقۇغىنىڭ ئۈچى يەرگە قاراپ تۇرسا، ئاتقىنىڭغا ئادەم ئۆلەمدۇ؟



تۇداخۇن:

— ئاتقاننىڭ گېپىنى قىلما ئاكا، ياخشى ئادەملەر «قاتىللىق» قىلمايدۇ.

تاش سېرىق:

— ئۇنداق بولسا سورۇندا نېمە بار، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ھۆپىلىكىدەك قىلىپ؟

تۇداخۇن:

— ھۆپىلەكنىڭ بولغىنى ياخشى،

مۇگدەپ قالساڭلار قارا بېسىپ قالمايدۇ.

تاش سېرىق:

— بىراق، ئۇنىڭمۇ خەتەرلىك يېرى بار. بايقىمىسا كىچىك بالىلار ئاسانلا يۇتۇۋالىدۇ. ئىچىنى قەۋزىيەت قاپلىۋالسا ئارقىسىدىن ئىسقىرتىپ بېرىشكە ۋاقتىمىز بارمۇ بىزنىڭ.

ھېسامكام:

— ھاي، ھاي يىگىتلەر، تەلەپپۇزغا دىققەت قىلايلى. گەپتە پىستان چىقىپ كەتمىسۇن.

ھېبى:

— ھېسام تاغا، تاش سېرىقمۇ خاتا دېمىدى. نارەسىدىلەرنىڭ پىستان بىلەن نىمە ئىشى بار، ئويناپ ـ ئويناپ زېرىككەندە تاشلىۋېتىدۇ.

ھېسامكام:

— ئوت سىم بىلەن ئويناشما، ھېلى بىكار قولۇڭنى كۆيدۈرۈۋالىسەن.

ھېبى:

— شۇڭا ئۇنىڭ قېشىدا تەرلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەن ـ دە؟

تاش سېرىق:

— تۇداخۇن ئوت سىم ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ھېسامكامغا چۇشۇرۇپ بەرگەن پىلىچىنىڭ كۆمۈرى. دۆت يېرى بولغاچقا مەشكە ئۆزى مېڭىپ كىرىپ كېتىدىغان.

ھېبى:

— تۇداخۇن ئوت سىم ئەمەس، ھېسامكامنىڭ تۇرپانىيۇزىدە ئاچقان مۇنچىسى. ئۇنىڭغا ياقۇپتەكلەر تولا چۇشۇپ مەينەت قىلىۋەتكەچكە بازىرى كاساتلىشىپ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالغان.

تۇداخۇن:

— قويۇپ بەر ھېسام تاغا، شۇ تاپتا ئۇلار مېيىپلار ئىدارىسىغا ئۇقۇشماي كىرىپ قالدى. ئەمدى كىرىشى بار، چىقىشى يوق. ئۆزىچە تېخى تاش سېرىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېلىۋەتتۇق دېيىشىدا، دادىسى

ياساپ قويغان بىغى بولغىيدى، خالغانچە قورۇقتىن كىرىپ ئېلىۋېرىدىغان.

تاش سىرىق:

— باغنىڭ گېپىنى ئاز قىل. جېنىڭ ئاجىز، ئايىغىغا چىقىپ بولغۇچە تۈنجۇقۇپ قالىسەن.

تۇداخۇن:

— ئۇ يېرىدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز سەھرادىن تۇخۇم ئېلىپ كىرمىدۇق، سىلەردەكلەرنى ئۇرۇپ چېقىپ سىرىقىدا تېقىملىرىمىزنى مايلايمىزمىكىن دەپ كىرىشىمىز. ئۆزۈڭنى چاغلىماي پۇت ئېتىپ قالدىڭ، بىلىپ قوي، بىز دېگەن نۇر كابىلى، يەر ئاستىدىن بىرىپ جۆندەيدىغان. باياتىندىن بېرى گەپ قىلمىسام ئىشەك يېمى چاقچاقلىرىڭنى تىلىملاپ ساتقىلى تۇردىڭا، سەندە ساتقۇدەك نېمە قالدى. تىرىك جانىمۇ دەسمى سېلىپ بولدۇڭ، شۇ تاپتا. ئۆزۈڭمۇ شور پېشانە نېمىكەنسەن. چاقچىقىڭ سىرىقتال ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، چىرايىڭغا ئەتىيازنىڭ ئەگىز سۈيى تېپىپ چىقتى، ئىچىم كۆيۈۋاتىدۇ.

تاش سىرىق:

— تۇداخۇن، تۇرمۇش پرىنسىپىدا ئەزەلدىن بالىلار بىلەن ئوينىشالمايتتىم. «تاش» بىلەن «سىرىق» دىن باشقىسىغا بويۇڭلار يەتمەمدۇ نېمە سىلەرنىڭ؟

تۇداخۇن:

— توغرا دەيسەن ئاكا، كوچىلاردا تاش كۆرسەممۇ دەسسەپ ماڭىدىغان قىلىقىم بار. قارىسام ئادەتتىكى تاش ئەمەس، قىرىلار پولۇ يېگەندە چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغان تاشكەنسەن، دەسسىۋېتىپ خاتا قىلمىدىم. مۇنىڭدىن كېيىن تۇداخۇننى كۆرسەڭ ئۆزلۈكۈڭدىن تۇرىدىغان بولۇپ قالىسەن.

تاش سىرىق:

— قورقۇشتىن غەم نېمە، ئېرىقىڭنىڭ تايىنى بولمىسا؟

تۇداخۇن:

— ھەرھالدا بايقا، يامان كىچىككە كىرىپ قالدىڭىز، ئاخىرىغا چىقىپ بولغۇچە تاڭ ئېتىپ كەتمىسۇن.

تاش سىرىق:

— ئۇكا ھوي، تاڭ ئېتىپ كەتكۇدەك قانچىلىك كىچىكىڭ بار ئىدى سىنىڭ، مەيدىمىزدە تۈگىمەس بولغاچقا، تار كوچاڭدا ھازىرغىچە «تۈگىمەس ناخشا»نى توۋلاپ كېلىۋاتقان باللار بىز.

تۇداخۇن:

— گەپ يوغانغۇ تاشكا، ئىت چىغىدا سۆڭەك يېسە ئارقىسى بىلەن كېڭىشىدۇ. تۇداخۇنغا چۈشكەن ئادەم ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ بېقىشى كېرەكتى. پو ئاتقىنىم ئەمەس، سەندەكلەرگە مۈشتىنى پاتقاقتا چىلاپ تۇرۇپ ئاتىمىز، بىلسەڭ. بولمىسا ھەر قايسىڭنىڭ دوختۇر پۇلىنى تارتقۇچىلىكىمىز يوق بىزنىڭ.

تاش سىرىق:

— كۆپچىلىك، تۇداخۇن ساراڭ بوپتۇ بۈگۈن، ئادەمنى قارا - قويۇق چىشلەيدىغان.

تۇداخۇن:

— بىز ساراڭ ئەمەس، كىچىك بالىغا ئەگىشىپ سىرىق تالاشقان ئۆزۈڭ. سەندەك ئادەمگىمۇ توختاپ بېرەمدۇ كىشى، پارچە كۆمۈر باسقان ھارۋا چىغىدا توختىمايدۇ، ساڭا.

ھېسامكام:

— بولدى دېسەم ئۇناشمايسەن، كىچىك بالىدىن گەپ تالاشقانغا تويۇشتۇڭمۇ ئەمدى؟

تاش سىرىق:

— رەھمەت، تۇداخۇن ئۇكا، بۈگۈن چاقچىقىڭنى ئاڭلاپ قانغۇچە كۈلۈۋالدۇق. بۇمۇ غەنىيمەت. تۈكى يوق گەپلەر بىلەن سورۇننى ئاۋارە قىلغان نوچى ئەمەس، كۈلدۈرەلىگەن نوچى. چاقچاقنى قىلغان كىشىلا نوچى ئەمەس، كۆتۈرەلىگەن نوچى.

تۇداخۇن:



www.uyghurkitap.com

— خاپا بولما تاشكا، بىزدەكلەرنىڭ كۆتۈرىدىغان يېرى يەرگە يېقىن بولغاچقا ئۇ تەرىپىنى ئۇقمايدىكەنمىز ...

سورۇنلاردا سائەتلەپ بولۇنغان چاقچاقنى ماقالە قۇرلىرىغا پۈتمىز دېسەك ئۇزۇن ھېكايىگە چۇشۇپ كېتىمىز. شۇڭا بۇ ھەقتىكى خاتىرىلىرىمىزنى مۇمكىن بار قىسقارتىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنى چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئىستىراھەت باغچىسىغا باشلاپ كىرىمىز. قەلىمىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىختىيارى توققۇزتارالىق تۇداخۇن پاكاردا بولىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە ئىلىنىڭ چاقچاقچىلىق سەنئىتىگە تۇداخۇن روزەم ئىسىملىك يېڭى بىر چولپان كىرىپ كەلدى. چاقچاقچىمىزنىڭ بويى بىر گەز، ئويى مىڭ گەز كېلەتتى. كىشىلەر باشتا ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىگە ئانچە دىققەت قىلمىدى. ئۆز ۋاقتىدا سۈرەتكە ئېلىنغان تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمى «ئىلى مەشرىپى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكلىرىدە ئوينالغان «ھەممە ئادەم باراۋەر»، «بالىسىنى يوقلاش»قا ئوخشاش ئىتوت - كۇلدۇرگىلەردە قاملاشتۇرۇپ رولغا چىققاندا، تاماشىبىنلارنىڭ مەيلىنى تارتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىستۇرما كۆرۈنۈشلەردىن بولسا كېرەك دېگەندەك تولىمۇ يەڭگىل، ئۆتكۈنچى تەسىراتلاردا بولۇشتى. ئۆچكىلىك تېغى ئېتىكىدىكى بوستانلىقتىن ھالقىپ چىقىپ، ئاۋامنىڭ كۆزىگە ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىغان شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ياش - قۇرامى يىگىرمىدىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇ ئالتە قېرىنداشنىڭ ئىچىدە تۆتىنچىسى ئىدى. تەقدىر - قىسمەت باشقا قېرىنداشلىرىغا ئايىماي بەرگەن بوينى ئۇنىڭغا كەلگەندە خويمۇ بېخىللىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 42 كىلوگرام بولۇپ، 17 - رازمېرلىق ئاياغ كىيەتتى. ئانىسى، ئاكىسى، ئىككى ھەدىسى، ئىككى ئىنىسىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئادەتتىكىدەك نورمال ئادەملەر تىپىغا كىرەتتى. دادىسىنىڭ بويي - بەستى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئېگىزلىكى بىر مېتىر 90 سانتىمېتىر كېلىدىغان، مۇسكۇللىرى چىڭ، قاۋۇل،

تەمبەل دېھقان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا دۆلەت دەرىجىلىك ئالىبول چۆلىنى مالىك تاھىرلار بىلەن بىللە رايون ئاتلاپ، توپ ئۇرۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن يەرلىرىمۇ بار ئىدى. خەيرسىيەت چاقچاقچىمىزنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، گەپنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ كېلىمىز.

تۇداخۇنىنىڭ ھەيیار، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتسام ئۇنىڭ يا ئاتا ياكى ئانا تەرەپ جەمەتىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈپمۇ يۇمۇرىستىك ئىرسىيەتكە ياتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ يۇقۇندىسىنى تاپالمايمىز. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان دادىسى ئۆزىنىڭ تەنھا دۇنياسىدا ياشاشقا ئادەتلەنگەن ياۋاش، كەم سۆز، ئىچ مىجەز كىشىلەردىن ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئائىلىۋى مۇھىتتا تۇداخۇندەك ئاغزىدا قىلىچى بار چاقچاقچىنىڭ چىقىپ قېلىشى كىشىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ.

بىزدىكى رىزىق ـ نېسىۋە ئۇقۇمى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭغا جۇملە بۆلەكلىرىنىڭ پېئىل قىسمىغا تەۋە «ئەمگەك» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ھەزىم قىلىغان چېغىمىزدا، روشەن ئىلمىي ھەقىقەتكە ئېرىشىمىز. ئىگىسى كۈچلۈكلەرگە ئايىماي بەرگەن رىزقىنى نۆۋىتىدە ئاجىز، مېيىپلارغىمۇ ئوخشاشلا كەم قىلمىغان. ئالايلى: «ئىلى بۇلبۇلى» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەرھۇم خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىرنى ئاۋازدىن، مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربانىنى زوۋاندىن ئېيتىپ قويغانلىقىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشىمىز مۇمكىن. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا توققۇزتارالىق تۇداخۇن پاكار ھېسام قۇرباندىن قالسىلا «رىزىق ـ نېسىۋىسى» زوۋاندىن پۈتۈلۈپ قالغانلارنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق ئېيتالايمىزكى، تۇداخۇندىكى زېرەكلىك بىلەن ئۇنىڭ تۇيغۇ ئالىمىدىكى پەۋقۇلئاددە تۇغما ئىنكاس بۇ يەردىكى ئەۋزەل مەنىۋى مۇھىت بىلەن ئۇچراشقاندا يانغىن ھاسىل بولۇپ، چاقچاقچىلىق سەنئىتىمىزدىكى بۈگۈنكى تۇداخۇننى تۇغۇپ بەرگەن. ئۇ ھېسام قۇرباننىڭ نەزىرىدە تەبىئىيكى بىر يۇقىرى بېسىملىق ئوت سىم ئىدى. بۇ ئوت سىمنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بويى بىلەن يېشىدىن، شۇنداقلا ئائىلىلىق قان سىستېمىسىغا تەۋە تەپەككۇر قاتلىمىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. چاقچاقچىلىق ئەخلاقى، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان تەمكىن قىياپىتى، تىلىدىكى ئاجايىپ ئوبراز ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سالا ـ سۇپەت ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇ خىل سۇپەتنىڭ ئالامەتلىرى بالىلىق چاغلىرىدىلا مەلۇم بولۇشقا باشلىغانىدى.

— تۇداخۇن، سەن جاۋاب بەرگىنە، سۇرەتتىكى «ئېر» بىلەن مەخرەجدىكى «ئېر» قىسقىراپ كەتسە نېمە قالىدۇ؟

ئوقۇتقۇچىسى قېيۇم مۇئەللىمنىڭ فىزىكا دەرسىدە سورىغان سوئالى ئۇنىڭ شەيتىنىنى غىدىقلاپ قويىدى. فىزىكىدىكى «ئېر» ئۇقۇمى ئاساسەن قارشىلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۇ مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا قارشىلىقتا ماڭاتتى. ئۇ شۇنىڭ لايىقىدا جاۋاب بەردى:

— مۇئەللىم، «ئېر» بىلەن «ئېر» قىسقىراپ كەتسە، بالا ـ چاقا يېتىم قالىدۇ.

گېئومېترىيە مۇئەللىمى سوراتتى:

— تۇداخۇن، ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى قانچە بولىدۇ؟

— بىر يۈز سەكسەن گرادۇس.

— ئۇنىڭدىن چوڭ بولمامدۇ؟

— چوڭ بولسا، — دەپ جاۋاب بېرەتتى تۇداخۇن، — ئۈچبۇلۇڭ ئېتىلىپ كېتىدۇ.

— تۇداخۇن، چوڭ بولساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ساقچى بولۇپ تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرگە قارايمەن.

— ئۇلار خەتەرلىك ئادەملەر، سەن باشقۇرۇپ بولالمايسەن.

— باشقۇرۇشۇمغا بوي سۇنمىسا، كۆتىگە تېپىپ تۈرمىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىمەن.

بىر قىسىم بۆۋەك، نادان ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى كەمسىتىپ بوزەك قىلىپ ئوينايتتى. لېكىن، ئۇ گەپ ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. بىر قېتىم بىر ساۋاقدىشى ئۆزىنىڭ شادا پۇتلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئويناپ، زادىلا

ئارامىدا قويمىدى. سىنىپقا كىرگەندە بۇ ئىشنى بىز ساۋاقداشلىرى سىنىپ مۇدىرىغا مەلۇم قىلىپ قويدى. سىنىپ مۇدىرنىڭ [illegible] ئۆرلەپ، تۇداخۇندىن سورىدى:

— بۇ گەپ راستمۇ؟

— يالغان، — دەپ جاۋاب بەردى تۇداخۇن، — ئەگەر ئۇ بېشىمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلىگۈدەك بولسا تەنتەربىيە دەرسىدە نېئوت قالمايتتى، مۇئەللىم.

تۇداخۇنغا ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىدىن تارتىپ مەھەللە ـ كوچىدىكىلەر، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، بوۋاي ـ مومايلارغىچە بۆلەكچە ئامراق ئىدى. ئۇنى ئۇچراتقان، كۆرگەن يەردە تۇتۇۋالاتتى. ئەتەي گەپكە سېلىپ، پارىڭىنى ئاڭلايتتى.

— روزەمكامنىڭ مۇشۇ پەتەك بالىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى خويمۇ پۇتۇنغۇ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، — دەپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى چېھرى ئاتەش ئانىلار.

— تۆت ئېغىز گېپىنى ئوڭلاپ قىلالمىغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن مۇنۇ بىزنىڭ تۇداخۇندەك بولسا، — دېيىشىپ ماختىنىشاتتى پالۋان سۈپەت ئاتىلار.

ھەممىدىن ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرى ئۇنىڭغا بەكرەك ئامراقلىق قىلاتتى. دەرس مەزمۇنىغا باغلاپ، قانداقتۇر سوئاللارنى سورىغان بولۇپ ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئىنكاسىنى سىنايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ ھودۇقماي، تەمتىرىمەي، ئۆزىنى خاتىرجەم، تەمكىن تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سوئالىغا تېز، جايىدا، كۈلكىلىك جاۋاب بېرەتتى. ماختاشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئومۇمىي پەنلەر بويىچە دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەچكە ئىزچىل ئەلىيۇلئەلالىقنى قولدىن بەرمىدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا 335 نومۇر ئالدى. بۇنى بوش نەتىجە دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىن تۆۋەن نومۇر ئالغان بالىلارنىڭ چاقىرىق قەغىزى كېلىپ قايسىبىر ئالىي مەكتەپلەرگە ئۇچۇپ كەتتى.

بىراق ...

شۇ چاغلاردىكى مېيىپلار ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىنى كۆرەلمەيدىغان قاتمال مائارىپ تۈزۈمىمىز ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات ئۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنى ئاجىز، كەمسىتىلىش نەزىرىدە دەڭسەپ ئازابلىنىپ يۈرگەن چاقچاقچىمىزغا بۇ ئىش يەنە بىر چوڭ زەربە بولدى. ئۇنىڭ شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردىكى ئازابى ۋە ھېسسىياتىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئۇ تەنھا، تولىمۇ تەنھا قالغانىدى. ئازابلارنىڭ چېكى بارمىدۇر؟ ئۇ بار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پىنھانلاردا ياش تۆكتى.

«ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى.»

ئۇ بۇ ماقالىنى نەلەردە يۇرۇپ ئاڭلىۋالغان بولغىيتتى؟ ! بۇ ماقال ئۇنىڭغا بەكلا ياقاتتى. ئۇنىڭدا نۇرغۇن مەنە، ھېكمەت بار ئىدى. ھازىرچە ئۇنىڭدىكى ھايات ھېكمەتلىرىنىڭ تەكتىگە يېتەلمىسىمۇ، ئەمما كۆز يېشىنىڭ ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. كۈلۈش كېرەككەنغۇ ئاخىر. كۈلۈپ تۇرۇپ ياشاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەتكەن. روھىڭنىڭ بوش قالغان كامارلىرىنى ئاشۇ سەنئەت بىلەن تولدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپالىساڭ تەنھالىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن. كېلەچەككە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن باقالايسەن، بىر ئەسەبىي تۇيغۇ ئۇنىڭ روھىي ئالىمىدە چۇقان سالاتتى: «بازار بارلىكى يەردە تەنھالىق يوق». ①

ھېسداشلىق، تۇداخۇنغا بىراۋلارنىڭ ھېسداشلىقىنىڭ لازىمى يوق ئىدى. كىچىكىدىن ئىنتىلىپ كەلگەن بىر سۆيۈملۈك بازار ئۇنى ئۆز قوينىغا چىللاپ تۇراتتى. پەقەت مۇشۇ بازارلا ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالايتتى. ئۇ چاغلاردا تۇداخۇننىڭ چاقچاقچىلىقتا ئاز - تولا نام - ئاتىقى چىقىپ قالغان چاغلار بولۇپ، رايون ئاتلاپ ئېلىنىڭ كۈلكە - چاقچاقتا تويۇنغان مۇناسىپ سورۇنلىرىدا ئۆزىنى سىناپ بېقىش پۇرسىتى بولمىغان بولسىمۇ ناھىيە بازىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە -

---

① فرېدرىخ نىچىشې — گېرمانىيە پەيلاسوپى.

كويلاردا پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان چاي، بولكا، تۇرۇش، تۇي - تۆكۈنلەرگە قاتنىشىپ، سورۇن ئەھلىنى شادىيانە كۈلكە - قىيقاسلىرى بولۇپ يۇرەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بازار مانا شۇ بازار ئىدى. تۇداخۇن ئىمتىھاندىن ئۆتكىلى ئېلىپ كەلگەن ئازاب، خورلۇق، ئۈمىدسىزلىك يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاچچىق - ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى كۆكسىنىڭ پىنھان چوڭقۇر يەرلىرىگە ئەبەدىي دەپنە قىلىۋېتىپ، ئۆزىنى ئەركىن ۋە مەغرۇر تۇتۇپ، كۈلكىسى كەم قالمايدىغان ئاشۇ جانىجان «بازار»نىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولۇپ يۈرىۋەردى. ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكى تۇداخۇنغا — سورۇنلارغا سىغدىلىپ كىرىپ ھەۋەس بىلەن تاماشا كۆرىدىغان، چوڭلارنىڭ قۇچىقىدا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ پاراڭ تىڭشايدىغان، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى ھەرقانچە دېگۈسى كەلسىمۇ يەنە بىر يەرلىرىدە قورۇنۇپ ئىچىگە يۇتۇۋېتىدىغان بالا تۇداخۇنغا زادىلا ئوخشاشمايتتى. ئۇمۇ مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىل گۈلىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. جەمئىيەتتە قويۇق - سۇيۇق بىلەن ئارىلىشىپ، كۆپنى كۆرۈپ، كۆپنى چۈشەنگەنسېرى تۇرمۇش مەزمۇنى بېيىپ، ئېغىز تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. جەمئىيەتنىڭ، ئادەملەرنىڭ قوينى كەڭ، باغرى ئىللىق كېلىدىكەن. تۇزۇم ئۇنى يەكلىۋېدى، ئادەملەر قوينىغا ئېلىۋالدى. بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. تۇداخۇن شۇنىڭدىن بېرى تۈزۈمگە ئەمەس ئادەملەرگە مۇھەببەت قويىدىغان، مۇھەببەتلىك ئادەملەر، مۇھەببەتلىك ئىجتىمائىي توپنىڭ كۈلكىسى، خۇشاللىقى، كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ سايراپ تالمايدىغان بولدى.

ماقالىمىزنىڭ باشلىنىش قىسمىدا ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكىنىمىزدەك شۇ ئارىدا تۇداخۇنغا كۈتمىگەن يەردىن ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقتىكى تەبىئىي ئىقتىدارىنى سەھنە ۋە ئېكراندا سىناپ بېقىشنىڭ بىر قېتىملىق پۇرسىتى چىقىپ قالدى. بۇ پۇرسەت 1990 - يىلى سۈرەتكە ئېلىنغان بەدىئىي فىلىم «ئىلى مەشرىپى» ئىدى. فىلىمدە ئۇ كۈلدۈرگە نومۇرى «كىم ئېگىز»نى ئويناپ چىقىش بىلەن چەكلىنىپ قالغان

بولسىمۇ، شۇ قېتىملىق ئېكران سەپىرىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تولىمۇ چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە تېخى تولۇق ئېلىنىپ بولمىغان توققۇزتارالىق بۇ ناتونۇش چاقچاقچى ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى باھارىدا ئۆچكىلىك تېغى ئېتىكىدىن ھالقىپ چىقىپ، كۆلكە ـ چاقچاققا تولغان ھايات سەپىرىنى باشلىۋەتتى. تۇداخۇندىكى تويۇنغان يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتنى كۆرۈپ، جايلاردىكى كەسپىي ۋە خۇسۇسىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى. ئۇنى بەس ـ بەستە تەكلىپ قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش مەركىزى، «تەڭرىتاغ» ۋە «ناۋا» ئانسامبىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ھاياتنىڭ ئوخشاشمىغان سىناقلىرىدا ئۆزىنى سىناپ بېقىشقا قىزىقىدىغان چاقچاقچىمىز ئاشۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كىشى كۆڭلىنى خۇشالمۇ، غەشمۇ قىلىپ ئۆلگۈرىدىغان قازانلىرىدا بىر قېتىمدىن قايناپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى شەھەر ـ بازار، يېزا ـ قىشلاقلاردا يۇرۇپ 400 مەيداندىن ئارتۇق ئويۇن كۆرسەتتى. ئەڭ يېڭى ئېپىزوت، كۆلدۈرگە، چاقچاقلىرىنى سەھنىلەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرىغا ئايىماي سۇندى. ئالقىشلارغا، چاۋاكلارغا، دەستە ـ دەستە گۈللەرگە ئورالدى. ئۇنىڭ قۇشقاچ مېڭىشىدىكى مۇبارەك ئىزلىرى ئىلى دەرياسى بويلىرىدىن تارتىپ تۇرپان، جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرى، تەكلىماكان قىرغاقلىرى، يىراق شەرقىي دېڭىز بويلىرىغىچە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ نامى ھېسام قۇرباندىن قالسىلا ئىلىنىڭ چاقچاقچىلىق سەنئىتىدىكى قىزىق، جەلپكار نۇقتىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «قىزىق نۇقتا»نىڭ ئىخلاسمەنلىرى تەبىئىيكى كۆپ بولىدۇ. بۇنى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: چاقچاقچىمىزنىڭ ئۆزىنىلا ئالساق ئۇنى كۆرۈشكە، پارىڭىنى، چاقچىقىنى ئاڭلاشقا قىزىقىدىغانلار، غايىۋانە ئاشىق بولغانلار ... دېگەندەك. بۇ يەردە مۇھەببەتنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. گېپى بولغانىكەن، چاقچاقچىمىزنىڭ

خۇسۇسي تۇرمۇشغا مۇناسىۋەتلىك سۆيگۈ ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمىزنى ماقالىمىزدا يانداپ ئۆتۈپ كېتىمىز.

ھەئە، ئىلگىرى تۇداخۇن ئۆزىنىڭ ئاجىز، مېيىپ تۇرقىدىن خۇدۇكسىرەپ ئۆمۈر بويى تەنھا، نامۇ نىشانسىز ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ دېگەندەك بىمەنە خىياللارنى تولا قىلاتتى. ئەقەللىيسى بىرەر قىزغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشتىن، توي تەكلىپى بېرىشتىن قورقاتتى. رېئاللىق دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە چىقىپ قالدى. ئۇ قىزلارغا ئەمەس، قىزلار ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. ياشلىق — مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ئادەمنى تەلۋە، ساراڭ قىلىپ قويىدۇ. كۆزىگە قان تولىدۇ. يۈرىكى ئىشق سەۋداسىدىن ئۆرتىنىدۇ. ھەرقانداق خەتەر، تەۋەككۇلچىلىكتىن يانمايدىغان قىلىۋېتىدۇ. يىگىت تەرەپ قانداقتۇر ئامىللار سەۋەبىدىن پاسسىپ ئورۇندا تۇرغان ئايرىم ئەھۋالدا ئېنىقكى قىز تەرەپ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈۋالىدۇ. تۇداخۇن — بىزنىڭ ئۇرۇقچا باتۇرىمىز تاق شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئۇ «ناۋا» ئانسامبىلى تەركىبىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئويۇن قويغىلى چۈشۈپ، ئاقسۇنىڭ «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىدا كۇلدۇرگە نومۇرى ئورۇنداۋاتقان چېغىدا، قولىدا گۈل تۇتقان زىلۋا، ئوماققىنە كەلگەن بىر قىز سەھنىگە چىقىپ، ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلدى. قولىنى ئوتتەك قوللىرى بىلەن سىقىپ، سول كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ قويۇپ، سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى. سول كۆزىنىڭ قىسىلىشى «يېشىل چىراغ»نىڭ يېقىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭغا گۈلنى قوشۇپ مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا ساپ، سەمىمىي بىر مۇھەببەتنىڭ يېلىنجىغان چاغدىكى ھاراراتىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، ئەتىسى قىز ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. پاراڭ ئارىلىقىدا كۆڭلىنى ئوچۇقلا بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بۇ ئىشتىن تولىمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان تۇداخۇن قىزنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئېھتىمال ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇر. بۇ ئىش «يېپىق قازان يېپىق

پېتى قالغان» بولسىمۇ ئۇرۇمچىدە يەنە شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدى. تۇداخۇن ئوخشاشلا رەت قىلدى. بۇ يەردە نېمە ئۇچۇن دېگەن سوئالغا جاۋاب كەتمەيدۇ. سۆيۈنۈش باشقا گەپ، سۆيۈش باشقا گەپ. ئىككى يۈرەكنىڭ ئۆزئارا زەرەتلىشىدىن ئاپىرىدە بولغان مۇھەببەت يەنە باشقا گەپ. چاقچاقچىمىزنىڭ كۇتىدىغىنى شۇ خىلدىكى سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش بولۇپ، ئۇنىڭ تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان ئادىمى ئۈچكىلىك ئېتىكىدىكى بوستانلىق مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە قالغانىدى. بۇگۈنكى كۈندە بۇرادەرلىرى چاقچاق ئارىلاش «قارا خوتۇن» دەپ ئاتاپ قويىدىغان، ئۆزىمۇ شۇنداق ئاتاشقا كۆنۈپ قالغان، كۆزىدىن كۈلكە، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان زىلۋا، قاملاشقان، قارا قۇمچاق كەلگەن باھارگۈل ئىسمىلىك بۇ قىزنىڭ تۇرقى، مىجەزى باھارغا، باھاردا ئېچىلغان گۈلگىلا ئوخشايتتى. ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەلپۈنۈپ، ئىچىكىشىپ يۈرگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانىدى. تۇداخۇن مۇنداق ئەھۋالدا ئىككىنچى بىر ئايال زاتىنى كۆڭۈل خانىسىگە چىللاپ كىرىشنى خالىمايتتى. خەيرىيەت، «رىزىق غايىب، نىكاھ غايىب» دەپ، 1996 ـ يىلىنىڭ تالقان تۆكتى پەسلىدە ئۇلارنىڭ «بېشى باش، ئايىغى تاش» بولدى. ھازىر گۈلدىيار، نىھالە ئىسىملىك ئوماققىنە ئىككى قىزنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدى. قىزلىرىنىڭ بويىمۇ، ئويىمۇ دادىسىنى تارتقان بولۇپ، كىشىنىڭ تولىمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ. كىچىك قىزى بازارلىق «چولپان» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يەسلى سىنىپىدا، چوڭ قىزى شۇ مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. گۈلدىيارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

— 18 يېشىمدىن باشلاپ رەسمىي سورۇن كۆرۈۋېدىم. بۇ يىل (2007 ـ يىلى) 38 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدىم. ئويلاپ باقسام، نورمال ياشىغان ئادەمنىڭ 80 يىللىق كۈلكىسىنى كۈلۈپ بوپتىمەن. چاقچاقتىن تېپىۋالغان، ئېرىشكەن نەرسىلىرىم ئاز ئەمەسكەن. مەسىلەن: ئۆزۈمنى، كېلەچىكىمنى، بارلىقىمنى دېگەندەك، — دېدى ئۇ.

مېنىڭچە، ئۇ كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلدى. ھايات، كىشىلىك

تۇرمۇشتا باشقا تەرەپتىن چىقىش يولى تېپىش مۇمكىنچىلىكى يوقنىڭ ئورنىدا تۇرغان تۇداخۇندەك بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا رېئاللىق نىسۋىسىنىڭ چاقچاق سەنئىتىگە باغلىنىپ قېلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق كۆپىنىڭ ھۆرمىتى، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىشى ئۇنىڭغا كەلگەن ئاپەت ئىدى. ئۇنىڭ ۋارىس چاقچاقچىلار ئىچىدە چاقچاق مەدەنىيىتىگە تۇتقان ئەقىدە - ئېتىقادىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا كۈچلۈكلۈكىگە قىل سىغمايتتى. ئۇ چاقچاقنى ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيەتتى. چاقچاق دېگەن زادى قانداق بولىدۇ؟ چاقچاقچىلىق ئىستىلى، سورۇن ئەخلاقى، تەرتىپ، ئىنتىزام، كەيپىيات، ئوبراز، تىل ئېلىش، ئىشلىتىش، كىمگە، قايسى يوسۇندا، قانداق چاقچاق قىلىشقىچە بولغان نازۇك، ئىنچىكە نۇقتىلارغىچە ھەممە - ھەممىسى قېشىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۈنىدە سىرت بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئېلىپ بارغان ئايرىم سۆھبىتىمىزنىڭ سىرتىدا قالمىدى. «قارا خوتۇن» تىۋىش چىقارماي كىرىپ، سوۋۇپ قالغان چايلىرىمىزنى پات - پات يەڭگۈشلەپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى.

— ئويلاپ باقماسەن، — دەيتتى تۇداخۇن، — باشقىلار ناتونۇش بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ، خۇدۇكسىرەپ تۇزۇككىنە گەپ قىلالمايدۇ. بىز بولساق يۈزلىگەن، مىڭلىغان كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ چىقىشقا كېپىللىك قىلىمىز. كۈلكە دېگەن قانداق يەردىن چىقىدۇ؟ بىزمۇ شۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنى تىزىپ سۆزلەيمىزغۇ، چاقچاقنى يادلاپ بەرگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، يادلاپ بەرگەن ئۇقەتنىڭ ئۆزىمۇ چاقچاق ھېسابلانمايدۇ. ئۇ زېمىنىنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئابىچەشمىگە ئوخشايدۇ. ساپ، تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ تەنگە بېرىدىغان ھوزۇرى بىلەن يۈرەككە بېرىدىغان تەسىرىمۇ باشقىچە بولىدۇ. ھەقىقىي چاقچاق ئۆزگىچە شەكىل، چوڭقۇر پىكىر، گۈزەللىككە تويۇنغان مەنە، كۈلكىگە تويۇنغان يۇمۇرىستىك تەركىبلەرنىڭ گارمونىيىلىك بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. چاقچاقنى بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم قىلىپ، مىڭلىغان ئادەم تىڭشايدىغان، ھوزۇر ئالىدىغان نەرسە. شۇڭا

مۇمكىن بار ئۆزۈڭنىڭ گېپىگە ئۆزۈڭ كۈلمەسلىكىڭ كېرەك. كۈلسەڭ، بىرىنچىدىن، خەقنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ قويىسەن، ئىككىنچىدىن، ئاڭلىغۇچىلارغا بىزارلىق تۇيغۇسى بېرىپ قويىسەن. ئۈچىنچىدىن، سەن دېگەن گەپ ئۈنچىۋالا قىزىق چىقمىسا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشىسەن. ساڭا ئەڭ ياخشىسى كۆپچىلىك باھا بەرسۇن، چاۋاكىنىمۇ شۇلار چالسۇن.

— تەمكىنلىكنىڭ كەيپىياتنى تەڭشەشتىكى رولىغا قانداق قارايسەن؟ دېمەكچى، بەزى چاقچاقچىلار سورۇنغا كىرە - كىرمەي گەپ قىلىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ - يۇ، ئاخىرىغا بارغاندا «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» بولۇپ قالىدۇ.

— سالاپەتنى بىخەتەرلىك كىملىكىگە ئوخشىتىمەن. سەن ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۈپەت بىلەن سورۇنغا كىرىپ كەلسەڭ ياكى كىرىپلا تاماشىبىنلار بىلەن ئاداش - ئاداش بولۇۋالساڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ. چۈنكى، سورۇن دېگەنگە قىسما - قىسما ئادەملەر كېلىدۇ. سۈرى ھەيۋەت ئەمەلدارلار، تەكەببۇر بايۋەچچىلەردىن تەپ تارتمىغان ئادەملەر چاقچاقچىلاردىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدۇ. سەن قويۇپ ئۇلار بىلەن «تۆگە - تۆگىلەڭ» بولۇۋالساڭ، ئۇلار سەن بىلەن تەڭ دەرىجىگە كېلىۋالىدۇ. ئوخشاش دەرىجىلىكلەرنىڭ بىر - بىرىنى باشقۇرمىقى، بىر- بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىقى تەسكە چۈشىدۇ. سورۇندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەمەن، قىيقاس چىقىرىپ كۈلكە قوزغايمەن دەيدىكەنسەن، تولۇق تەييارلىق بىلەن كېلىشىڭ، تەمكىن، سالماق بولۇشۇڭ، ئەڭ سەزگۈر نۇقتىدىكى «ھەربىي ھالەت»تە تۇرۇشۇڭ كېرەك. يەنە بىر گەپ، سورۇن دېگەندە ئوخشاشمىغان قاتلام، ئوخشاشمىغان تەبىقىنىڭ ئادەملىرى ئۇچرايدۇ. سەن مەيلى قايسى خىلدىكى كىشىگە چاقچاق قىل، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە شۇ تەبىقىنىڭ ئادىمىگە ئايلىنالىساڭ بولىدۇ. ئۆگزىدە مەڭگەن - سامىنى بار دېھقانغا قويۇپ ئېلېكترون - ئۇچۇر دەۋرىنىڭ، كومپيۇتېردىكى تورنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەڭ چۈشەنمەيدۇ - دە، مېنىڭ بىر ياخشى ئادىتىم سورۇندا قانچىلىك

ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېسىمگە بىر ئېلىۋالغان ئادەمنى ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ قالمايمەن. چاقچاق نۆۋىتى شۇ كىشىگە كېلىپ بولغۇچە كەسپى، تەقى ـ تۇرقىدىن كىملىكىگە دىئاگنوز قويۇپ، كۆڭلۈمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ تونلارنى پىچىپ بولىمەن.

ـــ ئاڭلىسام، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ چاي ئولتۇرۇشىدا بىر كىشىنىڭ كىملىكىنى ئۆزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپسەن، بۇ راستمۇ؟

ـــ توغرا، شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا شۇنداق بولغان. يىغىنغا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار، ئۈرۈمچىدە كاتتا ھوقۇق تۇتۇۋاتقان ئەمەلدارلاردىن بولۇپ نۇرغۇن ئادەم قاتناشقان. يىغىنىنىڭ چاي زىياپىتىدە چاقچاق قىزىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭمۇ خۇرۇچى تۈتۈپ قالغانىكەن. چاقچاقنى بولۇشىغا قىلدىم. بىر چاغدا چاقچاق قىلىپ كېتىۋېتىپ تاماق شىرەلىرىنىڭ بىرىدە ياش بىر شائىرغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئىلگىرى شېئىرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، ئۆزىنى تۇنجى كۆرۈشۈم ئىدى. بىچارىنىڭ چىرايى سولغۇن، ئۇستىۋىشى رەتسىز، كەيپىياتىمۇ تازا نورمال ئەمەس ئىدى. كۆزلىرىدىن مۇڭ، قانداقتۇر كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر خىل مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى مەن تەسەۋۋۇر قىلغان شائىرنىڭ كەيپىياتىنى ئۇچرىتالمىدىم. خىيالىمدا شۇنداق ئويلاپ قالدىم. شائىرنىڭ سالاھىيىتى ئېنىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۈرۈمچىدەك كاتتا شەھەرگە، كاتتا شائىرنىڭ كاتتا يىغىنىغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كەلدى. شۇنداق بولغانىكەن، ھېچبولمىسا ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەپ رەتلىك، چىرايلىق، روھلۇق كېلىشى كېرەك ئىدى. بىزدە «ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ، يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دېگەن تەمسىل بار. خوتۇنى بولۇمسىز، چېچىلاڭغۇ بولمىسا، ئەقىللىق،چېچەن ئاياللاردىن بولغان بولسا، ئەر كىشىنى مۇنچىۋالا تاشلىۋەتمەيتتى. دېمەك، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا چوقۇم مەسىلە بار دېگەن يەرگە كەلدىم. ئۇنداق يەردە تىلىڭنىڭ ئۇچىغا

كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتكىلى بولمايدىكەن. چاقچاقنى تاق شۇ «مەسىلە بار» يەردىن تۇتۇۋېلىپ باشلىدىم. زال ئىچىدىن قىيقاس چىقىپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام خۇددى چاقچاقتا دېيىلگىنىدەك تۇرمۇشتا ئۇنىڭ تەلىيى كەلمىگەنىكەن. مانا شۇنداق شائىر ئاغىنىمىزمۇ تۇداخۇنىنىڭ قولىدا «جان بەرگەن».

— بەزىدە سىلەرنى تومۇر تۇتۇپ دورا بېرىدىغان ئۇستا تېۋىپقا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. دورا بېرىشتە ئىلمىيلىك بىلەن سەزگۈرلۈكنىڭ رولىغا قانداق قارايسەن؟

— چاقچاق ئالدى بىلەن بىر مەدەنىيەت. مەدەنىيەتكە ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلمىغاندا شۈبھىسىزكى ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ قويغان بولىمىز. چاقچاقتا باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش مەقسەت ئەمەس، ئۇنى بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ، ئۆچ ئېلىش، قورساق كۆپۈكى چىقىرىۋېلىشنىڭ، مەمەدانلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالساق تېخىمۇ بولمايدۇ. زۇكام بىلەن باش ئاغرىقىغا قانداق دورا بېرىلىدۇ؟ بىز دەۋاتقان چاقچاقمۇ شۇ يوسۇندا داۋام قىلىشى كېرەك. ئالايلى، ئارىمىزدا شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر باركى سورۇنلارغا مىڭ كويلۇق ئۇستۇۋاش بىلەن كىرىپ، ئوتتۇز كوي بىلەن چىقىپ كېتىدىغان. چاقچاق شۇنداقلارغا توغرا كېلىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىش مېنىڭچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا: «سەن شۇ ھالىتىڭدە ئادەملەر بىلەن تېلېۋىزوردا چىقماي (ئادەم ۋە تەبىئەت)تە چىقىپ بەرسەڭ بولىدىكەن» دېيىمىز، تۇگەيدۇ. يەنە مەسىلەن: بەزىلەر سورۇنلاردا مەمەدانلىق قىلىپ گەپ بەرمەيدۇ. ئۆزىچە قىزىقچىلىق قىلدىم دەپ كەيپىياتنى بۇزىدۇ، كىشىنى بىزار قىلىدۇ، مەسىلىھەتكە كۆنمەيدۇ. سۆپەتتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئۇنى قوپۇپ ئوچۇقتىن - ئوچۇقلا ساراڭغا چىقىرىۋېتىشنىڭ ئورنى يوق. مۇنداق چاغدا ئۇنداقلارغا 4 - دوختۇرخانىنىڭ[1] ئەتراپىدىكى دورىلارنى

① 4 - دوختۇرخانا — نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىشلىتىمىز ـ دە، ئاسانلا «ساقايتىۋالىمىز».

«ساقايتىۋالىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قانداقتۇر [illegible] يادىمغا يېتىپ قالدى. مۇشۇ چاقچاقچىلىق دېگەندە ھەممىشە كۆلكە، خۇشاللىق ئىچىدە يۈرمەن دېگىلى بولمايدىكەن. ئىنسان تەبىئىتى ئىسسىق ۋە سوغۇق مىزاجلاردىن تەركىب تاپقاچقىمۇ كۆپ قىسىم كىشىلەرگە ئىسسىق، ھېچبولمىسا مۆتىدىل كېلىدىغان كۈلكە ـ چاقچاق ئاز ساندىكى سەپرا مىزاج كىشىلەرنىڭ سوغۇقىنى ئاشۇرۇپمۇ قويىدىكەن. مۇنداق ئەھۋالدا كۆڭۈلسىزلىك ۋە بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولۇش تەسكەنغۇ. بىزنىڭ تۇداخۇن ھازىرچە بۇ خىلدىكى ئەھۋاللارغا يولۇقمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا شۇنىڭغا يېتىپ ـ قوپا ئىككى ئىش ئۈمۈر خاتىرىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە تىركىلىپ قالدى. بۇنىڭ بىرى غۇلجا شەھىرىدە، يەنە بىرى شاڭخەينىڭ زاپولو رايونىدا يۈز بەرگەن.

تۇداخۇن غۇلجا شەھىرىدە بولغان بىر چايدا«ساراڭ» لەقەملىك بىر يىگىتنى لەقىمىگە يۆلەپ تۇرۇپ تاق يېرىم سائەت ئوخشاتتى. قەستەن ئەمەس، چاقچاق شۇنداق توغرا كېلىپ قالغانىدى. سورۇن تارقىغاندا ھېلىقى يىگىت تۇداخۇننىڭ ئالدىنى تورىۋالدى.

— بىلىمەن، — دەپ دىمىغىنى قاقتى ئۇ، — سەن كاساپەتنى ئۇرغىلى بولمىغان، يا تىللاپ تەڭ كەلگىلى، بايىقى قىلغان ئەلىمىڭ ئۈچۈن شۇنىڭ لايىقىدا جازايىڭنى تارتىشىڭ كېرەك.

كۆرۈڭ تاماشىنى. ئەمدى ئوخشاتتىغۇ، يىگىت تۇداخۇننىڭ ئايغىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئايغىنى كىيگۈزدى ـ دە، ئۇنىڭغا شۇ يەرگە يىغىن ئىگىز بىنانىڭ 4 ـ قەۋىتىگە چىقىپ ـ چۈشۈش جازاسىنى بەردى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياخشى گەپ يىگىتكە كار قىلمايتتى. تۇداخۇننىڭ بېشىنى غەم باستى. ماڭلىيىغا تەر تەپتى. 4 ـ قەۋەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاشاردىن ئېغىر زۇلۇم، ئايىغىغا يەتكىلى بولمايدىغان تولىمۇ ئۇزۇن بىر مەنزىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغىنى 44 ـ رازمېرلىق ئاياغ بولۇپ، تۇداخۇننىڭ قىسقا، دىقماق

پۇتلىرى بۇ غايەت زور «ئېيىق ئۆڭكۈرى»نىڭ ئىچىگە ساغرىسىغىچە قوشۇلۇپ كىرىپ كېتەتتى. ئامال قانچە. بىزنىڭ ئۇرۇقچا باتۇرىمىز ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ جازاسىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ھەر بىر قەدەم ئالغاندا جازا ئايىغىنىڭ كەينى تەرىپى ئۇنىڭ سۆڭگۈچىگە تارتىلىپ ئۇرۇلۇپ تازىمۇ بىئارام قىلاتتى. بىرقەدەم، ئىككى قەدەم، ئۈچ قەدەم ... تۇداخۇن بىناغا چىقىپ- چۈشكۈچە غۇنچىنىنىڭ ئازابىنى كۆردى. قىزىق يېرى، ئۇ بۇ مۇساپىنى ئارتۇق ئەمەس، كەممۇ ئەمەس نەق يېرىم سائەتتە بېسىپ بولدى. بىر قاقڤا بىر قاق، يېرىم سائەتكە يېرىم سائەت. قارشى تەرەپنىڭ چاقچاقچىمىزدىن «ئۈچ ئېلىشى» شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولدى. بىر مەيدان كومېدىيىلىك تۈس ئالغان ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، يىگىت تۇداخۇننى دەريا بويىغا ئېلىپ چۈشۈپ، يېتىپ - ئاشقۇچە مېھمان قىلدى. ئۇ كىشىلەر قەلبىگە كۈلكە، خۇشاللىق بېغىشلايدىغانلا ئىش بولسا ھەرقانداق ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ باقمىدى. ئادەتتە ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان شەپەرەڭگە ئوخشاپ قالغان. «تۇر - تۇردىن خەۋەر كەلسە، ئۇيقۇدا لەززەت يوق» دەپ، قاش قارىيىشى بىلەن تەڭ كىملەردۇر ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولاتتى. نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. ھەپتىلەپ، ئايلاپ يوقاپ كېتىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. بەزىدە ئۆيىگە، ئائىلىسىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يىراقلارغا كېتىپ قالاتتى. ئاستىدىن نېرى بولمايدىغان مېيىپلىق موتسىكلىتى بازاردىكى قايسىبىر ئىدارە - ئورگانلار ئالدىدا كۈن ئاتلاپ تۇرۇپ قالغۇدەك بولسا، كۆرگۈچىلەر: «تۇداخۇن ئېھتىمال يىراق بىر يەرگە سەپەر قىلغان گەپ، بولمىسا ئۇنىڭ ھارۋىسى مۇنچىلىك بويۇن قىسىپ قالمايتتى» دېيىشىپ، ئۇنى بىخەتەر يەرگە يۆتكەپ قوياتتى.

— بىر قورۇدا تۇرۇپ، — دەيدۇ تۇداخۇن، — دادامىلارنى ئايلاپ كۆرەلمەيدىغان چاغلىرىم بولىدۇ. مەن سىرتقا ماڭغاندا ئۇلار تېخى ئېتىزدىن قايتىپ كەلمىگەن. ئۇلار ئېتىزغا ماڭغاندا مەن «سەھەر»نىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان، مانا شۇنداق گەپ. ئاپام رەھمەتلىك

تۇگەپ كەتكىلى يەتتە يىل بولدى. دادام شۇ ئارىدا توققۇز قېتىم پارتىزان شەكلىدە ئۆيلىنىپ، توققۇز قېتىم خوتۇن قويۇپ بوپتۇ. ئۆيىنىڭ بۇ ئىشلاردىنمۇ تولۇق خەۋىرىم يوقكەن. مەھەللىمىزدە مەخسۇس فىرى بويتاقلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇيدىغان بىرسى بولىدىغان. بىر كۈنى ئۇ «ئۆيدە لۆڭگە تۇگەپتۇ، خوتۇن، دىككىدە بازارغا بىرىپ ئېلىپ كېلەيلى» دىسە، ئايالى قويۇپ نىمە دەپتۇ دىمەمسەن: «پۇلنى لۆڭگىگە بىزەپ قىلماڭ، ئاڭلىسام تۇداخۇننىڭ دادىسى يېقىندا يەنە ئۆيلىنىدىكەن، نىكاھىدا لۆڭگە قويىدۇ» دەپتۇدەك ...①

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئېغىزىمغا ئېلىپ بولغان چاينى پۈرقىۋەتتىم. چاي ئۆپكەمگىلا كەتتى. كەيپىيات دىگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. مەن بۇ تەرەپكە كېلىشتىن ئاۋۋال قانداقتۇر بىر ئىشلار سەۋەبىدىن ئازار يەپ، لەيلىمە تۇمان ئىچىدە دىمىقىپ تۇرغان كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. قورسىقىمنىڭ كۆپۈشى، بېشىمنىڭ ئاغرىقىمۇ قويۇپ بەردى. ئىلگىرى مەن ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ بىر قىسىم مۆرەككەپ ئىچكى كېسەللەر، شۇنداقلا كەيپىيات خاراكتېرلىك يىغىندى كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېدىم. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، غەرب ئەللىرى كۈلكە ئارقىلىق ئاغرىق داۋالاشنى خېلى بۇرۇنلا سىناق قىلغان ھەم ئۈنۈمىنى كۆرگەن بولۇپ، ئامېرىكا مەخسۇس «قىزىقچىلار داۋالاش ئۆمىكى»نى قۇرغان. فرانسىيەمۇ ئامېرىكىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆلگە ئېلىپ، كۈلكە چولپانلىرىنى پارىژدىكى نۇقتىلىق دوختۇرخانىلارنىڭ بالىلار بۆلۈمىگىچە ئېلىپ كىرگەن. ستاتىستىكىغا قارىغاندا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى فرانسىيىلىكلەر كۈنىگە تەخمىنەن 19 مىنۇت كۈلىدىغان بولۇپ، ئۇرۇش ۋەھىمىسى، قايتا قوزۇش غېمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى تېزلىشىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئامىللار سەۋەبىدىن ھازىر پەقەت ئالتە مىنۇت

① تۇداخۇن بۇ يەردە پەقەتلا قىزىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۆپچۆرىسىدىلا كۈلەيدىغان، 24% ئادەم كۈنىگە ئارام بىر مىنۇت چاقچاق قىلىشىدىغان، 7% ئادەم مۇتلەق كۈلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئامېرىكىدىكى داۋالاش مەركەزلىرى كېسەللەرنى ئاز مىقداردا نىتروگېن مونوكسىدى دەپ ئاتىلىدىغان كۈلدۈرگۈچ گاز سۈمۈرۈپ بېرىشىنى، فرانسىيە دوختۇرلىرى ھەر كۈنى ئاز دېگەندە يېرىم سائەت كۈلۈپ بېرىشنى داۋالاش كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزگەن. ھىندىستانلىقلارنىڭ يېڭى يىل ھارپىسىدا كىشىلەرنى مەخسۇس «كۈلۈش كۇرسى»غا ئۇيۇشتۇرۇشى، ئامېرىكا ۋاشىنگتوندىكى «كۈلكە رادىئو ئىستانسىسى»، برازىلىيىدىكى «كۈلكە تېلېفونى» ... مانا شۇلارنىڭ ھەنىنىۋاسى كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ مېدىتسىنا ۋە سالامەتلىكتىكى ئىلمىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم.

قايىل بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ كۈلكە ئىچىدە تۆلەپ كېلىۋاتقان مىننەتسىز، تەمەسىز بەدەللىرىگىمۇ قايىل بولۇش كېرەك. تاماكا بىلەن ھاراقنىڭ دۇت كەيپى، دەرىجىدىن تاشقىرى شاۋقۇن، ئېغىر دەرىجىدىكى چارچاش، ئۇيقۇسىزلىق ... مۇشۇنداق مۇھىتتا قېنى كىم ئۇلار بىلەن كۈنلەپ، سوتكىلاپ ئولتۇرۇپ چىدىيالايدۇ؟ ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. شۇڭا ۋايىسمايدۇ. ئۆلۈپ بەرسىمۇ تىك ئولتۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈپ بېرىدۇ. بەدەل تۆلەش ھېسابىغا ئېرىشىدىغىنى نېمە؟ پۇلمۇ؟ پۇلنىڭ گېپىنى قىلساق خاتالاشقان بولىمىز. ئادەم بېشىغا چېچىپ كەلسە ئۈچ يۈەن، بەش يۈەندىن توغرا كەلمەيدىغان تۆت توك ـ توك ئۆرۈم پۇلنىڭ مىننىتىنى قىلساق زادى خاتالاشقان بولىمىز. توغرا، ئۇلارغا پۇلمۇ كېرەك، پۇل بولمىسا، تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە بولمىسا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ چاقچاق قىلالمايدۇ. گەپ دېگەنمۇ كۆڭۈلنىڭ توقلۇقى، تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەملىكىدىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ. لېكىن، بۇ يەردە پۇلدىنمۇ مۇھىمراق بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت. ئۇلار پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھەرقانچە بەدەل تۆلەشتىن،

قۇربان بېرىشتىن يانمايدۇ. سۇيدۇك لەڭگەرلىك ئاغرىدا قىلىچىلار مەرھۇم چاقچاقچى دىلمۇرات سابىرنىڭ تۇگەپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ سائىتى بۇرۇن چاقچاق قىلغانلىقى، ئۇرۇمچىلىك بۇرادەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايون دوختۇرخانىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ دېرىزىسىدىن ئېلىپ قاچقاندا كۈلۈپ تۇرۇپ دوست تارتىشىپ بەرگەنلىكىنى بىز دەۋاتقان ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن دېمەي نېمە دەيمىز. نۆۋەتتە يەنە شۇ كۈچ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن يېڭى قوپقان بىزنىڭ تۇداخۇننىمۇ «ياماق» سېلىنغان يەرنىڭ يېپىنى ئېلىۋېتىشكە ئۇلگۇرمەيلا سورۇنغا ئېلىپ چىقتى.① ئۇ ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزىدىكى بۇرادىرىنىڭ «ئۆي چېيى»نى قىزلاپ قويۇپ بەرگەن ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چاقچاق بىلەن بىر ئاخشام قىزىتىپ بەردى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي 700 يۈەنگە مەخسۇس «سانتانا» بولاپ يېتىپ كەلگەن يىگىتلەر بىلەن قورغاس ئېغىزىغا يۈرۈپ كەتتى.

— ئاڭلىسام، — دەپ چاقچاق قىلدىم تۇداخۇنغا، — پۇلدارلار بىلەن ئەمەلدارلار سورۇنغا بەكرەك چاپىدىغان بولۇپ قاپسەن. بىز سېنى چوڭ بىلىپ يۈرسەك «ئوردا قىزىقچىلىرى»دىن بولۇپ قالمىغىن يەنە.

— ھا ـ ھا...، كەكرىدەك گەپ بولدى بۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ، — ئىشقىلىپ ئادەم ئېيتىپ چاقىرغان يەردىن قېپ باقمىدۇق. ساڭا دېسەم چاقچاقنىڭ مۇڭگۈز ـ پۇتىقى بار كىشىلەردىن تەپ تارتقان، ئېھتىيات قىلغان كۈنى ئۇنىڭ «ئۆلگەن» كۈنى. مەن ھازىرغىچە ئۆلۈپ باقمىدىم، ياشاپ كېلىۋاتىمەن. يەنە تېخى ياشايمەن. سەن بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەنسەن يا ياخشىلىق بىلەن نام چىقار، يا يامانلىق بىلەن. يامان بولساڭ كېلەچەكتە ئەۋلادلار سەندىن ئىبرەت ئېلىپ ياخشى يولغا ماڭىدۇ. ياخشى بولساڭ سەندىن سۆيۈنىدۇ. ھەر ئىككىلىسى بولالمىساڭ، نېمە قىلىسەن بىر نوپۇسنى ئارتۇق ئېگىلەپ، مەن بىر چاقچاقچى بولۇش

① تۇداخۇن 1998 ـ يىلى بۆرەككە تاش چۈشكەن سەۋەب بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىنغان.

سۇپىتىم بىلەن «ئوردا قىزىقچىسى» دېگەن سەت ئاتاقنى ئېلىپ قېلىشنى مۇتلەق خالىمايمەن. چاقچاق ئەزەلدىن ئۇنداقلارنىڭ قازىنىدا سۇ قايناتقان ئەمەس. ئۇلارغا يۈز- خاتىر قىلىپ ئولتۇرغانمۇ ئەمەس. شۇڭا ئۇلارغا ھېيىقماي چاقچاق قىلىۋېرىمەن. ئەمەلدارلارنى ئالايلى: ئۇلارنىڭمۇ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى بولىدۇ. ناۋادا كىبىردىن خالىي ياشاپ ئەھلى پۇقرانىڭ دولىسىغا تۇز تېمىتقان يەرلىرى كۆپرەك بولسا، ئۇنداقلارنى بىزمۇ چوڭ بىلىمىز. چاقچاق ئارقىلىق قەددىنى كۆتۈرۈپ، ھۆرمىتىنى قىلىمىز. ئۇنداق بولماي تۆۋەننى بېسىش، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ قولتۇقىغا سۇ پۈركۈش بىلەن ئۆزى ئۇچۇنلا ياشىغان بولسا، چاقچاقتا يۆلەپ تۇرۇپ ئىچىدىن ئۆپكىسىنى قېقىۋېتەلەيمىز.

توققۇزتارا ئەدىبلىرىدىن ئەنۋەر ناسىرى، ئابدۇخېلىل مىرخېلىللار سۆزلەيدۇ:

— تۇداخۇن چاقچاق ئۇچۇنلا يارىلىپ قالغان ئادەم. ئۇنىڭ تىلى سۇيىگە قانغان شەمشەرگە، ئىنكاسى كىرىچىدىن ئايرىلغان يا ئوقىغا، تەپەككۇر ۋە پىكرى ئالماس زېمىنغا دۇملەنگەن تارىخىي چوڭقۇرلۇققا ئوخشايدۇ. ھېسام قۇربان تارىخنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان كاتتا ئىنئامى بولسا، تۇداخۇن ئىلىنىڭ چاقچاقچىلىق سەنئىتىدە ھېسام قۇرباندىن كېيىن يېتىشىپ چىققان يەنە بىر نامايەندە. بىز ئۆچكىلىك باغرىدىكى خاسىيەتلىك زېمىن تۇغۇپ بەرگەن بۇ يىگىتىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تۇداخۇن بىر يىل 365 كۈننىڭ تەڭ يېرىمىدا دەرۋىشلەردەك بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەردە يۈرسە ئائىلىسى، بالىلىرىنى قانداق بېقىپ كېتىۋاتقاندۇ دېگەندەك ئوشۇقچە خىياللاردا بولۇپ يۈرمەڭ. ئۇ ئۆتكەن زامانلارنىڭ تەركىجاھان دەرۋىشلىرىگە، زامانىمىزنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان «سايىم نوچى»لىرىغا ئوخشاشمايدۇ. تۇرمۇشقا كەلگەندە سىز بىلەن بىزدىن چىڭ. ئۇنىڭدا تاپقان - تەرگىنىنى ئۇۋۇسىدىن باشقا يەرگە توشۇمايدىغان ھەسەل ھەرىسى بىلەن چۇمۇلىنىڭ روھى بار. ئائىلىسىگە قەۋەتلا سادىق سۆيۈملۈك «قارا خوتۇن» ئۇنىڭ ئەكەلگەنلىرىنى دەسسەپ - چىڭداپ،

www.uyghurkitap.com

پوكوڭنغا بىسىپ تۇرىدۇ. بىرسى تىنىم تاپماي تاپىدۇ. يەنە بىرىنى يىغىدۇ، ساقلايدۇ. قالايمىقان بۇزۇپ ـ چاچمايدۇ. يىغىش بىلەن ساقلاش بۇ ئائىلىنىڭ ئۆمۈرلۈك پەلسەپىسى، يىغىشنىڭ گىپىنى قىلساق «چىۋىن مەخسۇم»غا ئوخشىتىپ يۈرمەڭ يەنە. مۆرىتى كەلسە تاپقانلىرىنىڭ سەدىقىسىنى، ئۆشرە ـ زاكىتىنى كەم قىلمايدۇ. يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. ئاجىزلارنىڭ ھالىنى سورايدۇ.

«ھاجىكا، يېتىم بالىدىن جىق ئەمەس ئوننى بېقىۋالايمىكىن دەۋاتىمەن.

ـــ قانداق بولۇپ بۇ خىيالغا كېلىپ قالدىڭ؟

ـــ ئۆزىمىزنىڭ مۇڭى، ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسى بىلەن ئۆتۈپ كەتسەك بۇ جاھاندا ياشىغانىنىڭ تازا مەنىسى بولمايدىكەن. ئاز ـ تولا بولسىمۇ كەچكەن ساي، ئاشقان داۋانلىرىمىزدا ئىزىمىز قالسا، جەمئىيەتكە چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ھەسسە قوشۇپ قويساق دەيمىزغۇ.

ـــ تۇداخۇن ئىنىم، ئىرادەڭگە بارىكاللا. يېتىملارنىڭ ئىشىنى مەن قىلاي، ئىككى بالاڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىنىڭمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن قالتىس ھەسسە قوشقىنىڭ. ھازىرچە بۇنىڭدىن باشقىسىنى ئويلىما.»

مانا بۇ يېتىملارنىڭ ئاتىسى نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر بىلەن چاقچاقچىمىز ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان پاراڭنىڭ ئەينى خاتىرىسى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلغىنى يوق. ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى، كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بار. ئاز قالدى، «قارا خوتۇن» پوكوڭنغا بىسىپ يىغىپ كېلىۋاتقان «دۇنيا»نىڭ سانى مەلۇم چەككە يەتسە، ئۇ بۇنى چوقۇم قىلىدۇ، قىلالايدۇ. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چاقچاقلىرى بىلەن كۆلدۈرۈپ كەلگەن بولسا، يېتىملارنىڭ كۆڭلىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆلدۈرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىگە نۇر ئاپتاپ سېپەلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ھەق ئىگىسى ئۇنىڭ تاپقانلىرىنىڭ بەرىكىتىنى ھەسسىلەپ بەرگەن. ھازىر ئۇ 140 مىڭ يۈەن خەجلەپ خېلى ـ خېلى ئەركەكلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كاتتا ئىمارەت سېلىۋالدى. 475 مىڭ يۈەنگە پۈتۈپ بۇزۇلمىغان 36 كىشىلىك يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ،

توققۇزتارا بىلەن ئۇرۇمچى ئارىلىقىغا سېلىپ قويىدى. يۈز مو يەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ، 13 مىڭ تۈپكە يېقىن كۆچەت تىكىپ قويىدى.①

ئاستىدا يەنە 40 مىڭ يۈەنلىك تۇرمۇش ماشىنىسىدىن بىرى بار بولۇپ، «قاققان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈچلىرى» ھېچكىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ئۇ يەنە زامانغا لايىق ياشاش ئىستىكىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ قانۇنچىلىق كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكوم دىپلومىنى ئېلىۋالدى. بىر مەزگىل ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللاندى. جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، نىكاھ ماجىرالىرىغا چېتىلىدىغان تۆت پارچە دېلونىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلىقىنى ئىشلىدى. ئۇ ئادۋوكاتلىق قىلغان كۈنلىرىنى ئەسلەپ: «بىر جىنايەتچى ئەسلىي ھۆكۈمدە مۇددەتسىز كېسىلەتتىكەن، مەن ئاقلاپ ئېتىلىدىغانلا قىلىپ قويدۇم» دەپ، چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ يۈرىدۇ تېخى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۇداخۇننى مېيىپ، ئاجىز دەپ كەمسىتكۈچىلەر مۇنىڭدىن كېيىن كاللىسىنى سىلكىۋەتسۇن. ئۇ ماڭا:

— تېنى بىجىرىم، يەتتە ئەزايى ساق، ئۆيىگە كىرسە قاچا بوشىتىش، تالاغا چىقسا كوچا چىڭداشتىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان تەيمە ھالال كىشىلەرگە بەكلا ئېچىنىمەن. ئۇنداقلارنىڭ ھەممىسى نېمىشقىكىن كۆزۈمگە مېيىپتەكلا كۆرۈنىدۇ، — دەيدۇ.

ساماۋى كىتابلاردا تەپەككۇرنىڭ رولى بەكرەك تەكىتلەنگەن. ھەممىدىن قورقۇنچلۇق، ھەممىدىن خەتەرلىكى تەپەككۇر مېيىپلىكى. ئۇ بىزنى نەگە ئېلىپ بارىدۇ؟ كەم - كۈتىسىز دوزاختا. ئەسلىدە دوزاخ سەن بىلەن بىزنىڭ چۈشىدىغان جايىمىز ئەمەس ئىدى ... تۇداخۇن ئېغىر تىندى. مەنمۇ ھەم شۇ. تۇن يېرىمىغىچە داۋاملاشقان سۆھبىتىمىزنىڭ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرگە ئۇلىنىپ كېتىشىنى خالىماي، سىرتقا ھاۋا يېگىلى چىقتۇق. توققۇزتارانىڭ ئايدىڭ ئاخشىمى — نەقەدەر گۈزەل، سېھىرلىك كېچە بۇ! ئاي نۇرىغا بۆلۈنگەن زېمىن. سۆيۈملۈك، يېقىملىق، چىرايلىق زېمىن، بۇ يەرنىڭ

---

① ئاپتوبۇس بىلەن يەرنى شېرىك سېتىۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كىچىلىرىمۇ كۈندۈزگە ئوخشاش مۇھەببەتكە تولغان، گويا ئاشىقلار ئۈچۈنلا يارىلىپ قالغاندەك. ئەسلىي بۇ يەر ئاشىقلار زېمىنى ئىدى. ناخشا، سۆيگۈگە باغرى قانمايدىغان، ھېلىمۇ ھەم شۇ. ئەنە يىراقلاردىن، ئويغاق، مۇھەببەتلىك زېمىنىنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭلىرىدىن سۆيگۈگە تەشنا ئاشىقلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كەلمەكتە:

تاغقا چىقتىم بىر كۈنى،
ئېتىپ چۈشتۇم تۈلكىنى.
خەپ، خۇدايىم بۇيرىسا،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى،
سۆيۈشەرمىز بىر كۈنى ...

## تۇداخۇن روزەم چاقچاقلىرى

### تەسەللى بېرىش

تۇداخۇننىڭ ئورۇقتىن - ئورۇق بىر ئاغىنىسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. تۇداخۇن يوقلاپ كىرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

— نېمە كېسەلكەنسەن؟

— ئىشقىلىپ ...، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ ئاغىنىسىنىڭ، — ئىچكى ئەزالىرىمنىڭ چاتىقى خېلى بار ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ بۆرەك بىلەن يۈرەكنىڭ.

— ئا ...، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ تۇداخۇن ئۇنىڭغا، — سەن بىلەن بىزنىڭ ئاتتەك يۈرىكىمىز بولغىنى بىلەنمۇ مۇشۇ بەستىمىزدە كىمنى ئۇرالايمىز. ھېسىپچىلارنىڭ ئالدىغا بارساڭ بۆرەك ئۈچ كوي، يۈرەك بەش كوي، خاتىرجەم ياشاۋەر.

## پۇلغا قىزىقىپ

تۇداخۇن قارامايغا بېرىپ كاتتا بىر چايغا داخىل بولۇپ قاپتۇ. چايدا شۇنداق ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغۇسى بارئىكەنۇ، ئۆزىنى گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى دەپ تونۇشتۇرغان تازىمۇ پوپاڭ بىر ئاداش ھە دېسىلا سورۇننى بېشىغا كىيىپ، گەپكە زادىلا قوناق بەرمەپتۇ. تۇداخۇن خېلىغىچە چىداپ ئولتۇرۇپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭمۇ سەۋر - قاچىسى تېشىپتۇ:

— ماڭا قاراڭلار ئاداش، — دەپتۇ ئۇ مۇخبىرغا، — مۇخبىر دېسە ئالدى - ئارقىسىنى كېڭىشىپ يۈرىدىغان خېلى كاتتا كىشىلەرمىكىن دەپ يۈرەتتىم. سىلەرمۇ چاغلىقكەنسىلەر. مۇخبىر دېگەن سىلەرگە ئوخشاش گەپنىڭ تاتلىقىنى پۇلغا قىزىقىپ گېزىتكە سېتىۋېتىپ، ساپلا لاۋزىسى بىلەن قالىدىغان ئوخشايدۇ.

ھېلىقى ئاداشنىڭ زوۋانى ئۆچۈپتۇ.

## تۆگىنىڭكىنى يەپ

ھېسامكام «چولپان رېستورانى»دا تاماق بۇيرۇتۇپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە تۇداخۇن كىرىپ قاپتۇ. ھېسامكام قائىدە بويىچە ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ:

— كېلە، بىللە يەيلى.

— ياق.

— بۆرەك كاۋىپى بۇيرۇتۇپ قويدۇم، دەيمەن.
— زوقۇم يوق.
— ئەخمەق، — دەپتۇ ھېسامكام، — بۆرەك يېسەڭ بۆرەكچىڭگە، يۇرەك يېسەڭ يۇرىكىڭگە پايدىسى بار.
— ئۇنداق يېرى بولسا، — دەپ چاقچاق قىپتۇ تۇداخۇن ھېسامكامغا، — پاچاق يەپ پۇتۇڭنى تۈزلىۋالساڭ بولمامدۇ؟
ھېسامكامۇ بوش كەلمەپتۇ:
— تۆگىنىڭكىنى يەپ ئۇزارتىۋالامسەن ـ يا؟

## ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن

تۇداخۇن مەھەللىسىدە بولغان بىر ئىشنى چاقچاققا يۆلەپ، مۇنداق لەتىپە توقۇپ يۈرىدۇ:
— ئادەت دېگەنمۇ ھەر قىسما بولىدىكەن، — دەيدۇ ئۇ، — مەھەللىمىزدە ئابدۇكېرىم دەيدىغان بىرەيلەن بار بولۇپ، ھەر ئىككى گېپىدە «ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن» دېگەن گەپنى قوشۇپ دېمىسە، قىلغان گېپىنىڭ مەززىسى يوقتەك ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنى بازاردا ئۇچرىتىپ قېلىپ: «ئابدۇكېرىمكا، بۇياققا ئۆتۈپ قاپسىزغۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، شۇ يەردىلا: «ھەئە، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن كۆرەي دەپ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاشخانىدا كۆرۈپ قالسىڭىز «قاراڭ ئۇكام، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن يېگۈم كېلىپ» دەيدۇ.
بىر كۈنى قانداق بولغان ئاساسىي قاتلام خادىملىرى نوپۇس ئىنىقلاپ ئۆيلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قاپتۇ. يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل خادىم ئابدۇكېرىمكامدىن سوراپتۇ:
— ئىسمىڭىز نېمە؟
— ئابدۇكېرىم.
— ئائىلىڭىزدە نەچچە جان بار؟
— سەككىز.

— بالا قانچە؟

ئابدۇكېرىمكام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئالتە.

## تەتۈر

تۇداخۇن سىرتقا ماڭسىلا ئايالىنىڭ كۇنداشلىقى تۇتۇپ قالىدىغان قىلىقى بار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ شەھەرگە كىرىپ كېتىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. قېرىشقاندەك قايتىپ كەلگەندە قارىسا پوپايكىسى تەتۈر تۇرغۇدەك. قاچان، قەيەردە، قانداق بولۇپ تەتۈر كىيىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن.

— بۇنى ماڭا چۈشەندۈرىسىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئايالى.

— ئىللا - بىللا، خوتۇن، — دەپ قەسەم ئىچكۇدەك يەرگە يېتىپتۇ تۇداخۇن.

— كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ، — دەپتۇ ئايالى بوش كەلمەي.

— نېمە قىلىسەن؟

— كۆرىمەن، تەكشۈرىمەن. يەنە قانچە يېرىڭىز تەتۈركىن.

## پو ئېتىش

تۇداخۇن نۆۋەتتە خېلى كېلىشتۈرۈپ پو ئېتىپمۇ قويىدىكەن. بىر كۈنى ئاغىنىلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىپ، قورۇسىنىڭ ئارقا تېمىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان باغ ئىچىدىن تېپىۋاپتۇ.

— مۇشۇ بويۇڭ بىلەن، — دەپ چاقچاق قىپتۇ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا، — قورقماي چاتقاللار ئارىسىدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— خوتۇن دېگەن جۇۋاينىمەكنىڭ خاپىچىلىقى بولمامدۇ، — دەپ پو ئېتىپتۇ تۇداخۇن، — يوقىلاڭ ئىش بىلەن سەپرايىمغا تېگىپ قويىدى. چىرايلىق گەپ قىلسام ئاڭلار ئەمەس. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ھېلىمۇ ياخشى ئوڭ تەرىپىدە ئۇرۇپ قويماپتىمەن، قولۇمنىڭ دۇمبىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويۇۋېدىم، شۇنداق قارىسام يوق، مۇشۇ باغ تەرەپكە ئۇچۇپ چۈشتىمىكىن دەپ، ئىزدەپ يۈرۈشۈم.

## نەق سان

تۇداخۇنلارنىڭ مەھەللىسىدە تازىمۇ بالىجانلىق بىرەيلەن بار بولۇپ، خېمىر يۇغۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا بىردىن بالا تېپىپ، ئۆيىنى بالىغا كۆمۈپلا قويۇپتۇ. يۇقىرىدىن يۆلەشكە چۈشكەن كادىرلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەچ سوراپتۇ:

— قانچە بالىڭىز بار ئاقساقال؟

— توققۇزتارادىكىسىنىلا ئېيتايمۇ، يا ...؟ — دەپتۇ ئۇ.

— تېخى بۇنىڭدىن باشقىسىمۇ بارمىتى، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ ئۇلار، — قېنى دەۋېرىڭ.

— نەق ساننى ئالىمىز دېسەڭلار، — دەپ ھېساب كۆرسىتىپتۇ دېھقان، — ئەل ئايىغى بېسىقاندىراق ئۆيگە كېلىڭلار.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— شۇ چاغدا بالىلارنىڭ ھەممىسى يوتقانغا كىرىپ بولىدۇ، — دەپتۇ، — ئايىغىغا قاراپ ساننى ئېلىۋالمىساڭلار مەنمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن.

## «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى»

ھاراق دېگەن نىجىستا خۇشال كەيپ بولىدىغانلارمۇ، ئوسال كەيپ بولىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. تۇداخۇن يىراق بىر يېزىغا ئولتۇرۇشقا بېرىپ شۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئولتۇرۇش قىزىپ، چاقچاق تازا داۋاملىشىۋاتقاندا ئېغىر كەيپ بولۇۋالغان شۇ يەرلىك بىر ئاداش سورۇنغا ئىگىز - پەس دەسسەپ كىرىپ كەپتۇ - دە، دۈملا چۈشۈپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مېھمانلاردىن بىرەرسى سىرتقا

ئاچىقىۋېتىشنىڭ گېپىنى قىلىپ قويسا، ئاغىنىلىرى قوپۇپ: «بۇ دېگەن <ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۆلى>، مويىغا چىقىلىشقا بولمايدۇ» دەپ تۇرىدىكەن.

خەيرىيەت، شۇ كۈنى «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۆلى» مېھمانلار بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قاپتۇ. تۇداخۇن تاق يېرىم كېچە بولغاندا ئۇستىگە چاچراپ چۇشۇۋاتقان سۇغا ئوخشاش ئىللىمان سۇيۇقلۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئاداش ئىشتىنىنى تۆۋەن سىيرىۋېتىپ، قويۇپ بېرىۋاتقۇدەك. تۇداخۇن چاندۇرماي «جۇمەك» بار تەرەپنى شۇ يەرلىك باللار ياتقان تەرەپكە بۇراپ قويۇپتۇ. ئۇستۇۋېشىغا چۇشۇۋاتقان ئالامەتتىن ئەندىكىپ كەتكەن باللار دەماللىققا نېمە ئىشلىقىنى ھېس قىلالماي ۋارقىراپ ساپتۇ:

— بۇ ... بۇ ... نېمە كارامەت ئۆزى؟

— شۇك يېتىش، — دەپتۇ تۇداخۇن ئۇلارغا قاراپ، — «ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۆلى» «غۇنچىلىرى»غا سۇ سېپىۋاتىدۇ.

## دەپتىمەن

ئىنسان ئەمەسمۇ، بازار دېگەندە «قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتىدىغان» ئىشلارنى يەنىلا يوق دېگىلى بولمايدىكەن.

تۇداخۇن بىر يازلىقى ئۇرۇمچىگە بېرىپ، دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا بىر باققالنىڭ تىلىپ ساتىدىغان قوغۇننى يەپ قاپتۇ. «قوغۇنۇڭ ئەرزان» دەپ تۇۋلايدىكەنۇ، تىلىپ چىقارغان قوغۇنلىرىدا لاپ ئەمەس كۈن كۆرۈنىدىكەن. تۇداخۇن بىر تىلىم بىلەن بولدى قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىن يەنە بىر تىلىم تىلىۋېتىپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئۇستام؟ — دەپ سوراپتۇ تۇداخۇن.

— نېمە قىلاتتىم، — دەپ گۇركىرەپتۇ ئۇستام تۇداخۇنغا، — سىلىگە ئوخشاش ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، تىلىۋاتىمەن.

— ئۇنداق يېرى بولسا خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ ئۇ، — مەن تېخى

قوغۇننى قىرىۋاتامدىكىن دەپتىمەن.

## ئارپىلىقتا ئامانەي

بەزى ئاياللار ئارىسىدا بىر مەزگىل سېرىق يۇمۇر سۆزلەش مودا بولۇپ كېتىپتۇ. تۇداخۇن كىملەرنىڭدۇر يەل بېرىشى بىلەن شۇنداق سورۇنلارغا بىرقانچە قېتىم كىرىپ قېلىپ، ياقىسىنى چىشلەپ قاپتۇ. ئۆزىگە ئوخشاش بىلىپ ـ بىلمەي كىرىپ قالغان يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداق جاھان بولۇپ كەتتى ئۇكا بۇ؟

— قانداق بولاتتى، — دەپتۇ تۇداخۇن:

ئارپىلىقتا ئامانەي،
بۇغدايلىقتا سامانەي.
خورازلىرى جىم يېتىپ،
مېكىيانلىرى ئۈن قېتىپ،
چىللاپ يۈرگەن زامانەي، — دېگەن شۇ.

## بىر كەسىپ

بىر كۈنى بىر دىۋانە تۇداخۇننىڭ هويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ ـ دە، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ:

— ئامىن ! — دەپتۇ.

دىۋانە «ئامىن» دېيىشى بىلەن تەڭ تۇداخۇن قولىنى دۇئادىن چۈشۈرۈپ بوپتۇ.

— ئاللاھۇئەكبەر.

بۇنى كۆرگەن دىۋانە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇداخۇندىن سوراپتۇ:

— سىلىمۇ مۇشۇ كەسىپنى قىلامىلا، تەقسىر؟

## ھەجىڭ قوبۇل بولمايدۇ

تۇداخۇن توي قىلىپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلىۋەتمەي كۈنىگە نەچچە رەت يوقلاپ تۇرىدىكەن. تاپسا ئاز ـ تولا بىر نەرسە ئېلىۋالىدىكەن. تاپالمىسا قۇرۇق قول بېرىۋېرىدىكەن. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قولى پۇلدىن ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۇدا بىرقانچە قېتىم قۇرۇق بېرىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دادىسى تۇداخۇنغا:

— بالىموي، ئىشىك يوقتەك كۈندىلا كېلىسەن، قۇرۇق كېلىپ قاچا بوشىتىپ چىقىپ كېتىسەن. قاچانغىچە باقىمىز سېنى؟ — دەپتۇ.

— دادا، — دەپتۇ تۇداخۇن، — مەككەمۇ سىلەر، مەدىنەمۇ سىلەر. مەن بۇ يەرگە يەپ ـ ئىچكىلى ئەمەس، «ھەج» قىلغىلى كېلىمەن.

— مۇنداق قۇرۇق كېلىۋەرسەڭ، — دەپتۇ دادىسى، — «ھەجىڭ» قوبۇل بولمايدۇ.

## مەسىلە

بىر سورۇندا چاسىنچە كىيىنگەن ساقچى قەستەنگە تۇداخۇننىڭ چىشىغا تېگىپتۇ:

— چاقچاقلىرىڭدا مەسىلە بار، — دەپتۇ ئۇ.

— بىز ئەزەلدىن مۈڭگۈز ـ پۇتىقى بار چاقچاقلارنى سورۇنلارغا كۆتۈرۈپ كىرىپ باقمىغان، — دەپتۇ تۇداخۇن، — سەن دەۋاتقان «مەسىلە» چاقچاقلىرىمدا ئەمەس، ئۆزۈڭدە باركەن.

— سېنى، — دەپ قوقاق ساپتۇ ساقچى، — تۈرمىگىلا سولىۋېتىدىغان نېمىكەنسەن.

— تۈرمە دېگەنگىمۇ، — دەپتۇ تۇداخۇن، — يەتتە ئەزايى ساق، ئەمگەك قىلالايدىغانلارنى ئالىدۇ. يېرىم كېچىدە قورساقنىڭ خەقىشىنى قىلىپ، بۇلماق يەيدىغان نارەسىدىلەرنى ئالىدىغانغا ساراڭ ئەمەستە ئۇلار.

— گېپىڭ بەكلا يوغانغۇ. تۈرمىگە ئېلىپ تاماق بەرمىسەم قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلىسەن؟

— بىر شەرتىم بار. شۇنى ئورۇندىساڭ، تۇرمەڭدىمۇ يېتەلىسىمەن.

— شەرتىڭنى ئېيت؟ — دەپتۇ ساقچى.

— مەن بىلەن قوشۇپ مېكىياندىن بىرنى سولاپ قويىسەن، — دەپتۇ تۇداخۇن.

— سولاپ قويساق قانداق قىلماقچى؟

تۇداخۇن دەپتۇ:

— مېكىيان تۇغىدۇ، مەن يەيمەن، مەن تەرەت قىلىمەن، مېكىيان يەيدۇ.

## بوۋاينىڭ يىغىسى

تۇداخۇن «ناۋا» ئانسامبىلى تەركىبىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئويۇن قويغىلى چۈشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزا مۇھىتىنى كۆرگۈسى كېلىپ، مەھەللىلەرنى ئايلىنىپتۇ. قانداق بولغان بىر دوقمۇشقا كەلگەندە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان ئاپئاق ساقال بىر بوۋايغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ.



كىچىكىدىن چوڭلارنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسە تۇرالمايدىغان تۇداخۇن بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— بوۋا، سىلىنى بىرەرسى رەنجىتتىمۇ؟

— دادام ئۇرۇپ ...، — دەپ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ بوۋاينىڭ.

— نەچچىگە كىردىلە؟

— 97 ياشقا.

تۇداخۇن ھەيران قاپتۇ. بالىسى مۇنچىلىك، ئۇنى ئۇرغان دادىسى قانچىلىك بولغىيتتى؟ قانداقتۇر بىر قىزىقىش، كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى ئۇنى بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. راست دېگەندەك بېرىپ قارىسا ئۇنىڭدىنمۇ قېرى، دۈمچىيىپ قالغان بىر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ ھويلىسىدا تۇرغۇدەك، تۇداخۇن بېرىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

— بوۋا، ئوغۇللىرىنى نېمىشقا ئۇردىلا؟

بوۋاي ئاچچىقى بىلەن تۇداخۇنغا دەپتۇ:

— دادامنى رەنجىتىپتىكەن، ئۇردۇم ...

[General Information]
书名=开心茶社　（一）　维吾尔文
SS号=40219775